داۋۇت مەتنىياز

# تاختا كۆۋرۈك

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-08648-1
9 787228 086481 >

ISBN 7-228-08648-1
（民文）定价：12.00元

15
1247.8
14

داۋۇت مەتنىياز

# تاختا كۆۋرۈك

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

木板桥/达吾提·买提尼牙孜 著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.3
ISBN 7-228-08648-1

Ⅰ.木… Ⅱ.达… Ⅲ.①故事—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1247

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 014814 号

责任编辑:孜来哈·艾则孜
责任校对:阿尔孜古丽·克力木
封面设计:艾克拜尔·萨力

木板桥 (维吾尔文)

达吾提·买提尼牙孜

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 8.25 印张
2004 年 3 月第 1 版 2004 年 3 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-08648-1 定价:12.00 元

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تاختا كۈۋرۈك ........................................ 1

خەيرىنسا ........................................ 93

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاختا كۆۋرۈك

## بىرىنچى باب

جەنۇب تەرىپى ئاچا ئېرىق كەتتىنىڭ ئېتىز ـ قىرلىرىغىچە سوزۇلغان، شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرى تەكلىماكان چۆلىنىڭ كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بوزلۇقتا ئىككى ئادەم قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قىرىق ياشلاردىكى سېرىق چىراي كىشى، يەنە بىرى ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بورۇتلۇق يىگىت ئىدى. ئۇلار ياتناق، قومۇشلار بىلەن قورشالغان دۆڭگە يامىشىپ چىققاندا، تاسقالغان ئوندەك يۇمشاق توپىغا ئوشۇقىغىچە پېتىپ كەتتى. سېرىق چىراي كىشى دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى گۈپپىدە تاشلاپ، ئاياغلىرىنىڭ بوغۇچىنى يەشكىلى تۇردى:

ــ سىزمۇ سېلىۋېتىڭا، ئۇكام، ــ دېدى ئايىغىنىڭ ئىچىدىكى توپىنى تۆككەچ، ــ قۇملۇقتا يالاڭ ئاياغ مېڭىش راھەت.

ــ سېلىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك، ئايىغىمنىڭ ئىچىگە توپا توشۇپ كەتتى.

ئۇلار پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ پۇچقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈپ دۆڭدىن سىيرىلدى. يىگىت ئۆزىنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. قۇم ئۇنىڭ تاپىنىنى غىدىقلىماقتا ئىدى. ئۇ يىڭىدىن بىر ئەرمەك تېپىۋالغان كەپسىز

بالىدەك پۈتىنى قۇمغا پاتۇرۇپ، پۈتىنىڭ دۇمبىسىگە يېپىشقۇالغان توپىنى تېپەشلەيتتى.

— توپا سورىغلى تۇردىڭىزغۇ، مېنى چېلىشقا چىللاۋاتمايدىغانسىز.

— ياقەي، مۇنداق مېڭىش بەك كۆڭۈللۈككەن.

— ساغلاملىققىمۇ پايدىلىق دەڭا. بۇ يەردىن ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقمىغان كىشلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قارايدىغان بولسىڭىز قوللىرى قاداق، پۈتىنىڭ سونجىقى چاك - چاك يېرىلغان، چىرايى ئاپتاپتا قازاندەك قارايغان، ئەمما تېنى شۇنداق ساغلام. ئۇلار توپىلىق يولدا يالاڭ ئاياغ مېڭىۋېرىدۇ. ئىتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى يالاڭ ئاياغ يۈرۈپ قىلىدۇ. يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرى، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىمۇ ئۇلارنى قورقۇتالمايدۇ. لېكىن، سىلەر شەھەرلىكلەر دېھقانلارغا ئوخشىمايسىلەر. تېنىڭلار بەستلىك، چىرايىڭلار پارقىراق تۇرغىنى بىلەن ئازراقلا ئىسسىق - سوغۇقنى كۆرسەڭلار بېشىڭلارغا ئاغرىق تېگىدۇ. ھەتتا شۇنچىكى يامغۇردا قالساڭلارمۇ بۇرنۇڭلارنىڭ پوتلىسىنى ئېرىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، دوختۇرخانىغا بارىسىلەر. دېھقانلارنىڭ سىلەرنى «سايىدا قالغان مايسا» دېگىنى بىكار ئەمەس.

سېرىق چىراي كىشى سۆزلىگىنىچە ئېگىز بىر دۆڭگە ياماشتى. يىگىتمۇ ئۆزىنىڭ «سايىدا قالغان مايسا» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئۇنىڭدىن قېلىشماي يۈگۈردى. ئەمما ئۇ خېلىلا ئارقىدا قالغانىدى. «مەن راستتىنلا سايىدا قالغان مايسا ئىكەنمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ھاسىراشلىرىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ.

— پاسىلىنى مەشەدىرەك توختىتايلى، دۆڭلۈكنى تۇزلەپ بولۇش ئاسان ئەمەس، — سېرىق چىراي كىشى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قۇم دۆۋىلىرىگە قولىنى چىنەپ تۇرۇپ

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەشەدىن مۇشۇنداق قاپساپ ئاۋۇ يانتاقلىق دۆڭنىڭ باغرىغا ئۇدۇل توسما سوقساق، ئىككى يۈز مودىن ئارتۇق بوز يەر ئۆزلەشتۇرەلەيمىز.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى بۇرۇتلۇق يىگىت نەپسىنى سەل رىتىمىغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، — قۇملۇقتا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى دۆڭلەر زىچكەن. ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي قالسا، سوغۇق چۈشكۈچە ئىشنى پۈتتۈرەلمەي قالارمىز.

ئۇلار كېيىكتەك تاقلاپ دۆڭدىن چۈشتى. «ناۋادا ئىككى يۈز مو بوز يەر ئاچالىساق، ئەللىك مو يەرنى كەنتتىكى نامراتلارغا ھەقسىز بۆلۈپ بېرىپ، قالغىنىنى تېگىشىچە ئەرزان سېتىپ بېرىمىز» . . . بۇرۇتلۇق يىگىت شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ھەمراھىغا سەپسالدى. سېرىق چىراي كىشىمۇ قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە چوت سوقۇۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە كېتىپ باراتتى.

كەنتكە يېقىنلاشقاندا، سېرىق چىراي كىشى بايا كەلگەن ئىزىدىن چەتنەپ شەرق تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە:

— ماۋۇ تەرەپتىن ماڭايلى، — دېدى چىرايىغا مەنىلىك تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ.

ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر دۆڭدىن ئارتىلىپ چۈشكەندە، يېقىنلا يەردىكى ئۆيماندا ئالىبۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ تېرىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئوتتۇز مودىن ئارتۇق بىنەم يەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. يەرنىڭ تۆت ئەتراپى جىگدە، سۆگەت دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان. دۆڭنى يانداپ ئېلىنغان ئەگرى - بۈگرى ئېرىقتىن سۇ لايىقىپ ئېقىپ باراتتى. ئېرىقنىڭ ئىككى قاسنىقىنى خوخا، يانتاق ۋە قومۇشلار پۈركۈۋالغانىدى. ئۇلار ئېرىق ياقىلاپ بېرىپ جىگدىلىك ئارىسىدىن ئېگىشىپ ئۆتتى - دە، بىنەم يەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەلدى. يەرنىڭ بىر

قىسمىغا بېدە، بىر قىسمىغا كېۋەز تېرىلغانىدى. بېدىلىكتە يوغان بىر سېرىق كالا باغلاقلىق تۇراتتى. ئادەمنىڭ بىلىكىدەك تەكشى بوي تارتقان سەگۋە تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى شامالدا يەڭگىلغىنا يەلپۈنەتتى. ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن تاڭ ـ تۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

— ئادەم باردەك قىلىدۇ.

— قاراپ باقايلى.

ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئورمانلىقتا ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت شاخ چاتاۋاتاتتى.

— كىمكەن دېسەك، ئەخمەتجان مۇئەللىمكەنغۇ بۇ، — دېدى سېرىق چىراي كىشى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.

— ئوسمان شۇجىنىڭمۇ بۇ يەرگە قەدىمى يېتىپ قالىدىكەن ـ ھە!

— ماۋۇ ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۇكىمىز بىلەن قۇملۇقنى ئايلىنىپ كېلىۋىدۇق، — دېدى ئوسمان شۇجى يېنىدىكى بۇرۇتلۇق يىگىتنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ.

ئەخمەتجان بۇرۇتلۇق يىگىتكە قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ساۋاقدىشى ئابدۇكېرىم قاراپ تۇراتتى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا يېقىن دوست ئىدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەخمەتجان ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىگە، ئابدۇكېرىم ئۈرۈمچىدىكى قايسىدۇر بىر مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭدى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىر ـ ئىككى قېتىم ناھىيە بازىرىدا ئۇچرىشىپ قالغاندىن سىرت، يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ تۆرىدە بىر ـ بىرىنىڭ سىيماسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، خىزمەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىزدىشەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى تەقدىر ئۇلارنى ئويلىمىغان يەردە يۈز كۆرۈشتۈردى.

www.uyghurkitap.com

— مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ئوسمان ئابدۇكېرىمگە قاراپ.

— ۋاي، بۇ ئابدۇكېرىمكەنغۇ! — ئەخمەتجان قولىدىكى تۇۋەرۈنى چۆرۈۋېتىپ ئالدىراپ - تېنەپ ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككىيلەن خۇشاللىقىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەسلىدە تونۇشىدىكەنسىلەر - دە.

— ساۋاقداش تۇرساق.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرسەن؟ — ئابدۇكېرىم ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى.

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ دېگىنە، سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ياز كۈنلىرى مېۋىلەر مەي باغلاپ كەتكەندە چىللىساممۇ كەلمەيسەن، ئەمدى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدۇڭغۇ.

— ئەمدى كەلسەم قارشى ئالمامسەن؟

— قويە گېپىڭنى، قاچانلا كەلسەڭ قولۇم كۆكسۈمدە. يۈر، ئۆيگە بارايلى، يىراق ئەمەس.

— ئۆيۈڭگە بارىدىغان پۇرسەت ئالدىمىزدا تولا.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بىردەمدىن كېيىن غىپپىدە تىكىۋېتەرسەن.

— كەتمەيمەن، مۇشۇ كەنتكە ئىككى يىللىق خىزمەتكە كەلدىم.

— ياخشى بوپتۇ، سېنى زېرىكتۈرمەيمىز.

— بۇ ئورمانلار سېنىڭمۇ؟

— بىر قىسمى بىزنىڭ، — ئەخمەتجان قولىنى ئورمانلىقنىڭ نېرىسىغا چىنەپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاۋۇ ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپى باشقا قوشنىلارغا قاراشلىق. تۆت يىلنىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن، بىر نەچچەيلەن بىرلىشىپ ئاچقاندۇق. بىر قىسمىغا زىرائەت تېرىپ، قالغىنىغا

ئۇن بەش يىللىق توختام بىلەن ئۇرمان سېلىنۋالدۇق.

— يۇرە ئاداش، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى.

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن كالىنى ئەكېلىۋالاي. — دېدى، ئەخمەتجان.

ئەخمەتجان بېدىلىكتە كۆشەپ ياتقان سېرىق كالىنى يېشىپ كەلدى. كالىنىڭ قورسىقى سامان تىققان تاغاردەك تومپىيىپ چىققاندى. ئۇلار بىنەمدىن قايتقاندا ئالدى تەرەپتىن بىر ياۋا توشقان چىقىۋىدى، كالا ئۈركۈپ كېتىپ، ئەخمەتجاننى ئىككى قەدەمچە يەرگە سۆرەپ كەتتى. ئۇچەيلەن بۇنىڭدىن كۈلۈشۈپ، پاراڭلاشقاچ يوللىرىغا راۋان بولۇشتى.

ئەسىرلەر بويى شېرىن چۈش ئىلكىدە بېكىنىپ ياتقان قۇملۇق ئاچا ئېرىقلىق ئەزىمەتلەرنىڭ پولات كەتمىنى ئاستىدا ئىڭراپ ئويغاندى. كەنت تەۋەسىدىكى بارلىق ئەرلەر بۇ يەرگە جەم بولۇپ، ئەمگەك قاينىمىغا شۇڭغۇغاندى. ئۇلار ئارىسىدىن هايات مۇساپىسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تاماملاپ بولغان ئاق ساقاللىقلارنىمۇ، هاياتىي كۈچــــى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بەرنا يىگىتلەرنىمۇ، تېخى كەتمەننىڭ سېپىدا قوللىرى تاۋلىنىپ ئۈلگۈرمىگەن ياشلارنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بىرلىرى ئېشەك هارۋىسىغا توپا ئۇسسا، بىــــرلىــــرى قاچانلاردىدۇ كىشىلەرنىڭ قۇم ئاستىدىن سىغىــــز كولىــــغان چوڭقۇر ئورەكلەرگە توپا تاشلىماقتا ئىــــدى. ئېشەك هارۋىلىــــرى قۇملۇقنىڭ باغرىدا خۇددى پويىزنىڭ رېلىسلىرىدەك ئىزلارنى قالدۇرۇپ هەريان يورغىلىشاتتى. بۇ يەردە كەتمەننىڭ سېپىغا تايىنىپ تۇرغان، يىراق چۆللۈك ئارىسىدا چۇچۇلاشقان بوز تورغاينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىــــپ مەڭدەپ قالغان كىشىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. هەممە كىشــــى ئالدىراش ئىشلەيتتى. هەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە پۇرسەتنى چىــــڭ تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىشلەش كېرەك، دېگەن بىرلا خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. دۆڭلۈكنىڭ باغرىنى تىلغاۋاتقان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىپايان چۆل قوينىنى لەرزىگە سالاتتى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا پاناھلىنىپ ياتقان يۇلغۇننىڭ كۆتەكلىرى، يانتاقنىڭ يىلتىزلىرى قاراسلاپ سۇناتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇستۋاشلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان ئادەملەر تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى. قېرىلارنىڭمۇ، ياشلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى، قاش ـ كىرپىكلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. قارا ئىشەكمۇ، سۇر ئىشەكمۇ ھەممىسى ئاق ئىشەك سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا ئاچا ئېرىق ئاسمىنىدا قويۇق پەردە ھاسىل قىلىپ قۇياشنىڭ نۇرلۇق جامالىنى توسۇۋالغانىدى. كەنت شۇجىسى ئوسمان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى ھەريان پۇلاڭلىتىپ، شوپۇرغا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرمەكتە ئىدى.

ئاچا ئېرىقلىق ئەزىمەتلەر ئۇپۇق سىزىقىدىن بالقىپ چىققان نۇرلۇق قۇياشنى مۇشۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا تۇرۇپ كۈتۈۋالسا، كەچتە تاغ كەينىگە مۆكۈۋاتقاندىمۇ يەنە مەشەدە خوشلىشىدۇ. قۇياش تىكلەنگەندە كەنت شۇجىسى ئوسماننىڭ ئەمدى چۈشلۈك تاماق يەيلى، دېگەن جاراڭلىق ئىجازىتى بىلەن ماجالىدىن كەتكەن قوللار كەتمەن سېپىدىن ئاجرايدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئوغۇت خالتىسىغا تىقىپ كەلگەن سامان، پىچانلارنى ئاچلىق، ھارغىنلىق دەستىدىن قەددەم ئالغۇدەك مادارى قالمىغان ئىشەكلەرگە تۆكۈپ بېرىپ، ئاندىن ئۆز قورسىقىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلۈك غىزاسى سەھەردە بىلىگە تۇگۇپ كەلگەن نانلىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار دۆڭنىڭ باغرىدىكى ئاپتاپلىقتا ئولتۇرۇشۇپ بېلىدىكى پوتىنى يېشىپ توپا ئۇستىگىلا يايىدۇ ـ دە، تارشىدەك قېتىپ كەتكەن نانلىرىنى سوغۇق سۇغا چۆكۈرۈپ راسا ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلايدۇ. نانلىرىنى يەپ

بولۇپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. دۇئادىن كېيىن قۇملۇقتا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ بىردەم ئۇخلىۋېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، ئىشىنىڭ جىددىي، ۋاقىتنىڭ زىچلىقىنى يادىغا ئېلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرىدۇ ــ دە، بېلىگە پوتىنى قايتا باغلايدۇ. كەچ كىرىدۇ. يېقىن مەھەللىلەردىكى پاكار ــ پاكار ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. قۇياش ئاستا ــ ئاستا خىرەلىشىپ، تاغ كەينىگە مۆكىدۇ. ئارقىدىنلا گۇگۇمنىڭ قارا پەردىسى تەرەپ ــ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئەمما، كەتمەنلەر گۇپۇلدەپ يەرنى تىلغاشتىن، ئېشەك ھارۋىلىرى غىچىرلاپ توپا يۆتكەشتىن، توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرى گۇرۇلدەشتىن توختاپ قالمايدۇ. . .

بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەش بەدىلىگە تەكشىلەنگەن ئىككى يۈز مو قۇملۇق ئاچا ئېرىق دېھقانلىرىغا ئىللىق قۇچاق ئاچتى. ئەمدى ئاچا ئېرىقلىقلارنى يەنە بىر جاپا ــ مۇشەققەتلىك ئېلىشىش كۈتۈپ تۇراتتى. ئاچمىغا سۇ باشلاپ كەلمىسە، ئەتىيازلىققا ئۇرۇق چاچقىلى بولمايتتى. ئاچا ئېرىقلىقلار يەنە غەلىبە قىلدى. جاپا ــ مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي ئاچمىغا سۇ باشلاپ كەلدى. ئەمما، يېڭى ئېلىنغان بۇ ئېرىققا سۇنى كۆپ باشلىغىلى بولمايتتى. سۇ سەل كۆپ بولۇپ قالسا، كۆتۈلمىگەن خەتەرلىك ھادىسىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئاز بولۇپ قالسا، ئېتىزغا كىرمەستىنلا ئېرىقنىڭ تېگىگە سىڭىشىپ تۈگەيتتى. شۇنداق قىلىپ تۆت كۈندە ئوسا قىلىنغان يەر كۆلىمى تۆت موغا ئاران ئۇلىشالىدى.

— ئەمدى ئېرىقنىڭ قاشالىرىمۇ قاتتى، — دېدى كەنت باشلىقى بارات، — سۇنى سەل كۆپەيتسەكمۇ چاتاق چىقمايدۇ.

— شۇنداق قىلايلى، ئازغىنا سۇ بىلەن بۇ يىل ئىشنى پۈتتۈرەلمىگۈدەكمىز.

ئېرىق بويىدا ھەر يۈز مېتىر، ئەللىك مېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئادەمنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ سۇنى ئۆلغايتتى. ئەگەر يەرنىڭ ئۇسا قىلىنىش كۆلىمىمۇ كۆپەيدى. ئەمما كىشىلەر باشتا ئەندىشە قىلغاندەك ئاخىر چاتاق چىقمايمۇ قالمىدى. ھادىسە ئەتراپىنى سىياھتەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان تۈن نىسپىدە يۈز بەردى. يۇلغۇنلۇق دۆڭنىڭ قولتۇقىدىكى كىشىلەر ئۈتۈن كولىغان ئازگالدىن سۇنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— ھوي، يار كەتتى!

— قېنى، قەيەردە؟

— يار كەتتى! يار كەتتى!

ئادەملەر خۇددى بوراندا قالغان ياۋا كالىدەك قوپال ئاۋازدا توۋلىشىپ، قاشا ئۈستىدە ھەر يان يۈگۈرۈشەتتى. لېكىن، ھە دېگەندە تېشىلگەن يەرنى تاپقىلى بولمىدى. سۇنىڭ كوركىرىشى بارغانچە ئۆلغىيىپ كۆڭۈللەرنى تىت - تىت قىلماقتا ئىدى.

— ھەي، سادىر ئاخۇن، چاققان بېرىپ چۈشۈرگە بېشىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىڭ. ئاچما ئېرىقنىڭ سۈيىنى دەرھال توختاتسۇن!

سادىر ئىسىملىك كىشى ئېرىقنىڭ بېشىغا قاراپ ئىككى قەدەم يۈگۈرۈشىگىلا چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى.

— ۋايجان!

— نېمە بولدى؟

— سۇ، سۇ!

— ھە، تېشىلگەن يەر مانا مەيەردىكەن ئەمەسمۇ!

كىمدۇر بىرىنىڭ قولىدىكى قولچىراغنىڭ يورۇقى دۆڭنىڭ باغرىدىكى سۇغا توغرىلانغاندا، دېھقانلارنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. سادىر ئەسلىدە سۇ تېشىپ ئويۇۋەتكەن يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن ھە - ھۇ دېيىشىپ ئۇنى بىلىگىچە

چۆكۈپ كەتكەن پانقاق لايدىن تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئىشتانلىرى، چاپىنىنىڭ پەشلىرى ئۇماچتەك لاي بولۇپ كەتكەنىدى. بىر پاي ئۆتۈكى پانقاق ئارىسىدا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، كېگىز پايپاقتىن ئۆتۈپ كەتكەن سۇ پۇتلىرىنى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى.

ئاچمىنىڭ سۈيى توختىتىلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئېرىقلاردا مۇز ئۇيۇپ، يار ئېتىلگەندىن كېيىنمۇ ئاچمىغا سۇ كەلتۈرۈشكە ئامال بولمىدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز چېكىلدى. ئۇ قولىدىكى كۆرۈۋاتقان كىتابىنى تاشلاپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئوسمان شۇجى قاراپ تۇراتتى.

— ياتاقتا مەرھەمەت، ئوسمان ئاكا.

— ھازىرچە ياتاقتا كىرمەيلى، ئۇكام، ئىشىكنى تاقاڭ، ناھىيە بازىرىغا زىياپەتكە بارىدىكەنمىز.

— زىياپەت؟

— ھەئە، ھىمىت ھاجى دېگەن كىشى چايغا چىللىغانىكەن، قادىر شۇجى سىزنى كەلسۇن دەپتۇ.

— ئەسلى يېزا رەھبەرلىرىنى چاقىرغانمىكىن؟

— كىمنى چاقىرىشى بىلەن نېمە كارىمىز؟ شۇجى چاقىرغانىكەن بارمىساق بولمايدۇ دەڭا.

ناھىيە بازىرىدىكى ھىمىت ھاجىنى ئابدۇكېرىم بۇرۇندىنلا تونۇيتتى. ھىمىت ھاجى ئەسلى بازارنىڭ شەرقىدىكى سۆگەتلىك چۇشۇرگىنىڭ بېشىدا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان كىشى بولۇپ، زىخقا گۆشنى سەل كەمرەك ئۆتكۈزسىمۇ، دۇكان ئورنى قولايلىق جايدا بولغاچقا، خېرىدارلىرى ئۆكسىمەيتتى. ئۇ «ھىمىت كاۋاپ» دېگەن نامى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ھەممە كىشىگە تونۇش ئىدى. ئۇ ھەج قىلىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ «كاۋاپ» دېگەن نامىنى تولۇق ئۆزگەرتەلمىدى. بازارلىقلار ئۇنى يەنىلا ھىمىت كاۋاپ دەپ ئاتاۋەردى.

ھېمىت كاۋاپنى ئابدۇكېرىم ئانچە ياقتۇرمايتتى: مانا ئەمدى ئوسمان شۇجىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي، ئىشتىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى. ھېمىت كاۋاپ ئۇلارنى ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ قايماق رەڭ سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى.

— خۇش كېلىشىپلا، مېھمانلار، قېنى ئەرزىمەس خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشسىلا.

يېزا رەھبەرلىرىدىن قادىر شۇجى بىلەن يېزا باشلىقى سەمەتلا كەلگەنىدى. ئۇلار ھېمىت كاۋاپنىڭ شاھ قەسىرىدەك بېزەلگەن كۆركەم مېھمانسارىيىغا كىرىپ كەلگەندە، كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلدى. شىرەگە پۈتۈن بىر قوينىڭ كاۋىپى، بىرنەچچە دانە پىچاق، لېگەنلەردە توخۇ كاۋىپى، زىخ كاۋاپلىرى، بىر دەستە نان قويۇلغانىدى.

— ئۆزلىرىنى كايىتىپتۇق، — دېدى قادىر شۇجى ساپاغا ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەكەللۇپ قىلىپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ھەرقايسىلىرىدەك ئەتىۋارلىق مېھمانلارنىڭ لايىقىدا بولماي قالدى، — دېدى ھېمىت كاۋاپ.

ھېمىت كاۋاپنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھەرياقتا چېچىپ يۈرگەن ئېگىز بويلۇق، بىر كۆزى سەل ئالغايراق ئادەم مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئارقىدىنلا ھېمىت كاۋاپ بىسى پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر پىچاق بىلەن سارغىيىپ پىشقان كاۋاپنى پارچىلاپ قويدى. ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، دېگەندەك ئابدۇكېرىممۇ كاۋاپنى راسا ئىشتىھا بىلەن يەپ، قورساقلىرىنى ئوبدانلا ئەستەرلىۋالدى. سەلدىن كېيىن ھېمىت كاۋاپ ھېلىقى ئالغاي كىشىگە شۇنداق ئىشارە قىلىۋىدى، ئۇ قوللىرىنى ئوپۇل - توپۇل سۈرتۈۋېتىپ، بۇلۇڭدىكى ئالما رەڭ ئىشكاپتىن «ئىلى ئالىي ھارىقى» نى ئېلىپ كەلدى ھەمدە:

— مېھمانلارغا ھاجىمىنىڭ ئازراق كۆڭلى باركەن، — دېدى

قوۋلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

— ھاجىمنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلساق قاملاشماس، — دېدى سەمەت، — ياخشىسى بوتۇلكىلارنىڭ ئىغىزىنى ئاچمايلى.

ئالغاي كىشى سەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك بوتۇلكىنىڭ ئىغىزىنى ئىزىق چىشىدا چىشلەپ ئېچىپ، ئىككى رومكا هاراق قۇيدى.

— مەن بۇ رومكىلارنىڭ بىرىنى ھاجىمغا ۋاكالىتەن ئۆزۈم كۆتۈرۈۋېتىپ، يەنە بىرىنى سورۇن بېشى بولغان قادىر شوجىغا تۇتىمەن، — ئالغاي كىشى گېپىنى تۈگىتە — تۈگەتمەيلا بىر رومكىنى قادىر شوجىغا بېرىپ، يەنە بىرىنى گوپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى — دە، سورۇندىكىلەرگە قاراپ ئىغىزىنى تامشىتىپ قويدى. ئىككىنچى قېتىم توشقۇزۇلغان رومكىلار يېزا باشلىقى سەمەت بىلەن كەنت شوجىسى ئوسماننىڭ ئالدىغا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئابدۇكېرىم بىلەن كەنت باشلىقى بارانقا تۇتۇلدى.

— رەھمەت، ئۇستام، — دېدى ئابدۇكېرىم، — مەن هاراق ئىچمەيمەن.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلسىلا، ئۇكام، — دېدى ھىمىت كاۋاپ، — مۇشۇ سۆلەتلىرى بىلەن هاراق ئىچمەيمەن دېسىلە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

— راست دەۋاتىمەن، ھاجىم. مەن ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان.

— بۇرۇن ئىچمىگەن بولسىڭىز بۈگۈن بىز بىلەن ئىچسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى توخۇنىڭ تۆشىنى ئەزمىلىك بىلەن چايناۋاتقان قادىر شوجى.

— رەھمەت، شوجى، ئەمما مەن. . .

— رەھمەت، رەھمەتلا دەيدىكەنسىز. بىر ئوبدان باشلانغان سورۇننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماي ئىلىڭا. ئادەمنىڭ جىنىنى

www.uyghurkitap.com

ئالىدىغان نىمە ئەمەس بۇ.

— ئۆمرۈمدە بۇ ئىشنى قىلىپ باقمىغان، ھەرقايسىلىرى ماڭا قارىماي ئىچىۋەرسىلە.

— شۇجى ئىلىك دېگەندىكىن ئالامسىز، — دېدى ئوسمانمۇ قادىر شۇجىغا ھەمدەم بولۇپ.

— ئىچمىگەن نېمىنى ئالغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

— ئىچمىسە ئۆزىنىڭ ئىشى، زورلاشمايلى، — پىچاقنىڭ سېپىغا ئويۇلغان نەقىشلەرگە قىزىقسىنىپ قاراپ ئولتۇرغان باراتنىڭ گېپى بىلەن ئابدۇكېرىمگە كەلگەن ئالۋان ئۆتۈپ كەتتى.

قادىر شۇجىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. سورۇن بارغانچە سوۇرلۇك تۇس ئالماقتا ئىدى. قادىر شۇجى يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن ئوسماننى ئىككى قېتىم گەپتە چېقىۋالدى. ئابدۇكېرىم قادىر شۇجىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ سورۇنلۇقى يوق بىر نېمىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ نېمە قىلاتتىڭ، دەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

— نەگە بارىسىز؟

— ئاۋۇ ئۆيگە چىقىپ بىردەم سوزۇلايمىكىن.

— ئازراق ئۇخلىۋالامىلا؟ — دېدى ئابدۇكېرىمنىڭ كەينىدىن ئىزا بېسىپ چىققان ھىمىت كاۋاپ.

— ئۇخلىمايمەن، بىردەم تىنچقىنا ئولتۇراي دېدىم.

— ئەمىسە يالغۇز قالىدىغان بولدىلا، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، — ھىمىت كاۋاپ مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇكېرىم خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيتتى. دوستلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك سورۇن تۈزگەندىمۇ، ئۆزىدىن چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالغاندىمۇ كەلگەن ھاراقنى ئەدەپ بىلەن قايتۇراتتى. خۇشى تۇتسا سورۇندىكىلەرگە بىرەر

پەدە دۇتارمۇ چېلىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا سورۇن ئەھلىمۇ، ساھىبخانمۇ ئۇنىڭدىن رەنجىمەيتتى. ئەمما، بۇگۇن ئۇنداق بولمىدى. ھاراق ئىچمىگىنى ئۈچۈن سورۇندىكىلەر ئۇنىڭدىن يامانلىدى. ئۇنىڭ ھاراق ئىچمەسلىك ئالاھىدىلىكى ھاقارەتلەندى.

ئابدۇكېرىم ياستۇق ئېلىپ يانپاشلىماقچى بولۇپ، كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان گۈللۈك ئەدىيالنىڭ ئىچىدە ياستۇق بارمىكىن دەپ قولىنى سوزدى. گۈللۈك ئەدىيالغا يۆگەپ قويۇلغىنى ياستۇق بولماستىن گىلەم ئىدى. ئۇ گىلەمگە يۆلەنگىنىچە خىيالغا غەرق بولدى.

## ئىككىنچى باب

ئابدۇكېرىمنىڭ يېڭى ئاچقان بىنەمنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدىكى لايىھىسى كەنت رەھبەرلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئاسانلا ئۆتتى. ئوسمانمۇ، باراتمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە بىردەك قوشۇلدى. ئاچما يەرنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دېھقانلار كەنت زالىغا يىغىنغا چاقىرىلغانىدى. كەنت شۇجىسى ئوسمان سالماقلىق بىلەن سۆز باشلىغاندا يىغىننىڭ مەزمۇنىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ ئولگۇرگەن دېھقانلارنىڭ يۈرەكلىرى بەخت تەقەززاسىدا يايراپ كەتتى.

ــ يولداشلار، ھەممىڭىزگە مەلۇم، بىز بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت جاپالىق ئىشلەش بەدىلىگە كەنتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقنى بويسۇندۇرۇپ، ئىككى يۈز مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر ئاچتۇق. بۇ غەلىبە ئولتۇرغان يولداشلارغا مەنسۇپ. ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي قۇملۇقتا تەر ئاققۇزغان باتۇر ئەزىمەتلەرگە مەنسۇپ. بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ مەيدانلاشتۇرغان بۇ ئالتۇن زېمىننى سىلەرگە

تەقسىملەپ بېرىمىز. كونكرېت تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى
ئابدۇكېرىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
مەجلىسخانىنى گۈلداراس ئالقىش ساداسى لەرزىگە سالدى.
ئابدۇكېرىم قىسقىلا سۆزلىدى.
— بىز مەسلىھەتلىشىپ ئاچما يەرنى تۆۋەندىكىدەك تەقسىملىدۇق. كەنتىمىزدە ئەللىك نامرات ئائىلە بار ئىكەن. سۇغىرىش قولايلىق بولغان ئەللىك مو يەرنى شۇلارغا ھەقسىز بۆلۈپ بەردۇق. قالغان يەر ھەربىر ئائىلىگە بىر مو يەتتە پۇڭدىن تەقسىم قىلىندى. بىر موغا ئەللىك يۈەندىن ھەق تۆلەيسىلەر. ئەسلى پۇل ئالمىساق بولاتتى، ئەمما كەنتنىڭ ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس. شۇڭا يولداشلارنىڭ بۇ تەرىپىنى چۈشىنىشىنى سورايمىز.
يىغىن ئاخىرلاشتى. ئۈمىد بىلەن كەلگەن دېھقانلار شادلىق بىلەن قايتىشتى.
— تارتقان جاپايىمىزنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان بولدۇق. ئەللىك كويى دېگەن قانچىلىك پۇل ئىدى. ئوبدان ئىشلىسەك بىر مو يەردىن خېلى كۆپ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.
يىغىندىن قايتقان دېھقانلار شۇنداق دېيىشكىنىچە ھەممىسى ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى.
يېزىنىڭ ئالدىراشچىلىقى ئاياغلاشقان، دېھقانلار ئۈچۈن ئوت ئېسىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان مەزگىل باشلانغانىدى. ئوسمانمۇ ھەر كۈنى كەنت ئىشخانىسى ئەتراپىنى بىر چۆرگىلەپ قويۇپ، ئۆيىگە غىپپىدە كىرىپ كېتەتتى. ئابدۇكېرىم بىر مەزگىل ئائىلىسىگە بېرىپ دەم ئېلىش خىيالىنى ئوسمانغا ئېيتتۇدى، ئوسمان ئاسانلا ماقۇل بولدى.
— شۇنداق قىلىڭ، ھازىر يېزىدا ئىش يوق. ئالدىراش كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە تېخى بىرەر ئايدەك بار. ناۋادا ئىش چىقىپ قالسا خەۋەر بېرەرمىز، ئۆيىڭىزدە خاتىرجەم دەم



www.uyghurkitap.com

ئېلىنىۋېرىلىك.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئاچا ئېرىق كەنتىدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىللىق ئائىلىنىڭ راھىتىنى يېگىدىن ھېس قىلغاندەك بولدى. ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاچا ئېرىق كەنتىنى قارارلاپ يولغا چىقتى. «قايتىپ كەلگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۆزۈمنى سورىمىسام بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىدارە باشلىقلىرى پات ـ پات يېزىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قالىدىكەن» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋېتىپ.

ئابدۇكېرىم ئاچا ئېرىق كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، كۈن چىڭقى چۈش بولغانىدى. ئۇ كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ، نېمىنىدۇر بىر ئىش ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى.

— ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۇكام، ئوبدان چاغدا كەپسىز، — دېدى بىر كۆزى سەل ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان قادىر توخكاي ئابدۇكېرىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، — بىز سىزنى ئىزدەپ بارايلىمىكىن دېيىشىپ تۇراتتۇق.

ئابدۇكېرىم نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپ بولغۇچە سالىھ ئىسىملىك دۈمچەك بوۋايمۇ ئاپئاق ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— توخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالدى، ئۇكام.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟

— يېزا رەھبەرلىرى يېڭى ئاچمىنىڭ تەقسىملىنىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ.

— نېمە! — ئابدۇكېرىم جىددىيلىشىپ سورىدى، — بۇ گەپ راستمۇ؟

— راست، ئۇكام، — قادىر توخكاي كۆزلىرىنى سۈرتكەچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قادىر شۇجىنىڭ گېپىچە، كەنتنىڭ

يەر تەقسىملەش ئىشى مۇۋاپىق ئەمەسمىش. ئاچمىنى بىر دىن قايتۇرۇۋېلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ھەممىسىت كاۋاپ بىلەن كاۋاپچىغا يىگىرمە يىللىق ئىجارىگە بېرىپتۇ.

ئابدۇكېرىم دەررۇ ھېمىت كاۋاپنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىر موچەننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۇشتۇمتۇت سىخىيلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئىشەكتەك ئىشلەپ ئاچقان يېرىمىزگە ئىگە بولالمىساق نامراتلىقتىن قانداق قۇتۇلارمىز؟! — دېدى تالنىڭ چىۋىقىدا تاشلانمىغان جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن بېلىنى باغلىۋالغان كىشى مازلىرى ساڭگىلاپ قالغان پاختىلىق تامبىلىنىڭ پۇشقىقىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا تىققاچ.

— بۇ ئىشتا بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇكام، — دېدى سالىھ بوۋاي ئۇڭ قولىدا سول بېقىنىنى قاشلىغاچ.

— شۇجى نەدە؟

— ئىشخانىدا بار.

ئابدۇكېرىم ئىشنى نەدىن باشلاشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئوسماننىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئوسمان ئۈستەلگە يېپىشىۋېلىپ بىرنېمە يېزىۋاتاتتى.

— كېلىڭ، ئۇكام، — ئوسمان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— مەن ئاچما توغرۇلۇق قاملاشمىغان بىر گەپ ئاڭلىدىمغۇ.

— قارىماسىز بۇ ئىشنى، ئاچمىنى يېزا رەھبەرلىرى ھېلىقى قارا قورساق ھاجىغا قىرىق يۈەندىن سېتىپتۇ.

— خەتنى قويۇڭ، يېزىغا بېرىپ قادىر شۇجى بىلەن كۆرۈشەيلى.

— ئاز قالدى، هازىرلا تۈگەيدۇ.
— نېمە يازغان ئىدىڭىز؟
— خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىشكە ئىلتىماس يېزىۋاتىمەن. مەن شۇجىلىققا بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويدۇم.
— ئۇنداق قىلماڭ، ئوسمان ئاكا. هازىر ئىستېپا سورايدىغان چاغ ئەمەس، بۇزۇلغان ئىشلارنى ئوڭشايدىغان چاغ.
ئوسمان گەپ ئاڭلىمىدى. ئىستېپانامىنى يېزىپ بولۇپ، ئالدىرىماي قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىسى بىردىن ۋېلىسىپىتقا مىنىپ يۈرۈپ كېتىشتى. قادىرنىڭ ئىشخانىسى قۇلۇپلانغانىدى. ئۇلار ئاخىر قادىرنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى ھەشەمەتلىك قورۇسىغا كەلدى.
— ناھىيە بازىرىدا بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، ئەتىگەن چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى قادىرنىڭ ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان كېلەڭسىز خوتۇنى ئۇلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ.
— بىز بۈگۈن قادىر شۇجى بىلەن كۆرۈشمىسەك بولمايتتى.
— ئۇ ئادەم بىر يەردە تۇرالمايدۇ، بۈگۈن كېلەمدۇ، ئەتىمۇ، بىرنېمە دېمەكمۇ قىيىن، — ئايال ئابدۇكېرىمنىڭ گېپىنى مەڭسىتمىگەندەك ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئامبارغا كىرىپ كەتتى.
ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزلىرى توساتتىن چەكچەيدى. ئۇ ئىشىك ئېچىلىپ - يېپىلغۇچە بولغان قىسقىلا ۋاقىتتا ئامباردا قاتلاقلىق تۇرغان گىلەملەرنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئامال بار ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى. خىيالىدا توساتتىن پەيدا بولغان گۇمانىنى ئىسپاتلاشقا ئالدىراپ كەتمىدى. ئايال بىلەن ئوسمان قىزىق پاراڭغا چۈشكەندە، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئەمما ئۇ ھويلىغا چىقماي مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى پەم

بىلەن يېپىپ قويۇپ ئامبارغا كىردى. كۆزلىرى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. ئامباردا راستتىنلا، پۇختا توقۇلغان ئۇزۇن گىلەملەر قاتلاقلىق تۇراتتى. يەنە قاتلاقلىق گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە يۇڭ ئەدىيالغا ئوراقلىق بىر نەرسە تۇراتتى. ئۇ گىلەملەرنى كۆرۈپ شۇ ھامان كۆز ئالدىدا ھىممەت كاۋاپنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى ئۆزى يۆلىنىپ ئولتۇرغان گىلەملەر نامايان بولدى. ئابدۇكېرىم يۇڭ ئەدىيالنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بۇ دەل ھىممەت كاۋاپنىڭ ئۆيىدىكى گىلەملەر ئىدى، ئەمدى ئاچمىنىڭ ئىشىنى ئوخشاشتىن ئۈمىد ئۈزۈلدى.

— ئوسمان ئاكا، — دېدى ئابدۇكېرىم مېھمانخانىغا كىرىپ، — قادىر شۇجىنى ساقلىساقمۇ كەلمىگۇدەك، ھازىر قايتىپ تۇرۇپ ئەتە كېلەيلىمىكىن.

— مەن بۈگۈن شۇجى بىلەن چوقۇم كۆرۈشمەن.

— ئەمىسە ماۋۇ يەرگە بىر چىقىڭا.

ئوسمان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوبدان بىر كېرىلدى ـ دە، سىرتقا ماڭغاچ:

— ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى سىمىز ئايالغا بۇرۇلۇپ.

— بۇ ئىش بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىغاندا قادىر شۇجىنى ئىزدىگىنىمىزنىڭمۇ پايدىسى يوقتەك قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ناھىيىگە بېرىپ ئۈمەرجان شۇجىنى تاپايلى، — دېدى ئابدۇكېرىم سىرتقا چىققاندىن كېيىن.

— ئۈمەرجان شۇجىنى؟

— ھەئە، يېزىغا چۈشكەن كادىرلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۈمەرجان شۇجى مەسئۇل. بىزنى ئۇزاتقاندا، قىيىنچىلىققا يولۇقساڭلار مېنى ئىزدەڭلار، دېگەن. ئىككىمىز بېرىپ ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلساق، بەلكىم ئاچمىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەرمىز.

— ئۈمەرجان شۇجىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان ئىش بولسا

ئۆزىڭىز بىرلىك، ئۇكام، مەن ئىلتىماسىمنى قادىر شۇجىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ، سىڭگەن نېنىمنى يەپ ئولتۇرىمەن. ئاچا ئېرىقلىقلارغا نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ.

— ھە دېسىلا ئىستېپپا سوراشنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسىز.

مەن دېدىمغۇ، بىز بەل قويۇۋەتسەك، ئاچا ئېرىقلىقلارنىڭ تالاي ئەجرى بىكار كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

— ھەي، — دېدى ئوسمان بېشىنى قاشلىغاچ، — ئاچا ئېرىقنىڭ سوغۇققۇم يېزىسى بويىچە ئەڭ نامرات كەنت ئىكەنلىكىنى قادىر شۇجى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ قاچىسىدىكى ئاشقا توپا سالغىنىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ تىپىرلاپ كەتكىنىمىز بىكار. شۇڭا، ئۆزىمىزنى ئۇپراتمايلى.

— سىزدىن ئۆتۈنەي، ئوسمان ئاكا، مۇشۇ بىرلا قېتىم مېنىڭ لەۋزىمنى ئېلىڭ. ئاچا ئېرىقتىكى نامرات دېھقانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن يول مېڭىپ باقايلى.

— ئەمىسە ئەتە بارايلى، بوگۈن كەچ بولۇپ قالدى.

— ئەتە بارساقمۇ مەيلى، لېكىن سىز ئىلتىماسىڭىزنى قادىر شۇجىغا كۆرسەتمەڭ، ئەتە ئەتىگەن مەن ئۆيدە كۈتۈپ تۇراي. ئىشقا چۈشۈش بىلەن ئۆمەرجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىرەيلى.

— ماقۇل.

— ئەمىسە خوش، گەپ شۇنداق بولسۇن.

كۈن خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئوسمان كەلمىدى. ئابدۇكېرىم سائەتكە قارىغانسېرى تىت - تىت بولماقتا ئىدى. ئاخىر ئۇ ئوسماننى ئۆمەر شۇجىنىڭ ئىشخانىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن بولمىسۇن، دېگەن قىياس بىلەن پارتكوم قورۇسىغا كەلدى. ئوسمان كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى پارتكوم خىزمەت بىناسى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا

قاتراپ ئۆتكۆزدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قەسرىگە ھەر خىل گۇمانلار بۆسۈپ كىرىشكە ئۇرۇناتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئوسماننىڭ ئۆيلىغىنىنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيال ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئاخىر تاقىتى تۈگىگەن ئابدۇكېرىم ۋېلىسىپىتقا مىنىپ، ئاچا ئېرىق كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئوسماننىڭ ئۆيى كەنت ئىشخانىسىغا يېقىنلا يەردە ئىدى. ئابدۇكېرىم ئوسماننىڭ ئۆيىگە ئۇدۇللا باردى. ئوسمان يوق ئىدى. ئەمما، ئەقىلگە سىغدۇرۇش قىيىن بولغان رېئاللىق يەنە ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. تۈنۈگۈن قادىر شۇجىنىڭ ئۆيىدە قاتلاقلىق تۇرغان گىلەملەردىن ئىككى پارچىسى ئەمدى ئوسماننىڭ ئۆيىگە پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

— شۇجى يوقمۇ؟ — سورىدى ئابدۇكېرىم ئوسماننىڭ خوتۇنىدىن.

— دادۇيگە يىغىن ئاچقىلى كەتتى.

ئابدۇكېرىم كەنت مەجلىسخانىسىغا باردى. مەجلىسخانىغا ئادەملەر توشۇپ كەتكەنىدى. ئوسمان قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

— بۇ ئىشتا يېزا رەھبەرلىرىنىڭمۇ ئويلىغىنى بار. يەرلەرنى ساتقىنىمىز بىلەن ھىممەت كاۋاپ كۆتۈرۈپ بىر يەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئولتۇرغان يولداشلارغا سېتىپ بېرىدۇ. كۆكەرتىدىغانلار يەنىلا ئۆزىمىز.

ئوسمان مەجلىسخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپ سەل جىددىيلەشكەن بولسىمۇ، گەپنىڭ ئورامىنى ماھىرلىق بىلەن يېزا باشلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە بۇرىدى.

— يېزا رەھبەرلىرىنىڭ يولىيورۇقىغا بويسۇنماسلىق بولمايدۇ. ئاچمىنىڭ ئىشى يۇقىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ پىكرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

غەزىپىگە چىدىمىغان ئابدۇكېرىم ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىچە مەجلىسخانىدىن چىقىپ كەتتى - دە، ۋېلىسىپىتقا يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئابدۇكېرىم بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ يېنىدا سالىھ بوۋاي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئابدۇكېرىم سەل ئوڭايسىزلا-نغاندەك بولدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە يارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلاتتى.

— يىغىنغا قاتناشمىدىڭىزمۇ، سالىھ ئاكا؟ — ئابدۇكېرىمنىڭ ئېغىزىغا مۇشۇ گەپ ئۇدۇل كەپقالغانىدى.

— قايتىپ چىقتىم، ئۇكام، ئاڭلىغانسېرى ئادەمنىڭ زەردىسى قايناپ قالىدىكەن. جاپانى سەن تارت، مېغىزىنى باشقىلار چاقسۇن، دېگەندەك گەپلەر كىمنىڭ كۆڭلىگە خۇش ياقاتتى. بۇ جاھاندا دېھقاننىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم يوقكەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، دېھقانلارغا ھۆكۈمەت يار - يۆلەك بولىدۇ.

— قويۇڭ، ئۇكام، سىزنى كىم باشقۇرسا ھۆكۈمەت دېگەن شۇ. ئاچا ئېرىقنىڭ تىزگىنى ئوسمان شۇجى بىلەن بارات جۇرۇننىڭ قولىدا، ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن سىياسەت چىقىدۇ، قانۇن چىقىدۇ، دېمەك ئاچا ئېرىقتىكى ھۆكۈمەت ئەنە شۇلار، — بوۋاي سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى، — تۈنۈگۈن سىز ئوسمان بىلەن يېزىغا ماڭغاندا قولىمىزدىن كېتىۋاتقان نېسىۋىمىزنى ياندۇرۇپ كېلىدۇ، دەپ ئېغىزىمىزنى تاتلىق ئېتىپ يۈرۈپتىمىز. نەدىكىنى، ئىشىمىز ئاللىقاچان سۇغا چىلىشىپتىكەن.

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ئاچا ئېرىقتىكى بۇ بىرنەچچە ئادەم ھۆكۈمەت ئەمەس. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسەتمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بويىچە خىزمەت قىلىدىغان كادىرلار. ئۇلار ئىشنى توغرا قىلمىسا، يۇقىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىڭلار. ھەممىسىگە خۇش دەپ تۇرۇۋەرسەڭلار بىر چاپىنىڭلار مەڭگۈ ئىككى بولمايدۇ.

— بىزنىڭ گېپىمىزنى كىملەر ئاڭلار؟

— قادىر شۇجىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ھەل بولمىسا، ناھىيىلىك پارتكومدىكى ئۆمەر شۇجىنى ئىزدىسەڭلار ھەل بولىدۇ. يەر سىلەرنىڭ، ئەمگەك كۈچى سىلەرنىڭ، ئۇنداقتا ھوسۇلمۇ سىلەرگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك.

شۇ ئارىدا يىغىن ئاخىرلىشىپ، دېھقانلار پەرىشان ھالدا مەجلىسخانىدىن چىقىشتى.

— بىزنى باي بولسۇن دېگىنى يالغان گەپ ئوخشايدۇ، — دەيتتى كىمدۇ بىرى ئابدۇكېرىمگە قەستەن ئاڭلىتىپ.

مەجلىسخانىدىن چىققان ئوسمان ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپ ۋىلىلدە بىر قىزاردىيۇ، چاندۇرماي ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا ئالدىرىدى:

— تۈنۈگۈن قادىر شۇجى بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ئىستىپا قەغىزىمنى كۆزۈمگە تىقىپ، ھىممەت كاۋاپ يەرنى سېتىۋالغىنى بىلەن ئۆزى كۆكەرتىپ بولالمايدۇ، يەنىلا ئاچا ئېرىقلىقلار تېرىيدۇ، دەپ كايىدى. قارىسام شۇجىنىڭ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. شۇڭا...

«شۇجىنىڭ گېپى ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ دېگۈچە، ئۆيۈمگە كەلگەن گىلەملەرنىڭ مېھرى ئىسسىقتەك تۇرىدۇ دېسەڭچۇ» دېدى ئابدۇكېرىم كۆڭلىدە.

ئابدۇكېرىم بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقمىدى. ئۇ خوتۇن - بالىلىرىغىمۇ ئوچۇق چىراي ئاچماي خورسىنىپلا يۈردى. خوتۇنى ئاينۇر ئۇنىڭ بۇنچىۋالا پەرىشان يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي يېزىدا بىرەر ئاۋارىچىلىققا يولۇققان ئوخشايدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئېرىنىڭ

ئالدىنقى قېتىمدا خېلى ئۇزاق ئۆيگە كەلمىگەنلىكىنى، ئەمدى ئۆيدىن چىقماي ياتقىنىنى ئويلاپ، گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ئابدۇكېرىم، نېمە بولدىڭىز؟ بىر ەر چاتاق تېرىپ قويدىڭىزما؟

— نەدىكى يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلمىغىنا، — دېدى ئابدۇكېرىم تېرىكىپ، — مەن چاتاق تېرىپ قويىدىغانغا نېرۋىسىدىن ئازغان ساراڭمىدىم.

— ئەمىسە بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىڭىزغۇ.

— كەتتىنىڭ ئىشى.

— كەتتىنىڭ ئىشىغىمۇ شۇنداق ھەسرەتلەنگەن بارمۇ؟

شۇ ئەسنادا ئىشىك چېكىلدى. ئابدۇكېرىم خۇشياقمىغان ھالدا ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئىشخانىسىدىكى ئايال خىزمەتدىشى نۇسرەت قاراپ تۇراتتى.

— قېنى نۇسرەت، ئۆيگە كىرىڭ.

— ئۆيگە كىرمەيلى، مەي شۇجى سىزنى چاقىرغانىدى.

— ماقۇل، ھازىرلا باراي.

— كىمكەن ئۇ؟ — سورىدى ئاينۇر ئېرى بىلەن چىقىشقاندەك مەنىلىك كۈلۈپ.

— بىزنىڭ ئىشخانىدىكى نۇسرەتكەن.

— نېمە دەيدۇ؟

— مېنى شۇجى چاقىرتىۋاتقۇدەك.

— قانداق، بىرەر ئىش بولمىسا چاقىرامتى؟

— مەندىن بىرەر ئىش چىقىپ قالسا سەنمۇ دەردنى تەڭ تارتىسەن، — ئابدۇكېرىم كۈل رەڭ سوكنا شىلەپىسىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇكېرىم ئىشخانىغا كەلگەندە، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مەتقادىر چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ، — مەتقادىر ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

ئولتۇرۇۋەردى، ــ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— يامان ئەمەس.

— يېزىنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەنسىز؟

— كۆنۈشنىغۇ كۆندۇم. لېكىن، بەزى ئىشلار ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدىن زادى ئۆتمەيدىكەن.

— مەنمۇ دەل سىزنىڭ ئىدىيىڭىزدىن ئۆتمىگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەتلىشەيلى دەپ چاقىرتقانىدىم، ــ مەتقادىر رەھبىرىي كادىرلارغا خاس بىر خىل سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشلىرى راستتىنلا ئاسان ئەمەس. دەرۋەقە، بەزى ئىشلاردا سوغۇق قانراق بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. دىتىڭغا ياقمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

ئابدۇكېرىم مەتقادىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاچا ئېرىقتىكى ئىشلار خىيالىغا كەلسە يۈركى ئېچىشاتتى.

— گەپنى سەل ئېنىقراق ئېيتىڭ، مەتقادىر ئاكا، مەن يېزىدا ھېچقانداق ئىشنى ئىنكار قىلمىدىم.

— دېھقانلارنى كادىرلارنىڭ ئۈستىدىن ئەنسىيان كۆتۈرۈشكە ئۈندىگىنىڭىز ئىنكارچىلىق بولماي نېمە؟

— ئەنسىيان كۆتۈرۈشكە؟

— دېھقانلارغا ئاچما يەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يول مېڭىڭلار، دېگەنمىدىڭىز؟

ئابدۇكېرىمنىڭ خىيالىغا دەررۇ سالىھ بوۋاي كەلدى. ئۇنىڭغا بەزى گەپلەرنى دېگىنى راست. قولدىن كېتىۋاتقان بەختىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ يولىنى كۆرسەتكىنى راست. ئەمما، ئاللىكىملەرنىڭ ئۈستىدىن ئەنسىيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن ئەمەس، جېدەل تېرىپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشكە ئۈندىگەنمۇ ئەمەس.

— ھۇ جوندەكلەر، ئەقلىنىڭ كەملىكىدىن شۇنداق كۆنگە قالىدىغان ئوخشايدۇ! — ئابدۇكېرىم غەزىپىنى باسالماي ئۇستەلگە مۇشتلىۋەتتى، — شۇجىغا ئەھۋالنى ئېيتىڭلار دېگەن گەپنى باشقىچە چۈشىنىپ قاپتۇ.

— ئۇلاردىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، ئۇكام. ئويلاپ بېقىڭ. قېنى قىزىپ تۇرغان دېھقانلارغا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىڭلار، ناھىيىگە بېرىڭلار، دېسىڭىز، نېمىلەرنى قىلمايدۇ. بايام ئۆمەرجان شۇجى چاقىرغانىكەن، ئىشخانىغا كىرە - كىرمەيلا قايناپ كەتتى. مەن ھەممە گەپنى سىزگە دەپ ئولتۇرمايمەن. لېكىن، ئەھۋال ئانچە ياخشى ئەمەس.

— ئەسلى بىز ئىككى يۈز مودىن ئارتۇق بوز يەر ئاچقانىدۇق، — ئابدۇكېرىم ئاچا ئېرىق كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

— قارىغاندا بۇ ئىشتا ئۇقۇشماسلىق باركەن، — دېدى مەتقادىر ئابدۇكېرىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — ئۆمەرجان شۇجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىنكاس قىلمىسىڭىز بولمىغۇدەك. سىياسىي ۋەزىيەت نازۇك بولۇۋاتقان بۇنداق كۈنلەردە، ئۇستىڭىزدىن ئۆسەك سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى خەتەرلىك.

ئابدۇكېرىم مەتقادىرنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتى. ئۆمەرجان شۇجى جىغان كەنتىدە بولغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىي تەپسىلاتىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشىكىنى سىلىق چەكتى.

— كىرىڭ.

ئابدۇكېرىم تارتىنىپقىنا ئىشخانىغا كىردى.

— ئابدۇكېرىم دېگەن سىزغۇ دەيمەن، — دېدى ئۆمەرجان شۇجى ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ، — بىز سىزنى يېزىغا نېمىدەپ ئەۋەتكەن؟ دېھقانلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەشكىللەڭ دەپ ئەۋەتكەنمۇ؟

— ئەسلى ئىش مۇنداق، شۇجى، بىز ئىككى يۈز مودىن ئارتۇق بوز يەر ئاچقاندۇق. . .

— ئۇقتۇم، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ھەممە ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ھېلىمۇ ياخشى، ناھىيىلىك پارتكومغا بېسىپ كىرىشكە ماڭغان تەلۋىلەرنى مەتقادىر شۇجى توسۇپ قويۇپتۇ.

— مېنىڭ ئەسلى ئۇنداق مەقسىتىم يوق ئىدى.

— دەرھال تەكشۈرۈشنامە يېزىپ، مەسئۇلىيىتىڭىزنى تاپشۇرۇڭ. قالغان گەپنى كېيىن دېيىشىمىز.

ئابدۇكېرىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا سوغۇق، يېقىمسىز تۇيۇلۇپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ھېمىت كاۋاپنىڭ سېغىزرەڭ پىكاپىنىڭ ئىزى ئاچا ئېرىق كەنتىنىڭ توپىلىق يوللىرىدىن ئۆچمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاچا ئېرىقلىقلار ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ ماشىنىنى ھېلىلا ئوسمان شۇجىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرسە، ھېلى قۇملۇقتا بۇرۇن ئورمان سالغان روزى باقى، خۇپىدىن ۋە مۇھەممەت قويچىلارنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا يولۇقتۇراتتى. بەزىدە مۇھەممەت قويچىنىڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئوغلى ئەخمەتجاننىڭ بوسۇغىسىدىمۇ ئۇچرىتىپ قېلىشاتتى.

— ھېمىت ھاجىنىڭ پۇلى بەك كۆپمىش، — دېدى تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى باسما قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋاتقان قارىمۇتۇق چوكان يېنىدىن توپا توزۇتۇپ ئۆتۈپ كەتكەن سېغىزرەڭ پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ.

— پۇلى كۆپ بولمىسا شۇنچە زېھىنىنى سېتىۋالامدۇ، — دېدى بىر قولىدا چېلەك، يەنە بىر قولىدا بەش ياشلاردىكى سېرىق چاچ قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تۇرغان ياداڭغۇ ئايال.

— پۇلى كۆپ بولغىنى بىلەن ئىنسابى يوقكەن، — ئىككى چېلەكنى ئەپكەشكە ئىلدۇرگىنىچە قۇدۇق بېشىغا يېقىنلاپ كەلگەن ياشاقتەك پوقىقى بار ئايالمۇ گەپكە ئارىلاشتى، — ھەممىلىرى بىلىلا، روزى باقى ئاخۇن ئاكاملار ناھايىتى كۆپ ئەجىر تارتىپ ئاچقان يېرىگە ئورمان سالغانىدى، بۇ نەپسى بالا ھاجىم ئەمدى شۇ ئورمانلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

ئوسمان ئەمدى ھېمىت ھاجىنىڭ بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ يۈرىدىغان ئىتائەتمەن ئۆكۈزگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھېمىت كاۋاپ قاياقتا ئىشارە قىلسا، شۇ ياققا چاپاتتى. قايسى ئىشقا بۇيرۇسا، شۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار ئىدى.

— بۈگۈنلا ھەممىنى كەستۈرىمەن، — دېدى ئوسمان ھېمىت كاۋاپنىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — بۇ خەقلەرگە چىرايلىق گەپ راۋا كەلمەيدۇ، قېنى، ئوسمان ئاكىسىنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ قويۇشسۇن.

— ئەمدى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىلا، شوجى، — ھېمىت كاۋاپ ئوسماننىڭ بەستلىك يەلكىسىگە مۇشتۇمى بىلەن يېنىك نوقۇپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلىدەك يۇرت كاتتىسىغا بويۇنتاۋلۇق قىلىدىغان خەقلەرنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆزگە ئوبدان كۆرسىتىپ قويمىساق بولمايدۇ. مۇشۇ ئىشتا ئۆزلىرىنى تازا تونۇتۇپ قويسىلا. بۇنىڭدىن كېيىن سىلىگە غىدىك - پىدىك قىلىشقا ھېچ كىشى پېتىنالمايدۇ.

— كەنت بويىچە ئەزالارتى ياماشتۇرىدىغان بولسام ئۇنداق ئورمانلارنى قولتۇقىنىڭ تۈكىنى يۇلغاندەك يۇلۇپ بىر دەمدىلا تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن.

— ئالدىراپ خامپىغا سەكرىمەيلى، شۇجى، — دېدى ئوسماننىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەپ ئۇلگۇرگەن ھىممىت كاۋاپ، — ئورمان كېسىش سەل نازۇك ئىش. ناۋادا ئۇلار ئەرز قىلىپ قالسا، شۇجىمۇ ئارا تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئورماننى ئۆز ئىگىسىگە كەستۇرەيلى.

— سىلى ئاشۇ خەقلەرنى ئۆزىنىڭ ئورمىنىنى ئۆزى كېسىدۇ دەپ ئويلامال؟

— ئامالى بولۇپ قالار. مەيەردە بىر نەرسە بار، — ھىممىت كاۋاپ پومپىيىپ تۇرغان كۆل رەڭ سومكىغا پوك - پوك ئۇرۇپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئاسانراق ئەپۋەشكە كېلىدىغىنىنىڭ ئالدىغا بۇ نەرسىلەرنى قويۇپ، چىرايلىقچە كەستۇرەيلى. ئادەم دېگەن قوي مىجەز نېمە، بىرسى كەسسە، قالغىنىمۇ كاجلىق قىلىپ تۇرالمايدۇ.

— يەنىلا ھاجىم ئەقىللىق جۇمۇ، — دېدى ئوسمان پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ئاۋۋال كىمنى قارىغا ئالىمىز؟

— ھىم... روزى باقى دېگىنى سەل تەرساراق ئادەم، — دېدى ئوسمان بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، — مۇھەممەت قويچى ياۋاش بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئوغلى بەك گەپدان.

— ئوغلى مۇئەللىممۇ؟

— ھەئە، گەدىنىگە ساقال قويۇۋېلىپ ھېچ كىشىگە گەپ بەرمەيدىغان تېرىقچى نېمە ئۇ.

— ئەستەغپۇرۇللا، مەن شۇ مۇئەللىم دېگەنلەرنى كۆرمىسەم بولاتتى.

— خۇپىدىن ئاخۇننىڭ سەل بوينى قاتتىقراق، — ئوسمان گەپنى يەنە ئەسلىدىكى نىشانغا يۆتكىدى، — سومكىدىكى



www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ تازا بىر شىلىساق ماقۇل كېلىشى مۇمكىن.

— بوپتۇ، سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە قىلايلى. ئەمما مەن ھېلىقى ئەپەندىنىڭ بىر ەر چاتاق تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئۇنداق تۇكى چۈشمىگەن سويمەكلەردىنمۇ ئەنسىرەش كېتەمدۇ.

— ئوقۇغان ئادەملەرگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ، شۇجى، ئەپەندى دېگەن قىلنى قىرىق يارىدىغان نېمىلەر ئۇ.

خۇپىدىن ھويلىسىدا ئاق قوينىڭ بېشىنى چاترىقىغا قىستۇرۇۋېلىپ، دۇمبىسىدىن بىر نەرسە ئىلىز دىگەندەك مۇجۇۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — خۇپىدىن قوينى قويۇۋېتىپ قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ قېقىشتۇرغاچ ئوسمانلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، — قويدا كانا پەيدا بولۇپ قاپتىكەن. قېنى ئۆيگە كىرەيلى، شۇجى.

ھېمىت كاۋاپ سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىسقىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇپىدىن ۋە ئۇنىڭ قازانغا چۆپ تاشلاۋاتقان ئايالىدىن بىر - بىرلەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇ مەقسىتىنى ئاشكارىلاشقا ئانچە ئالدىرىماي، خۇپىدىن ئاخۇننىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، خوتۇننىڭ سالامەتلىكى ۋە بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاتىلارچە يۇمشاق تەلەپپۇزدا سوراپ چىقتى. مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ھەتتا گەپ ئاخىرىدا خۇپىدىنغا قاراپ: «ئايالىڭىزمۇ پاكىز، چېۋەر ئايالكەن» دېۋىدى، بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئايال ھېمىت كاۋاپقا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

شۇ ئارىدا تاماق تەييار بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاق چامغۇر توغرالغان ئۇگرە ئاش كەلتۈرۈلدى. ھىممەت كاۋاپنىڭ مۇنداق گۆش، ياغسىز غىزاغا ئانچە ئىشتىھاسى بولمىسىمۇ، بەك ئوخشاپتۇ، تاماققا كارامەت ئۇستىكەنسىز، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغاچ ئولتۇرۇپ بىر چىنە ئاشنى ناھايىتى تەسلىكتە تۈگەتتى.

— يەنە ئازراق ئەكېلەييا، ھاجىم، — خۇپىدىن ھىممەت كاۋاپنىڭ بوشاتقان چىنىسىنى تارتتى.

— بولدى، بولدى، قورسىقىم بەك تويۇپ كەتتى، — دېدى ھىممەت كاۋاپ كارتىدە بىرنى كېكىرىپ قويۇپ، — ئەسلىمۇ قورساق توق ئىدى. ئاشنىڭ مەززىلىك بولغىنى ئۈچۈن زورىغا ئىچىۋەتتىم.

— مۇنداق ئىش، خۇپىدىن ئاخۇن، — ئوسمان خۇپىدىننىڭ چىرايىغا مىختەك تىكىلىپ ئولتۇرۇپ مەقسەتنىڭ نەق ئۈستىدىنلا چۈشتى، — سىلىگە بىرنەچچە قېتىم دېدۇق. ئەمما، ئورمانغا تېخىچە بىر پالتا سالمىدىلا. كونىلاردا تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى يوق، دېگەن گەپ بار. ھۆكۈمەت كېسىشكە بۇيرۇق قىلغانىكەن، ھامان كەسمەي بولمايدۇ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھىممەت كاۋاپ كۆل رەڭ سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ، بىر تالاي ئالىيېشىل رەختلەرنى داستىخانغا تۆكتى. بۇلارنى ئالدىنقى ھەپتە ناھىيە بازىرىدا ئېچىلغان يەرمەنكىدىن ئەرزانلا سېتىۋالغانىدى.

— ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز، ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلارلا، خۇپىدىن ئاخۇن.

— ئاۋارە بولۇپلا ھاجىم، مۇنداق قىلمىغان بولسىلىمۇ بولاتتى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئايالىنىڭ يۈرىكى تىز - تىز

سوقۇشقا باشلىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىتىز دىن كىرمەيدىغان بۇ جاپاكەش ئايال مۇنداق ئالىي رەختلەرنى پەقەت باشقىلارنىڭ ئۇستىدىلا كۆرەلەيتتى. مانا ئەمدى داستىخاندا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئاجايىپ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى شېرىن چۈش ئىلكىدە ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— سىلى بىلەن بىز بىر ئىرىقنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ، بىر يولدا بىللە مېڭىپ چوڭ بولغان ئادەملەر، خوپىدىن ئاخۇن، — دېدى ئوسمان خوپىدىننىڭ دىلىغول بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، — ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ بىر - بىرىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇشماي، ئىززەتلىشىپ ئۆتۈپتىكەن. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ سىلىگە باشقىلار قاتارى مۇئامىلە قىلماي، خېلى يول قويۇپ كەلدىم. ئورمانىنى چىقىرىپ، يەرنى بىكارلاپ بەرسىلە. ھىممەت كاۋاپمۇ قولى ئوچۇق، سېخىي ئادەم. ياخشىلىقنى يامان قايتۇرۇشنى ئوبدان بىلىدۇ. ناۋادا سىلىگە يەر لازىم بولسا، داداۋىگە زاپاس قالدۇرۇلغان يەردىن ئۈچ - تۆت مو بېرەي.

— شۇنداق قىلايلى، دادىسى، — دېدى قولىغا كىرىپ بولغان ئامەتنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان ئايال ئېرىگە قاراپ، — شۇجىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويساق سەت تۇرار.

— ئايالىڭىزنىڭ كاللىسى خېلى ئىشلەيدىكەن، — ھىممەت كاۋاپ خوپىدىنغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا ھوشۇڭنى تاپمىساڭ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن، دېگەن مەنە يوشۇرۇنغانىدى.

— بوپتۇ، — دېدى خوپىدىن بېشىنى - - ى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ، — كەمسىنسەم ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭلى سۇنىدۇ. كەمسەم خېلى كۆپ زىيان تارتىمەن. زىيان تارتساممۇ ئوغول بالىچىلىق.

— خاتىرجەم بولسىلا، — مەيدىسىگە مۇشتلىدى ئوسمان، — مەن مۇشۇ كەنتتە شۇجى بولۇپلا تۇرىدىكەنمەن،

سىلىنىڭ تارتقان زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى باشقا بىرىدىن تولدۇرۇپ بەرمەي قويمايمەن. ئىككى كۈن ئىچىدە يىقىتىپ بولالامدۇ؟

— ئىككى كۈندە تۈگىمەس، شۇجى، مەن يالغۇز، بالا تېخى ئىشقا يارىمايدۇ.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىلى هازىر بەلنى مەهكەم باغلاپ ئورمانلىقتا بېرىۋەرسىلە، مەن بىر بۆلەك ئادەملەرنى ياردەملەشتۈرەي.

— ياردەملەشكەنلەرنىڭ ئىش هەققى مەندىن، — دېدى هىمىت كاۋاپ.

— ياقەي، هاجىم، — دېدى ئوسمان يەنە ئارىغا چۈشۈپ، — سىلىنى چىقىمدار قىلامدۇق. دېهقانلارنىڭ ئەمگەك ۋەزىپىسى بار. هاشار ئەمگىكىدىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن بولساق قويرۇقى ئەلەم باغلاپ قالىدۇ.

ئەخمەتجان خۇپىدىنىڭ ئورمانلىقىنىڭ تاپتاقىر تۈرگىنىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇلار تېخى ئىككى كۈن بۇرۇن روزى باقىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشۇپ، ئورماننى كەسمەيمىز، ناۋادا هىمىت كاۋاپ كېسىۋەتسە داۋا قىلىمىز، قانۇن بىر ياقلىق قىلىدۇ، دەپ ۋەدىلەشكەنىدى. ۋەدە دېگەن شۇنچە ئاجىز نەرسىمۇ؟ هىمىت كاۋاپنىڭ پۇلى شۇنچە قۇدرەتلىكمۇ؟ بىر كۈندىلا يۇغۇشتۇرۇپ بولغىنىدىن قارىغاندا بۇ ئىشتا چوقۇم هىمىت هاجىنىڭ قولى بار. . .

ئەخمەتجان هەر خىل قىياسلارنى قىلغاچ خۇپىدىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خۇپىدىن ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولنى ئىككى يېقىغا كەتمەننىڭ دەستىسىدەك، ئادەمنىڭ بىلىكىدەك، مەشنىڭ كانىيىدەك تومۇلۇقتىكى تېرەك كۆچەتلىرى دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ۋاقىتسىز نابۇت قىلىنغان بۇ نوتىلارنى كۆرگەن ئەخمەتجاننىڭ يۈرىكى ئوت يالقۇنىدا كۆيگەندەك چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كەتتى. خۇپىدىن ئاخۇن هويلىسىدا دۆۋىلەپ قويۇلغان

كۆچەتلەرنىڭ ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى.

— خۇپىدىن ئاخۇن ئاكا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئورماننى ئۆزىڭىز كەستىڭىزمۇ؟

— ئۆزۈم كەستىم، ئۇكام،— دېدى خۇپىدىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بىرنەچچە كۈن چىدىسىڭىز بولماسمىدى؟

— قويۇڭ، ئۇكام، ھۆكۈمەت كەس دېسە بىزدە نېمە ئىلاج؟

— بىزنى ئورمان كېسىشكە زورلىغىنى ھۆكۈمەت ئەمەس، بۇ ئىشنى قانۇن بىر ياقلىق قىلاتتىغۇ.

— ماڭا قاراڭ، ئۇكام، سىز ئوقۇغان ئادەم. باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن نېمە چىقسا قانۇن دېگەن شۇ. ئاچا ئېرىق كەتنىنىڭ قانۇننى ئوسمان شۇجى بەلگىلەيدۇ. شۇ تاپتا قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟

— خۇدادىن، مۇشۇنداق ياپپاش كۆچەتلەرنى قىرىپ تاشلىغىنىم ئۈچۈن قىيامەتتە نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن؟

— مەجبۇرلاپ كەستۇرگەنلەر جاۋاب بېرەر. خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ بولغۇچە مۇشۇ ئالەمدە جاجىسىنى يەمدۇ تېخى.

ئەخمەتجان ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا، ئوسمان بىلەن ھىمىت كاۋاپ ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. ئۇ بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلار بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىدى. ئەخمەتجان چاي تەييارلاۋاتقاندا، ھىمىت كاۋاپ سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ، ئىككى كىيىملىك ئەت رەڭلىك ۋە قىزىل رەڭلىك سارجىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان ناۋاتنى داستىخانغا قويدى:

— ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، مۇئەللىم،— دېدى چىرايىغا كۈلكە يامىرىتىپ.

— كايىپلا، ھاجىم، — ئەخمەتجاننىڭ ئۆزىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى، — كۆڭۈللىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاۋۋال مەقسەتلىرىنى بىلىپ باققۇم بار. سىلى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئورۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئەمەس. بۇ نەرسىلەرنى ماڭا نېمىشقا ھەدىيە قىلماقچى بولۇپ قالدىلىكىن؟

— مۇئەللىم ئۆزى ياش بولغىنى بىلەن يىلانىنىڭ كۆشىگىنىنى سىزەلەيدىغان سەگەك يىگىتكەن.

— شۇنداق، — ئوسمانمۇ ئالدىراپ سۆزگە ئارىلاشتى، — بۇ مۇئەللىم كەتتىمىزدىكى يىگىتلەرنىڭ ئالدى. بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مۇئەللىمگە كۆز قىرىنى سېلىپ يۈرۈشىدۇ. ھا. . ھا. . ھا.

ئەخمەتجاننىڭ غەزىپى تېخىمۇ قايىندى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئوبدان بىلەتتى.

— سىلى چېچەن ئادەم. بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئاللىقاچان پەملەپ بولدىلا، مۇئەللىم.

— يوغسۇ، مەن ھېچ نەرسىنى سەزگىنىم يوق.

— ئەمىسە ئوچۇق دەيلى، — ھىمىت كاۋاپنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىغان ئوسمان گەپنى يالىڭاچلىدى، — سىلىنىڭ ئاچىمدىكى يەردىن پايدىلىنىش مۆھلەتلىرى توشقانىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ئەخمەتجان.

— شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇ يەرنىمۇ قوشۇپ ھىمىت ھاجىمغا سېتىپ بەردى. ئەمدى ئىككى باشقا ئادەمنىڭ، ساقال باشقا ئادەمنىڭ بولۇپ قالسا قاملاشماس. شۇڭا، ئاشۇ يەردىكى ئورمانىنى كېسىپ يەرنى بىكارلاپ بەرسەك بولاتتى.

— ئەگەر كەسمىسەمچۇ؟

— مەن يەرگە پۇل ساناپ بولدۇم، مۇئەللىم، — ھىمىت



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كاۋاپ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى، — قولۇمدا يەر سىتىۋالغانلىق ھەققىدىكى ئىسپات بار. يەر ئاللىقاچان مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتۈپ بولدى.

— مېنىڭ قولۇمدىمۇ ئورماننى كېسىشمىگە يەتكۈچە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا شاھىد بولغان قىزىل كىنىشكا بار.

— كىنىشكا! — ھىمىت كاۋاپ بىلەن ئوسمان بىر-بىرىنىڭ چىرايىغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قېلىشتى.

— سىلى ئۇ كىنىشكىغا بەك ئىشىنىپ كەتمىسىلە، مۇئەللىم. كىنىشكىنى بېجىرىپ بەرگەن ئورۇن يەنە ئىناۋەتسىزمۇ قىلىۋېتەلەيدۇ.

— مەن بۇ كىنىشكىغا تولۇق ئىشىنىمەن. قىزىل بايراق لەپىلدەپلا تۇرىدىكەن، قىزىل كىنىشكا ئىناۋىتىنى يوقاتمايدۇ.

ھىمىت ھاجىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق دوقالغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلماقتا ئىدى.

— مەن سىلى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايمەن، — دېدى ھىمىت كاۋاپ گەپنى يەنە بۇراپ، — ھەممىمىزنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ. تەشكىل قانداق كېسىپ قويسا، مەن شۇنىڭغا رازى.

— ماۋۇ گەپلىرى جايىدا بولدى. تەشكىلنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا مەنمۇ قوشۇلىمەن.

— ئۇنداقتا ئورماننى. . . — ئوسمان يەنە لوقما سالدى.

— ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىنىمۇ قۇرامىغا يەتمىگۈچە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلغىلى بولمايدۇ. ئورمانمۇ دەل نارىسىدە بالىغا ئوخشاش، ئۇنىمۇ كېسىمگە يەتمىگۈچە كېسىشكە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بار.

ھىمىت كاۋاپنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بىردە

ئوسمانغا، بىردە داستىخاندىكى نەرسىلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.
— ماۋۇ سوۋغاتلىرىنى سومكىغا سېلىۋەتسىلە، ھاجىم.
— كىچىك بالىدەك گەپ قىلمىسىلا، مۇئەللىم، — ئوسمان يەنە ئارىغا چۈشتى، — ھاجىم سىلىگە ئاتاپ داستىخانغا چىقىرىپ بولغان نەرسىنى يەنە قايتۇرۇپ كېتەتتىمۇ؟
— ئىشقىلىپ مەن بۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلمايمەن.
— بوپتۇ ئەمىسە، قوبۇل قىلمىسا ئالغاچ كېتەيلى، — ئوسمان ھىمىت كاۋاپنىڭ كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق داستىخاندىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ سومكىغا سالدى.
ئەخمەتجان مېھمانلارنى يولغا سېلىۋېتىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مۇھەممەت ئاكىمۇ ئاشۇ ئورمان توغرىسىدا بېشىنى قاتۇرۇپ ئولتۇراتتى.
— بولدى قىلالايلىمىكىن، بالام، — مۇھەممەت ئاكا مەشتە كۆيمەي تۇتۇن چىقىرىپ تۇرغان قوناق مەدىكىنى پۈۋلەپ قويۇپ ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ھىمىت كاۋاپ قولىنى نەگە سوزسا يەتكۈزەلەيدىغان ئادەمكەن. قارىغاندا ئوسمان شۈجىمۇ ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتقاندەك قىلىدۇ.
— ئۇ تەرىپىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن، دادا. ئەمما، بۇ ئىشتا بەل قويۇۋەتسەك زىيان تارتقىنىمىز تارتقان.
— بۈگۈن شۈجى روزى باقى ئاخۇنغا بەك قاتتىق ئاھانەت قىلىۋەتتى.
— نېمە دېدى؟
— بەز يېگەن مۈشۈكتەك كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ تۇرۇۋەرمەي، ئورماننى كېسىپ، يەرنى بىكارلاڭ، دېۋىدى، روزى باقى ئاخۇن بىچارە كۆپچىلىك ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.
— سىزگىمۇ گەپ قىلدىمۇ؟
— ماڭا ئانچە قاتتىق تەگمىدى. كۆمسەم پىشارمىكىن،

ياقسام پىشارمىكەن دەپ تەلەي سىناپ تۇرنۇەرمەي يەرنى بىكارلاپ بەرسىلە، دېدى.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— كېلەر ھەپتە باللار جەم بولغاندا كېسەيلى، دەپ قويدۇم.

— ئەمدى بىر نېمە دېسە، نوچى بولساڭ ئۆزۈڭ كەس، مەن كەسمەيمەن دەپ چىڭ تۇرۇڭ. يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر مۇشت سالالمايدۇ.

— ئوسماننىڭ ئەلپازى بەك يامان كۆرۈندۇ، يۇرت ـ مەھەللە ئالدىدا يامان ئاتاق كۆتۈرۈپ قالمايلى، بالام.

— يامان ئاتاقتا قېلىشتىن قورقساق، باشقىلار ياشىسا، بىز ئۆلسەك بولىدۇ، دادا، قىلغان ئىشىمىز دۇرۇسلا بولىدىكەن، ھەرقانداق ئاتاقتا قېلىشتىن قورقماسلىقىمىز لازىم.

مۇھەممەت ئاكا ئوغلىنىڭ گېپىگە ئوشۇقچە بىر نېمە دېمىدى، ئۇ ئوسماننىڭ دىل ئازار قىلىشىدىن قورقاتتى. ئەمما ئوغلىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرغۇسىمۇ كەلمەيتتى.

بىر نەچچە كۈن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. مۇھەممەت قويچىنىڭ ئائىلىسىگە يۈزلەنگەن بىسىم ۋاقىتلىق پەسەيگىنى بىلەن روزى باقى ئاخۇنغا ئاراملىق بولمىدى. ئۇنىڭغا توغرىلانغان زەھەرلىك نەشتەر سانجىلماي قالمىدى. كەنت شۇجىسى ئوسمان ھەر خىل قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، روزى باقىنىڭ نامىدىكى ئورمانلارنى پۈتۈنلەي كەستۈرۈۋەتتى. ئەمدى بۇ يەردە پەقەت مۇھەممەت قويچىنىڭ نامىدىكى ئورمانلار بوۋاي، مومايلارنىڭ يىگانە چىشىدەك دىڭگىيىپلا قالغاندى.

ئابدۇكېرىم كارىۋات ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ كىتاب كۆرۈۋاتقاندا، ئەخمەتجان كىرىپ كەلدى.

— كەل ئاداش، يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ تۇراتتىم.
— مەنمۇ شۇ. ئويلىسام كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىر ھەپتىدىن ئېشىپتۇ. شۇڭا، يوقلاپ كېلىشىم.
— ياخشى قىپسەن، بىرەر قولدىن شاھمات تىزامدۇق؟
— تىزساق تىزىلى، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىپ باردۇ.
— نېمىشقا ئاغرىيدۇ؟
— ئورماننىڭ كاشىلىسى بولمامدۇ.
— ئۇ ئىشلار تېخى تۈگىمىدىمۇ؟
— ئەمدى ئەۋجىگە چىقتى.
— كېسىپ بولدى دەپ ئاڭلىغانتىمغۇ؟
— باشقىلار كېسىۋەتتى، پەقەت بىزنىڭلا قالدى.
— نېمە قىلاي دەيسەن؟
— نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. قارىغاندا ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئەرز قىلمىسام بولمىغۇدەك.
— ئەرز قىلساڭ قىل، خەقلەر گەجگىمىزگە مىنىپ ئۇسسۇل ئوينىسا، بىز ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ خور ئوقۇساق ئادەملىكىمىزنى يوقاتقىنىمىز شۇ. تېگىشلىك نېسىۋىمىزنى تىرىشىپ - تىرمىشىپ قولغا ئېلىشىمىز كېرەك. ئاۋۋال ئورمان قانۇنىنى تاپايلى. قانۇندا كېسىمگە يەتمىگەن ئورماننى نابۇت قىلغانلارغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە بار. شۇ ماددىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەرز سۇنساق، چوقۇم ئۇتۇپ چىقالايمىز. مېنىڭ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە تونۇشۇم بار. سەن ئەرز قىلىۋەرگىن. مەن پۇرسەت تېپىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قوياي. ئەمما، بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقمايمەن.
— سەن پەقەت ئىشنىڭ يولىنىلا كۆرسىتىپ بەرسەڭ بولىدۇ. مەنمۇ بۇ ئىشقا سېنى ھەرگىز چېتىۋالمايمەن.
— ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن.

— ماقۇل.

ئۇلار بىرھازاغىچە پاراڭلاشقاچ شاھمات ئويناپ، ئىنغىر ياتقۇ بولغاندا ئەخمەتجان ئاغىنىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتى.

## تۆتىنچى باب

ئورمانچىلىق ئىدارىسى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى خىلۋەترەك كوچىدا ئىدى. ئەخمەتجان دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ باشلىقتا دەيدىغان گېپىنى يەنە بىر قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەپسۇس، باشلىق ئىدارىدە يوق بولۇپ چىقتى.

— جوجاڭ ئەتىگەن سوغۇققۇم يېزىسىغا كەتكەن، — دېدى چىرايلىق ياسىنىۋالغان بودرە چاچ ئايال، — ئېھتىمال كەچرەك قايتىپ كېلەر.

سوغۇققۇم دەل ئەخمەتجانلارنىڭ يېزىسى بولۇپ، ئاچا ئېرىق كەنتى شۇ يېزىغا قارايتتى. ئەخمەتجاننىڭ كاللىسىدا ئىشىم ئوڭدىن كەپتۇ، دېگەن خىيال لىپپىدە پەيدا بولدى ـ دە، ئايالغا خوش دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ ئارقىسىغا قايتتى. ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىزنىڭ يېزىغا نېمە ئىش بىلەن كەتكەندۇ؟ بىزنىڭ ئورمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بولسا ھەل قىلىش ئۆچۈن ماڭدىمۇ يا. راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسىغۇ ئوسمان شوجى بىلەن ھىممىت كاۋاپنىڭ چالمىسى سوغا چۈشەتتى. ناۋادا باشقا خىزمەت بىلەن ماڭغان بولسىمۇ ئەھۋالنى ئۇقسا، ئورماننىڭ ئىشىنىمۇ قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەر. بىراق، ئۇ باشلىق بىلەن تونۇشلۇقىمىز يوق. تونۇش بولۇپ قالغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! بولدىلا، ئىزدەپ ـ سوراپ كۆرۈشمەمدىم. باشلىق دېگەن ھەممىشە تونۇشىنىڭلا ئىشىنى بېجىرەتتىمۇ. ئەخمەتجان ئاشۇنداق

خىياللارنى قىلغاچ يېزىلىق ئورمان پونكىتىغا كەلدى. دەرۋازىنىڭ بېقىنىدىكى پاكارغىنا كونا ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇراتتى. ئەخمەتجان بوسۇغىدىلا تۇرۇپ ئۆيگە بويۇنداپ قارىدى. ئاق سۇلياۋ مىخلانغان يوغان دېرىزە ئالدىدا سىرلانمىغان كېلەڭسىز ئۇستەل، ئۇستەلدە قارا رەڭلىك چۆرۈمە تېلېفون تۇراتتى. تېلېفون يېنىدا ئوتتۇرا ياشلاردىكى دورداي كالپۇك بىر كىشى بىر بۇردا زاغرىنى كۇرۇشكىدىكى چايغا چۆكۈرۈپ راسا ئىشتىها بىلەن يەۋاتاتتى.

— ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كەلمىدىمۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كېلىشلىرى؟

— ناھىيىدىن.

— ئالدىلىرىغا پىكاپ يولۇقمىدىمۇ؟ جوجاڭ ھازىرلا يانغان، تېخى ئىدارىسىگىمۇ بېرىپ بولالمىغاندۇ.

— ھەي، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان! — ئەخمەتجان پېشانىسىگە پاقىدە شاپىلاقلاپ قويۇپ، پونكىت دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇ يول بويى ھەر خىل گادىرماچ خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ، پىكاپقىمۇ دىققەت قىلمىغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئەخمەتجان ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدا يەنە پەيدا بولدى. بۈگۈن تۈنۈگۈنكىدىن بالدۇرراق كەلگەنىدى.

— جوجاڭ ئىشخانىدا بار، — دېدى تۈنۈگۈنكى ئايال ئۆدۈلدىكى ئىشخانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — باشقىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ، سەل تۇرۇپ كىرسىلە.

ئەخمەتجان باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا تەلمۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، پىكرى چېچىلاتتى. شۇ چاغدا ئۇ باشلىققا دېمەكچى بولغان گېپىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ كەلمىگەنلىكىگە سەل پۇشايمان قىلدى. بىر ھازادىن كېيىن ئىشخانا ئىشىكى ئېچىلىپ، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم چىقتى.

ئىشخانىدا كۆزەينەكلىك بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇلار خوشلىشىپ ئىشىك يەنە يېپىلدى. ئەخمەتجان ئىشىككە ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ يەڭگىلگىنە چەكتى.

— كىرىڭ، — دېدى سىلىق تەلەپپۇزدا.

ئەخمەتجان ئىشخانىغا كىردى. بۇلۇڭدىكى توك ئوچىقىغا قويۇلغان چەينەك بىر خىل رىتىمدا ۋىژىلداپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ.

ئەخمەتجان ساپاغا ئاستا ئولتۇرۇپ، باشلىققا لەپپىدە قارىدى. ئىدارە باشلىقى پاكارراق، سېرىق چىراي ئادەم ئىدى. يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالغان كۆزەينەكى چىرايىنى تېخىمۇ سۇرلۇك قىلىپ كۆرسەتتەتتى.

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— سوغۇققۇم يېزىسىدىن.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ھە، مەن سوغۇققۇم ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئائىلىمىز ئاچا ئېرىق كەنتىدە. بىز بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كەنت ياقىسىدىكى قۇملۇقتىن بوز يەر ئېچىپ ئورمان سالغانىدۇق...

ئەخمەتجان باشلىققا دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماي دەۋەتتى. تۇنۇگۇن دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ كۆڭلىگە تىزغىنىدەك ئىدىتلىق بايان قىلالمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا مەقسىتى چالا قالمىدى.

— سىلى قايتىپ تۇرسىلا، مۇئەللىم، — ئىدارە باشلىقى ئەخمەتجاننىڭ گېپىنى تۈگىتىشكىلا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈردى، — مەن ئەھۋالدىن خەۋەرلەندىم. بىز ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ باقايلى. ئەھۋال راستىنلا سىلى دېگەندەك بولسا، كېسىلمىگەن ئورمانغۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ھەتتا كېسىلگەن ئورماننىڭمۇ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ماقۇل، جوجاڭ. ئەمىسە مەن سىلىنىڭ يوللىرىغا قارايمەن.

ئەخمەتجان باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن خىلىلا يېنىكلەپ قايتتى.

«شۇنچىلىك ئىشكەنغۇ مانا. قېنى ھىممىت كاۋاپ كۆرەڭلەپ باققىنا! سېنىڭ كۆرەڭلەيدىغان كۈنلىرىڭمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ھەي ئىسىت، روزى باقى ئاخۇن بىلەن خۇپىدىن ئاخۇنلار نېمىشقىمۇ ئالدىراپ كېسىۋەتكەن بولغىيتى. ئۇسمانىنىڭ ھەيۋىسىدىن شۇنچىمۇ قورققان بارمۇ. دېھقان دېگەننىزە.»

ئەخمەتجاننىڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە بېرىپ كەلگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئەمما، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ شەپىسىمۇ يوق ئىدى. كۈنلەر ئۆتۈۋەرگەنسېرى ئورماننىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مۆھەممەت ئاكىنىڭ ئىرادىسىمۇ لىغىشىپ قالدى. ھىممىت كاۋاپمۇ ئەخمەتجاننىڭ كۆزىگە كىرىشىپلا قالغانىدى. گەرچە ئۇ ئەخمەتجانغا قوپال تېگەلمىسىمۇ مەكتەپكە بارسا مەكتەپتە، ئۆيگە كەلسە ئۆيدە پەيدا بولاتتى.

— ئادەم ئالدىرىغانغا ئالدىرىماي خەت يېزىپ ئولتۇرىدىكەنلا، مۇئەللىم، — ھىممىت كاۋاپ ئەخمەتجاننىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرىپ شۇنداق دېدى، — نېمانچە تۈگىمەيدىغان خەت بۇ!

— بىز خەت يېزىپ نان يەيدىغان ئادەملەر، ھاجىم. مۇشۇنداق خەت يازمىساق، ھۆكۈمەت مائاش بەرمەيدۇ.

— ئورماننى بۇگۈن كەستۈرەيلى، مۇئەللىم، ئەگەر ئەمگەك كۈچىدىن قىسىلسىلا ئادەمنى مەن چاقىراي.

— سىلى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇئامىلە مەۋجۇت ئەمەس، ئىشنى بېشى بىلەن قىلاي دېسىلە يەرنى

كىمدىن ئالغان بولسىلا شۇنى ئۇتسىلا.
— كەنت كادىرلىرى مەندىن پۇلنى ساق ساناپ ئېلىپ بولغان ئۇرسا، يەنە شۇلارنى ئۇتامدىم. ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى قالمىدى.
— ئۇنداقتا سىلى بىلەمدۇ مېنىڭ ئالاقەم يوق، ھاجىم. مەن ئورمان كەسمەيمەن. نوچى بولسىلا بېرىپ ئۆزلىرى كېسىۋەتسىلە.
— نېمە! ؟ — ھېمىت كاۋاپنىڭ قىسماق كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — سىلىنىڭ ئورمانلىرىنى مەن كېسەمدىم؟ ماڭا ئورمان ئەمەس، يەر لازىم، يەر!
— ئەمىسە مەن سىلىنىڭ يەرلىرىنى ئېلىۋالدىممۇ؟
— بولدى، مەن سىلىدەك قائىدە ئۇقمايدىغان ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرمايمەن، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ئادەمكەنغۇ بۇ! — ھېمىت كاۋاپ ئەخمەتجاننىڭ ئىشخانىسىدىن تېرىككەن پېتى چىقىپ كەتتى.
— قائىدە ئۇققان بولسىلا مەن بىلەن ئەمەس، يەرنى بەرگەنلەر بىلەن سۆزلىشەتتىلە، — دېدى ئەخمەتجان ھېمىت كاۋاپنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنلۇك ۋارقىراپ.
يەنە تەخىر قىلىۋېرىشكە بولمايتتى. ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ يەنە ئۆتكۈزۈۋېتىشىنىڭ پايدىسىزلىقى ئەخمەتجانغا ئايان بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە باشلىقنى ئالدىرىتىش ئۈچۈن ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە قايتا كەلدى. ئىدارە باشلىقى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى.
— سىز ئىتتىپاق كومىتېتىدىن سوغۇققومغا خىزمەتكە چۈشكەن ئابدۇكېرىمنىڭ ساۋاقدىشى بولامسىز؟ — سورىدى ھېلىقى بۇدرە چاچ ئايال.

ــــ ھەئە، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان. «ئابدۇكېرىمنىڭ تونۇشى مۇشۇ ياسانچۇق خېنىمكەن ـ دە، مۇنداق مودىكەشلەرنىڭ قولىدىن ياسىنىشتىن بۆلەك نېمە ئىش كېلەتتى. ھېچبولمىغاندا گېپى ئۆتىدىغان بىرەر ئەر بىلەن تونۇش بولغان بولسا، ئىشلىرىمغا ئازراق پايدىسى بولماسمىدى.» ئەخمەتجان شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ــــ مەن مۇشۇ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىمەن، ــــ دېدى ئايال ئەخمەتجاننىڭ قىياسىنى ئالدىن پەملىگەندەك، ــــ ئىسمىم ماھىنۇر.

ئەخمەتجان ھېلىلا ماھىنۇر توغرىسىدا قىلغان بىمەنە خىيالىدىن ئۆكۈندى. «ھەي، مېنىڭ گۇمانخورلۇقۇمنى قارىمامدىغان، بۇ ئايال ئەسلى ئىدارىنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىكەن ئەمەسمۇ.»

ــــ ئابدۇكېرىمدىن ئەھۋالىڭىزنى ئۇقتۇم، ــــ دېدى ماھىنۇر، ــــ ھىممەت كاۋاپنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ سىلەر چىڭ تۇرۇڭلار. ئەمما بۇ ئىشىڭىزنىڭ ھەل بولۇشىدىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

ــــ نېمىشقا دەيسىز؟

ــــ ئۇنى سورىماڭ.

ــــ سىز ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ھەل قىلىپ قويىسىڭىز بولمامدۇ؟

ــــ بۇ ئىشنى مەن يالغۇز بىر تەرەپ قىلالمايمەن. مېنىڭچە بولسىغۇ كەنت شۇجىسى بىلەن ھىممەت كاۋاپنى سوت ئالدىغا سۆرەپ بارغۇم بار.

سۆھبەت شۇ يەرگە كەلگەندە، كارىدوردىن تاق ـ تۇق ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ـ دە، ھېلىقى كۆزەينەكلىك باشلىق ماھىنۇرنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدىن ئۆزىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

— مەن چىقاي، — ئەخمەتجان ئاستا ئورنىدىن تۇردى.
— ھەر ھالدا سۆزلىشىپ بېقىڭ.
ئەخمەتجان باشلىقنىڭ ئىشىكىنى سىلىق چەكتى.
— كىرىڭ، — دېدى باشلىق ئۇنى ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ.
ئەخمەتجان گېپىنى باشلاپ بولغۇچە باشلىقنىڭ سوئالىغا دۇچ كەلدى.
— نەدىن كەلدىڭىز؟
— سوغۇققوم يېزىسىدىن.
— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — باشلىق ئەخمەتجاننى راستتىنلا تونۇيالمىدىمۇ ياكى قەستەنگە قىلىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى.
— مەن ئالدىنقى ھەپتە ئورمان دەۋاسى بىلەن كەلگەن ھېلىقى...
— ھە، ئېسىم قۇرۇسۇن. قاراڭ تونۇيالمىغىنىمنى، خىزمەتلەر بەك ئالدىراش. ئىزدەپ كېلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا...
ئەخمەتجان باشلىقنىڭ جاۋابىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈشكە باشلىدى. باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن قانداق جاۋاب چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئىدى. ماھىنۇرنىڭ بايامقى بۇ ئىشىڭىزدىن بەك ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ، دېگەن گېپىنى ئويلىسا ئۈمىدسىزلىنەتتى. باشلىق ئاخىر زۇۋانغا كەلدى.
— سىز ئىنكاس قىلغان ئىشنى بىز تەكشۈردۇق. يەر سېتىش ئىشىغا يېزىلىق ھۆكۈمەت بىۋاستە ئارىلىشىپتىكەن.
— ئەمدى ئورماننى كېسىۋېتەمدۇق؟
— ماڭا قاراڭ، يىگىت، — باشلىق ئاق ئارىلاشقان شالاڭ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە قايرىپ ئەزمىلىك بىلەن جاۋاب بەردى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قىلغان ئىشىنى بىز

ئالدىراپ بۇزالمايمىز. مۇنداق نازۇك مەسىلىلەرگە قارىتا سەل ئېھتىياتچانراق بولمىساق بولمايدۇ. سىزنىڭ تۆت توپ ئورمىنىڭىزنى دەپ يېزا رەھبەرلىرى بىلەن ئارازلىشىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. سىز قايتىپ بېرىپ، يېزىلىق ئورمان پونكىتىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ.

ئەخمەتجان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، باشلىقتا خوشمۇ دېمەي چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا پۈتۈن بىنا، پۈتۈن يەر شارى تەتۈر چۆرگىلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. «يېزىلىق ئورمان پونكىتىدىكىلەر بىلەن نېمىدەپ كۆرۈشىمەن؟ دادىسى چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىگەن ئىشقا بالىسى نېمە دېيەلەيتتى؟ ئۇنداق دېگۈچە ھىممىت كاۋاپنىڭ تەلىپىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرۈڭ دېسە بولمامدۇ». ئەخمەتجان ماھىنۇرنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ باقتى. ئىشىك ئوچۇق، ئەمما ئىشخانىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىدارە ھويلىسىغا چىقىپ ۋېلىسىپتنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىۋاتقاندا، يېقىنلا يەردىن ماھىنۇرنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قايتامسىز؟

ئەخمەتجان بېشىنى كۆتۈردى. ماھىنۇر ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتاتتى.

— قايتىپ كېتەي، ئىش راستتىنلا ئەپلەشمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — ماھىنۇر ياپىيېشىل ئارچا دەرىخى تۈۋىدىكى جۇمەكتە قوللىرىنى يۇغاچ سورىدى.

— بىلمەيمەن، ئەمما سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن.

— بولدى، سورىمايلا قويۇڭ. سىزنىڭ نېمىنى سورايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرىمەن.

— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىسىڭىزمۇ ئابدۇكېرىمنىڭ يۈزىنى قىلىڭ. سىز ئابدۇكېرىمنىڭ يېقىن دوستىكەنسىز.

مەنمۇ ئۇنىڭ ياخشى دوستى.

— خاتالاشتىڭىز، ئابدۇكېرىم مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، سىڭلىمنىڭ ئېرى.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئىككىمىزنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە ئاساسلانغاندا، بىز يات ئادەملەر ھېسابلانمايدىكەنمىز. ماڭا بۇ ئىشتا ئويلىنىۋاتقان ئويۇڭنى دەپ بېرىڭ. ئەگەر ماڭا ئېيتىپ بەرمىسىڭىز، ئەتە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئابدۇكېرىمنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتىمەن. ئۇ چاغدىمۇ دەپ بەرمەي تۇرالماسسىز.

— توختاپ تۇرۇڭ. مەن ئىشخانىنى تاقىۋېتىپ كېلەي. يولدا ماڭغاچ پاراڭلىشايلى.

بازارنىڭ كوچىلىرىدا ئادەملەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئاستا ماڭغاچ پاراڭغا چۈشتى.

— سىز جۇجاڭ بىلەن كۆرۈشكەن كۈننىڭ ئەتىسىغۇ دەيمەن، — دېدى ماھىنۇر سومكىسىدىن ئاپئاق پەلىيىنى ئېلىپ قوللىرىغا كىيگەچ، — جۇجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا بىر ئىش بىلەن كىرىۋىدىم، مېنى كۆرۈپلا جىمىپ كەتتى. بۇرۇن بىزنىڭ باشلىق ئۇ ئادەمنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى كونا دوستلاردەك بولۇپ كېتىشتى. ئاڭلىشىمچە، ھىمىت كاۋاپ ئاخشاملىرى جۇجاڭنىڭ ئۆيىگە تولا يورغىلارمىش.

— ھىمىت كاۋاپ سىلەرنىڭ باشلىقىڭىزمۇ بۇرۇنغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ بوپتۇ ـ دە، يېزىغا بېرىپ تەكشۈردۇق، دەۋاتىدۇ تېخى.

— كىم؟

— سىلەرنىڭ باشلىقچۇ؟

— بىكار گەپ. تەكشۈرۈشكە بارسا مەن ئۇقماي قالامدىم.

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت سىزگە.
— ماشا رەھمەت دېمەك، شۇ تاپتا ئورمانلىن قۇتۇلدۇرالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.
— بۇ ئىشنى سىزدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. باشقا يەرلەرگە ئەھۋالنى ئېيتىپ باقسام قانداق بولار؟
— قەيەرگە؟
— مەسىلەن، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا.
— ئورماننىڭ كۆلىمى قانچىلىك؟
— بەش مو ئەتراپىدا.
— ئازكەن. ئون مودىن ئاشقان بولسا ئورمانچىلىق باشقارمىسى قول تىقاتتى.
— ئەسلى ئون بەش مو ئىدى. قالغان ئىككى قوشنىمىز شۈجىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي ئون مونى كېسىۋەتتى.
— ئۇنداقتا باشقارمىنىڭ ھەل قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىكەن، پەيتنى چىڭ تۇتۇڭ. ئورمانچىلىق باشقارمىسىدا سىدىق دەيدىغان بىر باشلىق بار. ئۇ ھەققانىيەتچى ئادەم. بەلكىم ئۇ ئىشىڭىزنى ھەل قىلىپ قويار.
ئەخمەتجانغا ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈش ئانچە تەسكە توختىمىدى. چوشلۇك تاماق ۋاقتى توشقاندا، ئېگىز بىنانىڭ ئالدىدا قارا پىكاپتىن چۈشۈۋاتقان سالاپەتلىك كىشىنى سىدىق چوجاڭ دېگەن ئاشۇ، دەپ كۆرسىتىپ قويدى دەرۋازىۋەن. ئەخمەتجان دەرۋازىۋەنگە رەھمەت ئېيتىپ باشلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. باشقارما باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئېگىز بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئىدى. دېرىزە تەكچىسىدە بىرنەچچە تەشتەك گۈل بار ئىدى. دېرىزىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئوچۇق بولۇپ، ھاۋارەڭ پەردە بوشقىنا يەلپۈنەتتى.
— ئولتۇرۇڭ، — باشلىق ئۆزىگە ئەگىشىپلا كىرگەن يىگىتكە كىرىسلودىن جاي كۆرسەتتى.

— نەدىن كەلدىڭىز؟ — باشلىق پەلتوسىنى سېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىۋېتىپ سورىدى.

— ئايدىڭكۆل ناھىيىسىدىن كېلىشىم، — ئەخمەتجاننىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى كۆزەينەكلىك باشلىقمۇ تۈنجى كۆرۈشكەندىلا شۇنداق سورىغانىدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— مۇنداق بىر ئىشنى ئۆزلىرىگە ئىنكاس قىلماقچى ئىدىم، — ئەخمەتجان ھەممە گەپنى بىر باشتىن سۆزلىگىلى تۇردى.

— كېسىلگەن ئورمان راستتىنلا ئۇن مو كېلەمدۇ؟ — سورىدى باشلىق ئەخمەتجاننى گەپتىن توختىتىپ.

— ئۇن مودىن ھەرگىز كەم ئەمەس، ھازىر كېسىلىش خەۋپى بارى بەش مو.

— ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكىلەر نىمە دېدى؟

— ئۇلار دەسلەپتە سۈرۈشتۈرمەكچى بولغان، — ئەخمەتجان ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرىنىمۇ ئېچىۋەتتى.

— كېسىلگەن ئورمان ئېتىز ئۈستىدىمۇ ياكى يۆتكىلىپ بولۇندىمۇ؟

— كەنت شۇجىسى ئادەم تەشكىللەپ شۇ كۈنىلا يۆتكىۋەتكەن، ھازىر دېھقانلارنىڭ ھويلىسىدا.

باشلىق ئۈستەلدىكى قىزىل تېلېفوننىڭ نومۇرىنى باسقىلى تۇردى. ئەخمەتجان ناھىيىدىكى باشلىقنىڭ بۇ دېلونى يېزىلىق ئورمان پونكىتىغا چۈشۈرۈپ بەرمەكچى بولغىنىدەك، ئەمدى ماۋۇ يوغان باش ئەمەلدارمۇ ناھىيىگە چۈشۈرۈپ بېرەمدۇ نېمە، دەپ گۇمان قىلدى ۋە سەل چۆچۈدى. ئەمما، سىدىق چۇجاڭ تېلېفوننى ئايدىڭكۆل ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە

ئەمەس، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىر بۆلۈمگە توغرىلاپ تۇرغانىدى.

— ۋەي، تۇردىنمۇ؟ مېنىڭ ئىشخانامغا كىرىڭلا. باشلىق تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋېتىپ، ئەخمەتجاندىن يەنە گەپ كوچىلىغىلى تۇردى.

— كېسىلگەن ئورماننىڭ ئىگىسى ئەرز قىلماپتىمۇ؟

— قورققان گەپ. كەنت دېگەندە شۇجىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان دېھقانغا ياخشى ئاقىۋەت يوق.

شۇ ئارىدا ساقچى فورمىسى كىيگەن ئېگىز بويلۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ئايدىڭكۆل ناھىيىسىنىڭ سوغۇققۇم يېزىسىدا كېسىمگە يەتمىگەن ئورمانغا سوغۇق قول تەگكەن ئوخشايدۇ، — دېدى باشلىق ئورنىدىن ئازراق مىدىرلاپ قويۇپ، — ئەتىلا بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىڭ.

— ماقۇل چۇجاڭ.

— يەنە بىر گەپ، — باشلىق ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىنى توختىتىپ قوشۇمچە قىلدى، — ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ماھىنۇرنى ياردەملەشتۈرۈڭ.

— بولىدۇ.

— بۇ بىزنىڭ ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، — باشلىق ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقان كىشىنى ئىما قىلىپ دېدى، — خىزمەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل بېجىرىدىغان ئادەم. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئەتىلا بىلىنىدۇ.

«باشلىق دېگەننىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىشىدەك بولسا ــ ھە» دەپ ئويلىدى ئەخمەتجان ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئەخمەتجان ناھىيىگە قايتىدىغان ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە، ئويلىمىغان يەردىن ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ۋوي، قاچان كەلدىڭ؟

— چۈشنىڭ ئالدىدىراق كەلگەن. ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى ھېلىقى شىشە كۆز بەك نەپسانىيەتچى نىمكەن. ئۇ ھىممىت كاۋاپنىڭ سەنىمگە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا كەلدىم.

— باشلىق بىلەن كۆرۈشەلىدىڭمۇ؟

— كۆرۈشتۇم. باشقارما باشلىقى بەك كىچىك پېئىل ئادەمكەن. تەكشۈرۈشكە ئادەم بەلگىلەپ بولدى. ئۆزۈڭ تويۇقسىز كېلىپ قاپسەنغۇ؟

— بىر ئاغىنەم بالىسىنىڭ مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپتىكەن. خەۋەر تېپىپلا يولغا چىقتىم. يۈرە، بىرىپ بىرگە قايتايلى.

— مەن مېڭىپ تۇراي، ئاداش، بۇ يەرگە كېلىشىمدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

— خوش ئەمىسە، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئابدۇكېرىم ساھىبخانىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە، مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزاپ بولغانىدى. كەچ كىرگەندە دوستى ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىگە قوشۇلمىدى.

— ئالدىرىماي تۇر، كەچلىك ئولتۇرۇشنى ئەمدى باشلايمىز. ھاراق ئىچمىسەڭمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەر.

ئابدۇكېرىم دوستىنىڭ لەۋزىنى رەت قىلالمىدى. ئولتۇرۇش باشلانغاندا، ئۇ مېھمانلارغا بىرنەچچە پەدە دۇتار چېلىپ بەردى.

ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى ئۆينىڭ ھاۋاسىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئابدۇكېرىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۆيدىن ياڭرىغان چۇقان ـ سۈرەن كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ خېلى يىراقلارغا كېتەتتى. ئابدۇكېرىم كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ ھاۋالىنىشنى ئويلاپ ئاستا ماڭدى. ئەمما، قوشنا

www.uyghurkitap.com

ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇنىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. دەرۋازا ئالدىدا سىغىزرەڭ پىكاپ توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئابدۇكېرىم پىكاپنىڭ نومۇرىغا قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بۇ دەل ھىمىت كاۋاپنىڭ ماشىنىسى ئىدى. شۇ چاغدا ھويلىدا گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئىككى ئادەم چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرى ھىمىت كاۋاپ ئىدى. ئابدۇكېرىم سورۇنغا كىرىپ ئۆي ئىگىسىدىن:

— ماۋۇ ئوڭ تەرەپتىكى كىمنىڭ ئۆيى؟ — دەپ سورىدى.

— سىدىق چوجاڭنىڭ.

— قايسى باشقارمىنىڭ باشلىقى ئۇ؟

— ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ.

— نېمە! — ئابدۇكېرىمنىڭ ئاۋازى جىددىي تۈس ئالدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچ ئىش يوق.

— راست گەپ قىلە، چىرايىڭ تاتىرىپ كەتتىغۇ.

— ھېچ ئىش يوق دېدىمغۇ، — ئابدۇكېرىم كىرىشلوغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۈنسىز ئولتۇرۇۋالدى.

## بەشىنچى باب

ئەخمەتجان ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىدىكى ھېلىقى ساقچى فورمىسى كىيىۋالغان قاتاڭغۇر ئادەمنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ زارىقتى. باشقارما باشلىقىنىڭ ئىسىل بېزەلگەن ئىشخانىسىدىكى قىسقىلا سۆھبەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. بىردىنلا كۆڭلىگە تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ ماڭا ئۇقتۇرمايلا بىر ياقلىق قىلىۋەتكەنمىدۇيا، دېگەن گۇمان كىرىۋېلىپ، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى ماھنۇرنى ئىزدەپ ماڭدى. تەكشۈرگۈچىلەر كەلگەن بولسا، ماھنۇر

بىلمەي قالمايتتى.

ئورمانچىلىق ئىدارىسى تىپتىنچ، ئىشخانىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىك ئىدى. ئەخمەتجان ماھىنۇرنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدىن يېنىشىغا كارىدورنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

ئەخمەتجان ئارقىسىغا ئىتتىك بۇرۇلدى. ۋىجىككىنە ئايال قىزىل چايداننى كۆتۈرۈپ ئاستا كېلىۋاتاتتى.

— ماھىنۇر چۇجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، — جاۋاب بەردى ئەخمەتجان.

— ماھىنۇر چۇجاڭ دوختۇرخانىغا كەتتى.

— دوختۇرخانىغا؟

— ھەئە، سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى ئوپېراتسىيە قىلغانىكەن.

ئەخمەتجان ھاسىرىغىنىچە دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. كېسەلخانىلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ يۈرۈپ، ئابدۇكېرىمنى خىلى تەستە تاپتى. چىرايى تاتىرىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئابدۇكېرىم ئۇستىلەپ قويۇلغان ئاپئاق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرى مەشۇتتەك ئاقارغان مېھرىبان ئانىسى، خوتۇنى ئاينۇر ۋە يەنە ئاچا ئېرىق كەنتىنىڭ باشلىقى بارات بار ئىدى. ماھىنۇرمۇ شۇيەردە ئىدى. ئابدۇكېرىم ئەخمەتجاننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئاينۇر ئاگاھلاندۇردى:

— قوزغالماڭ، دوختۇر مىدىرلىمىسۇن دېگەن.

ئەخمەتجان نېمىدەپ ئەھۋال سوراشنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغاندا، ئابدۇكېرىم ئېغىز ئاچتى.

— قېنى ئولتۇر، ئاداش.

كەنت باشلىقى بارات خەيرلىشىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— نېمە كېسەل بولۇپ قاپسەن، ئاداش؟ — ئەخمەتجان ئابدۇكېرىمگە يېقىن ئولتۇرۇپ ئەھۋال سوراشقا باشلىدى.
— سوقۇر ئۈچەي كېسىلى بولۇپ قاپتىكەنمەن.
— بۇرۇنمۇ شۇنداق ئالامەت بارمىدى؟
— ۋاي تاڭ، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. ئۇڭ بېقىنىم تۇيۇقسىز ئاغرىپ زادى بولالماي دوختۇرخانىغا كېلىۋىدىم، شۇ ھامان ئوپېراتسىيە قىلدى.
— ھازىر قانداقراق؟
— چاتاق يوق. ئەمما بىرنەچچە كۈن مىدىرلىماي ياتقۇدەكمەن.
— شۇنداق قىل، جان بولسا جاھان.
— بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟
— ماھىنۇر چوجاڭنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. شۇ يەردە ئاڭلىدىم.
— مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەنىدىڭىز؟ — سورىدى ماھىنۇر.
— ئورمانچىلىق باشقارمىسىدىكىلەر تەكشۈرۈشكە كەلمەكچى ئىدى. كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ھېچ ئۇقالمىدىم. شۇڭا . . .
— ئۇلار كەلمەيدۇ، — ئابدۇكېرىم ياستۇقتىن سەل ئۆرە بولۇپ كېسىپلا جاۋاب بەردى.
— سەن قانداق بىلىسەن؟
— شۇ كۈنى مەركە قىلغان ئاغىنەم بىلەن ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى تام قوشنىكەن. ئاخشىمى ھاراق سورۇنىدا ئولتۇرغۇم كەلمەي سىرتقا چىققانىدىم، ھىمىت كاۋاپنىڭ سىدىق چوجاڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. سىدىق چوجاڭ ئۇنىڭغا، بولىدۇ، بولىدۇ، خاتىرجەم بولسىلا، دېگەن سۆزنى نەچچە قېتىم دېدى.

— بۇ ئىشمۇ سۇغا چىلىشىپتۇ- دە، — دېدى ئەخمەتجان ھەسرەت چېكىپ.

— ئىچلىرىنى پۇشۇرمىسىلا، بالام، — ئابدۇكېرىمنىڭ ئانىسى ئەخمەتجانغا مېھرىبانلىق بىلەن تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، — ئۇرمان توغرىسىدا ھېمىت كاۋاپ بىلەن پوت تېپىشىپ قالغانلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ھېمىت كاۋاپ دېگەن پۇل بېرەي دېسە ئىشەكنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەم ئۇ. ئۇرماننى كېسىپ يەرنى بىكارلاپ بەرسىلە، خۇدايىم سىلىگە ئۆز خەزىنىسىدىن نېسىۋە ئاتا قىلغاي. ھازىرقى شارائىتتا پۇلى بار ئادەملەر بىلەن تەڭلىشىپ بولمايدۇ.

— مەن ھېلىقى يوغان قورساق چوجاڭغا بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن.

— ئەمدى سوتقا ئەرز قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

— ئەرز قىلماڭلار، بالام، — ئابدۇكېرىمنىڭ تەكلىپىنى موماي رەت قىلدى، — ئەرز سورايدىغانلارنىڭمۇ گېپى ئۆزى بىلەن بىللە، ھېمىت كاۋاپ ئالەمنىڭ ھەممە يېرىدە تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان ئادەمكەن. ھەرقانچە ئىتتىك پىچاقمۇ سۆڭەكنى كېسەلمەي توختاپ قالىدۇ.

— قارىغاندا ھېمىت كاۋاپ سىزنىڭ ئىزىڭىزغا چۈشۈپتۇ، — دېدى ماھىنۇر، — نەگە بېرىپ تۇرغىنىڭىزنى، كىم بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە دېيىشكەنلىكىڭىزنى بىلىپ تۇرىدىكەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئابدۇكېرىم، — ئەرز قىلىشتىن بۇرۇن قەيسەرجان بىلەن مەسلىھەتلەشسەك، ھېمىت كاۋاپقا تاقابىل تۇرىدىغان تەدبىرلەرمۇ تېپىلىپ قالار.

— قەيسەرجان دېگەن كىم ئۇ؟ — سورىدى ئەخمەتجان.

— مېنىڭ ئىنىم، — دېدى ماھىنۇر پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا

كوللېگىيىسىدە ئىشلەيدۇ.

— قەيسەرجان ئاكاممۇ ھىممىت كاۋاپنىڭ ئالدامخالتىسىغا چۈشۈپ كېتەمدۇ تېخى، — دېدى ئاينۇر ئاچىسى بىلەن چىقىشىپ.

— تۇزۇك گەپ قىلە، — ماھىنۇر سىڭلىسىنى نوقۇپ قويدى، — سەن قەيسەرنى ئاشۇنداق چاغلامسەن؟

ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ سوتچى فورمىسى كىيگەن، قىرىق ياشلاردىكى قارامتۇل، ياداڭغۇ ئادەم كىرىپ كەلدى. ئاينۇر بىلەن ماھىنۇر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— نېمىگە كۈلىسىلەر؟ — سوت كادىرى ئەخمەتجان، ئابدۇكېرىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئاياللارغا بۇرۇلدى.

— زامان ئاخىر بوپتۇ. شۇڭا كۈلۈۋاتىمىز، — دېدى ئاينۇر كۈلكىدىن توختاپ.

— غەيۋەتىمنى قىلىشىۋاتقانكەنسىلەر - دە.

ئەخمەتجان بۇ كىشىنىڭ ھېلىلا گېپى بولۇنغان قەيسەرجان ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى.

— ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ سىز ياردەملىشىپ بېرىدىغان بىر ئىشى بار ئىدى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەخمەتجاننى كۆرسىتىپ.

— قانداق ئىش؟

— ئورمان كېسىش ماجىراسى.

— سەن نېمىدەپ ئورمان ماجىراسىنى ماڭا ئېتتىرىسەن؟ — دەپ خوتۇنىغا قارىدى قەيسەر.

— ئاۋۋال ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقمامسىز؟

— ئورمان كېسىلمىسە ئەنزە تۇرغۇزۇلمايدۇ، — دېدى قەيسەر ئەخمەتجاننىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلاپ، — بىز ئادەتتە ئەنزە خاراكتېرىنى ئالغان ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىمىز. ئەنزە تۇرغۇزۇلمىسا بىزنىڭ خىزمەت دائىرىمىزگە كىرمەيدۇ. بىرسى سىزگە ئون قېتىم مۇشت تەڭلىسىمۇ جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ.

ئورماننىڭ ئىشىغا كەلسەك، ھىمىت كاۋاپ سىزگە كېسىش ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىپتۇ. ئەمما، ئورمان ھاياتكەن، بۇ يەردە تېخى جىنايەت سادىر بولمىغان.

— باشقا قوشنىلارنىڭ ئون مو ئورمىنىنى كېسىۋەتتى.

— ئۇلارنىڭ ئەرزى يوق - دە.

— ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟

— ئورماننى ئۆزىڭىز كېسىپ بەرمەي ھىمىت كاۋاپنى كېسىشكە مەجبۇرلاڭ. ھىمىت كاۋاپ كېسىۋەتسە ئاندىن جىنايەت شەكىللىنىدۇ. شۇ چاغدا بىز دەرھال ئەنزە تۇرغۇزۇپ، زىياننى تۆلىتىپ بېرىمىز. ئەمما، ئۆزىڭىز كېسىۋەتسىڭىز ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ.

— ئەگەر بېسىم ئىشلىتىپ كەستۇرسىچۇ؟

— ھېلى دېدىمغۇ، پالتا كىمنىڭ قولىدا بولسا جاۋابكار شۇ.

يېقىندىن بېرى مەكتەپتىن توختاپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭغان ئەخمەتجان مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ھىمىت كاۋاپ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. سېغىزرەڭ پىكاپ نېرىراقتا توختاپ تۇراتتى.

— ئورماننى كەسكىلى ماڭدىڭىزمۇ، مۇئەللىم؟

— ياق، بالا يىغقىلى ماڭدىم.

— ئورماننى قاچان كېسىلا؟

— مەن ئورمان كەسمەيمەن دېدىمغۇ.

— ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلمىسىلا، مەن ئۆزۈڭدىن بېرى تەخىر قىلدىم.

— نېمىشقا تەخىر قىلدىلا؟ تەخىر قىلماي كېسىپ تاشلىسىلا بولمامدۇ؟

— تىل خەت يېزىشقا ۋاقتىم يوق. مېنىڭ ئىشىم

ئالدىراش، قوللىرىدا پالتا توختىسا كېسىپ تاشلىسىلا، ـــ ئەخمەتجان ۋېلىسىپىتنى مىنگىنىچە كېتىپ قالدى.

ـــ ھۇ سولتەك، ـــ دەپ غودۇڭشىدى ھېمىت كاۋاپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ۋېجىك گەۋدىگە قاراپ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ـــ ئالدىرىماي تۇر، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن تېخى.

ـــ ئۆزىمىز كېسىۋېتەيلى، ھاجىم، ـــ دېدى پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرغان سەپكۈن يۈزلۈك ئادەم بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ئالىقانلىرىغا تۈكۈرۈپ.

ـــ بولمايدۇ، ـــ ھېمىت كاۋاپ ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلدى، ـــ بۇ سويمەك مېنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى!

ـــ ئۇنداق سېرىق تۈكلەرنىڭ سېلىنى قاپقانغا دەسسىتەلىشى ناتايىن، ـــ دېدى ھېلىقى ئالغاي ئادەمنۇ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە پوككىدە تاشلاپ.

ـــ ئەگەر ئورماننى بىز كېسىۋەتسەك، قاپقانغا دەسسىگىنىمىز شۇ، ـــ ھېمىت كاۋاپ ئەخمەتجان ماڭغان ياقتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـــ ئۇ بىزنى ئورمان كېسىشكە زورلاۋاتىدۇ. ئورماننى بىزگە كەستۈرۈپ ھەممە ئىشنى بۇزماقچى. خام خىيال قىلما، تۈكۋاش. ھېمىت ئاكاڭ توزاقتا دەسسەيدىغان گۆش كاللاردىن ئەمەس، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەم مەن.

ئۇلار ماشىنىنى ھەيدەپ ئەخمەتجان كەتكەن تەرەپكە ماڭدى. ئەخمەتجان ئارقىسىدىن مارىلاپ كېلىۋاتقان پىكاپتىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ شۇ ئاخشىمى تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشەلىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەتدىشىنىڭ يوقىلاڭ سەۋەبلىرىنى تاقەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ خوشلاشقاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئەخمەتجان ۋېلىسىپىتنى بولۇشىغا تېپەتتى. ئەمما يول ئاۋۇمايتتى. ئىلگىرى بۇ يەردە يېزىنىڭ

نامىنى دەلىللەيدىغان قوملۇقلار كۆپ ئىدى. كەنت بىلەن كەنت، مەھەللە بىلەن مەھەللە ئارىلىقىدا تىخخىچە شىرىن ئۇيقۇسى بۇزۇلمىغان دۆڭلۈكلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. بەزى كەنت، مەھەللە ئىچىدىكى ئېتىزلىقلارنىڭ، يوللارنىڭ، ئۆستەڭلەرنىڭ، قاتار كەتكەن پاكارغىنا دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ نار تۆگىنىڭ لوكىسىدەك ئۇششاق - ئۇششاق بارخانلار چوقچىيىپ تۇراتتى. يول ئۇستىدىكى دۆڭلەر ئەمگەكچان سوغۇققۇملۇقلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان يوق قىلىنغان بولسىمۇ، دۆڭ ئورنىدىكى بوش توپا هارۋا سۆرەپ ماڭغان ئات، قېچىرلارنىڭمۇ قۇلاق تۈۋىدىن تەر ئاققۇزماي قويمايتتى. ئەخمەتجانمۇ دەل شۇ يەرگە كەلگەندە ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئىتتىرىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئىزغىرىن شامالنىڭ توختاۋسىز سوقۇپ تۇرۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ پېشانىلىرىدىن تەر تامچىلىماقتا ئىدى. ئۇ بىردەم مىنىپ، بىردەم چۈشۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە قۇملۇقتىن چىقىپ بولدى. لېكىن ئالدىدا يەنە پانقاقلىق بار ئىدى. سىرىق شامال مەۋسۇمىدا بۇ جاڭگال ئارپا خېمىرىدەك ئۆرلەپ چاك - چاك يېرىلاتتى - دە، ئېشەك هارۋىلىرى پەيدا قىلغان كاتاڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە سىرىق سۇ شەلۋەرەپ چىقاتتى.

ئەخمەتجان بىردەم هاردۇق ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋېلىسىپىتكە يەنە مىندى. يەر يۈزىدىكى مەۋجۇدات سىياھتەك قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا غەرق بولغانىدى. ئەتراپتا ۋېلىسىپىتنىڭ يېقىمسىز تاراقشىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. جاڭگالغا ئېچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئالدى تەرەپتىكى قاراڭغۇلۇق قوينىدىن پاللىدا قىزىل نۇر توچكىسى پەيدا بولدى. قىزىل توچكا يەنە بىر نۆۋەت ئۆزىنى روشەنلەشتۈردى. ئارىلىق خېلى يىراقتەك قىلاتتى. ھەر نېمە بولسا ئادەم بار يەرگە يېقىنلىشىپتىمەن. بىرەرسى تاماكا

چېكىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ياق، ئۇ تاماكىنىڭ ئوتى ئەمەس. تاماكىنىڭ يالقۇنى ئۇنداق قىزىل بولمايدۇ. ئەمىسە ئۇ نېمىدۇ؟ ئەخمەتجان كاللىسىدا پەيدا بولغان سوئالغا جاۋاب تاپماستىلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئېگىز بىر كۆلەڭگىگە دۈچ كەلدى. ئۇنىڭ قەدىمى ئىختىيارسىز توختاپ، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ، بەدىنىدىن سوغۇق تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئون قەدەمچە نېرىدا تۇرغان بۇ قامەتلىك گەۋدە قىمىرلىماي، زۇۋان سۈرمەي، خۇددى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان مۇناردەك ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. ئەخمەتجان بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ توۋلىدى:

— كىم، كىم بولىسەن؟ — ئۇ ھەرقانچە كۈچەپ توۋلىسىمۇ تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىمۇ ناھايىتى زەئىپ چىقتى.

— كىم سەن؟ — ئەخمەتجان يەنە ۋارقىرىدى. ئەمما كۆلەڭگە يەنىلا جىمجىت تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرىپىدىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى ئەخمەتجاننى تېخىمۇ قورقۇتىۋەتتى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. ئىككى قەدەم يىراقتىمۇ يەنە بىر كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەتجان ۋېلىسىپىتىنى تاشلاپ قويۇپ يولنىڭ سىرتىغا قاچتى. ئەمما، ئۇنىڭدا يۈگۈرگۈدەك ماجال قالمىغانىدى. ئۇ ئىككى قەدەم ئالا - ئالمايلا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يەرگە پۇتلىشىپ يىقىلدى. شۇ ھامان ئارقا تەرەپتىكى كۆلەڭگە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ گېلىدىن بوغدى - دە، جان - جەھلى بىلەن يەرگە نىقتىدى.

— جېنىم ئاكا، مېنى قويۇپ بېرىڭ، — ئەخمەتجاننىڭ شۇ تاپتا يالۋۇرۇشتىن باشقا ئامالى قالمىغانىدى، — مەن يولۇچى، لازىم بولسا ۋېلىسىپىتىمنى ئېلىڭ.

يوغان، قوپال مۇشت ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقان ئېغىزىنى كالچايتىۋەتتى. ئىسمى نامەلۇم بولغان بۇ رەقىب ئۇنىڭ ئۇدۇل

كەلگەن يەرلىرىگە تەلۋىلەرچە ئۇرماقتا ئىدى. تۇزلۇق سۇيۇقلۇق ئېغىزىغا توشۇپ كەتكەن ئەخمەتجان نەپەس ئالالماي قالدى. بۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىكى ئېگىز كۆلەڭگىمۇ يېقىن كېلىپ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، پۇتلىرىنى جۇۋازنىڭ قايچىسىدەك كېرىپ قاراپ تۇراتتى. رەقىب ئەخمەتجاننىڭ قورسىقىغا كەينى ـ كەينىدىن ئىككىنى تىزلىۋېتىپ توختىدى. پۇت ـ قولىنى مىدىرلاتقۇدەك ماجالى قالمىغان ئەخمەتجان بېشىنى ئازراق كۆتۈرۈۋىدى، باياتىن بېرى ئەرۋاھتەك قاراپ تۇرغان ئېگىز ئادەم ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق دەسسىدى. ئەمدى ئەخمەتجاننىڭ بارلىق ئەزالىرى سەزگۈدىن مەھرۇم بولغانىدى. كۆزى ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. قۇلىقى ئاڭلىمايتتى. بەدىنى ئاغرىق ئازابىنى سەزمەيتتى.

سوغۇق شامال ئەخمەتجاننىڭ سەزگۈسىنى ئازراق ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. يېنىدا ھېلىقىلار يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، ئېغىر گەۋدىسىنى رۇسلىيالمىدى. ئۇ خۇددى يوپۇرماققا ئولاشقان پىلە قۇرتىدەك سوزۇلۇپ يۇرۇپ ۋېلىسىپىتىنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە ۋېلىسىپىتكە تايىنىپ ئۆرە بولۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ھەرقانچە ئۆمىلەپمۇ، پاتقاق لاينى ھەرقانچە سىلاشتۇرۇپمۇ ۋېلىسىپىتنى تاپالمىدى. ئەخمەتجان كېچىچە مۇزلاپ ئۆلۈپ قېلىش خەۋپىنى ئويلاۋاتقان پەيتتە، باياتىن يىراقتا كۆرۈنۈپ غايىب بولغان قىزىل نۇر توچكىسى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەخمەتجان ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ماشىنىنىڭ ئىشىكى جالاقشىپ ئېچىلىپ، شوپۇر ئەخمەتجاننىڭ قېشىغا كەلدى.

— كىم؟

— مەن. . . مەن. . . — ئىڭراپ ياتقان ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا تېنىدە

www.uyghurkitap.com

جاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى.

— نېمە بولدى؟

— ئىككى. . . ئىككى ئادەم. . .

شوپۇر ئەخمەتجاننى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا ياتقۇزدى. ماشىنا ئاستا قوزغالدى ـ دە، خېلى ئۇزاق ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا سىلكىنىپ ماڭغاندىن كېيىن سىپسىلىق يولغا چۈشتى. ئەخمەتجان ئەمدى بەدىنىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىغىنىنى سېزىشكە باشلىغانىدى. ئۇ تولغىناتتى. ئازابلىق ئىڭرايتتى. ئاللىنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى. . . ماشىنا چوڭ بىر دەرۋازىدىن كىرىپ بىردەم مېڭىپلا توختىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ نەگە ئېلىپ كېلىنگىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر يۈگۈرۈپ كەلگەن شوپۇر ئەخمەتجاننى دەس كۆتۈرگىنىچە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ، لۆمشۈپ تۇرغان يۇمشاق كارىۋاتقا ياتقۇزدى.

ئەخمەتجاننىڭ يۈزىنى نازۇككىنا بىر قول مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. مۇزدەك سۇيۇقلۇقتا چىلانغان پاختا بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ جاراھىتى ھېلىقى پاختىدىن تامچىغان سۇيۇقلۇقنىڭ تەسىرىدە خۇددى ھەرە چاققاندەك كۆيۈشۈپ ئېچىشماقتا ئىدى. ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگىنىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلدى. سېستىرا قىز ئۇنىڭ پېشانىسىنى تېڭىپ بولۇپ، بىلىكىدىن ئوكۇل ماڭغۇزدى.

— مەن ئەمدى قايتاي، — دېدى ئەخمەتجاننى قۇتقۇزىۋال-غان كىشى.

— بۇ سىلىنىڭ نېمىلىرى بولىدۇ؟ — سورىدى دوختۇر.

— ئاغىنەم، سوغۇققوم ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلىدۇ.

— ھەرنېمە بولسا سىلىگە ئۇچراپ قاپتۇ، — دېدى سېستىرا خورسىنىپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ھېمىت كاۋاپ روھلىنىپ، — سوغۇققۇم يېزىسىنىڭ ياقا ئېلىك دېگەن يېرىگە تۇغقان يوقلاپ بېرىۋېدىم، سەل كەچ قالدىم. قاراڭغۇدا كېلىۋاتسام يولدا بىرسى ئىڭراپ يېتىپتۇ. دەسلىپىدە كىملىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. ئەمدى چىراغ يورۇقىدا قارىسام، ئۆزۈمنىڭ ئاغىنەمنى قۇتۇلدۇرۇپتىمەن.

— بىمارنىڭ ئۆيىگە خەۋەر بېرەلەملا؟

— ئۆيىنى بىلمەمەن. ئەتە ئەتىگەندە كىرىپ خەۋەر قىلىۋېتەي.

ئەخمەتجانغا شوپۇرنىڭ ئاۋازى تونۇشتەك بىلىندى. ئەمما ئۇ كىم، نەدىكى ئاغىنىسى، بۇنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ يادىغا ئالالمىدى، خىيالىغا يېقىن كېلىپ سەل روشەنلەشكەندەك بولاتتىيۇ، يەنە ئاللىقانداق كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، نۇرغۇن تونۇشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. ئەخمەتجان توساتتىن ھېلىقى ئاۋازنى تونۇدى. ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان كىشىنىڭ ھېمىت كاۋاپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەخمەتجان ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— نېمە، نېمە بولدىڭىز؟ — سېستىرا ئۇنىڭغا يېقىن ئېڭىشىپ سورىدى.

ئەخمەتجان ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى توختىتالمىدى. سېستىرا قىزنىڭ سوئالىغىمۇ جاۋاب بېرەلمىدى.

— قورقماڭ، — دېدى دوختۇرمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ، — خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، تېزلا ساقىيىپ قالىسىز.

— دوختۇر، — دېدى ئەخمەتجان ئېسەدەپ، — مېنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەن كىشىنى تونۇمسىز؟

— ئۇ، مەن ئەخمەتجاننىڭ ئاغىنىسى سىست كاۋاپ بولىمەن دەيدىغۇ!
— ئاھ خۇدا، مەنمۇ سىنىڭ بەندىلىرىڭ قاتارىدىكى ئادەممۇ ياكى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرىيدىغان خەسمۇ؟
— يىغلىماڭ دېدىمغۇ، — دېدى دوختۇر ئۇنىڭ بۇ چۈشىنىكسىز نالە - پەريادىدىن ھەيران بولۇپ.
— جېنىم دوختۇر، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇپ بېرىڭ.
— مىدىرلىماڭ، يىڭنە سۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ، — دېدى سېسترا قىز ئاسما ئوكۇلنىڭ تەۋرەپ كەتكەن نەيچىسىنى تۇتۇۋېلىپ.
— راست دەۋاتىمەن، دوختۇر، مېنى كەتكىلى قويۇڭ. مەن ھازىرلا بېرىپ ھەممىنى چېپىپ تاشلايمەن.
— بولدى قىلىڭ. سىز مۇشۇ ھالىڭىز بىلەن رەقىبلىرىڭىزدىن ئىنتىقام ئالالامتىڭىز؟
— ياق دوختۇر، مەن رەقىبلىرىمنى مەڭگۈ بىلەلمەسلىكىم مۇمكىن. مېنىڭ چاپماقچى بولغىنىم ئورمان. مەن ئۇ ئورمانلارنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ يەرنى ئاقارتىمەن.
بىمارنىڭ بىر - بىرىگە باغلاشمايدىغان سۆزلىرى دوختۇرلارنى گۇمانغا سالدى.
— ئۇنىڭ خاتىرىسى بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ، تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرايلى. كېچىچە قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسا ئەتە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.
سېسترا قىز ئىشخانىغا چىقىپ بىر ئوكۇلنى تەييارلاپ كىردى - دە، ئەخمەتجاننىڭ بىلىكىدىن ئېھتىيات بىلەن ماڭغۇزۇۋەتتى. بۇ چاغدا ئاسما ئوكۇلمۇ تولۇق چۈشۈپ بولغانىدى.
— مېنى قويۇپ بېرىڭلار، مەن كېتىمەن...
ئەخمەتجان تېزلا ئۇخلاپ قالدى.

مۇھەممەت قويچى ئوغلىنى كۆرۈپ تونۇمايلا قالدى. ئەخمەتجان راستىنلا قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. دوردىيىپ چىققان كالپۇكلىرى، ئىششىق دەستىدىن ئېچىلمايۋاتقان كۆزلىرى، ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىلغان بېشى، قان داغلىرى ۋە لاي بىلەن بۇلغانغان كىيىمگە قاراپ ئۇنى ھېچ كىشى ئەخمەتجان دەپ ئويلىمايتتى. ئەخمەتجان ئىشىك تۇۋىدە تەئەججۇپلىنىپ قاراپ تۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، دادىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇسۇپ قالدى.

— دادا!

— ئوغلۇم! — مۇھەممەت قويچى جان - جىگەر پەرزەنتىنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى، — ئاھ خۇدا، بالامغا راۋا كۆرگەن قارا بالانى ماڭا كۆرسەتسەڭ بولمامدۇ؟

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دادا، تەقدىرىمىز شۇنداق ئوخشايدۇ، — ئەخمەتجان يۈرىكىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى بېسىپ تۇرۇپ دادىسىغا تەسەللىي بېرىۋاتقاندا، تومپىيىپ تۇرغان قارا سومكىنى كۆتۈرگەن ھىمىت كاۋاپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— قانداق مۇئەللىم، ئەھۋاللىرى؟

— يامان ئەمەس، ئولتۇرسىلا ھاجىم.

— سىلىگە رەھمەت، ھاجىم، — دېدى مۇھەممەت قويچى يىغىنىڭ پېشى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — ئۆزلىرىگە يولۇقمىغان بولسا، بالام ئامان قالماس ئىكەن. بىز سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز. ئۆز ۋاقتىدا قەدىرلىرىنى بىلمەي سەل خاپا قىلىپ قويۇپتىكەنمىز. مانا ئەمدى خۇدا كۆزىمىزگە كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەن ئورمانىنى بۇگۈنلا كېسىپ يەرنى ئاقارتىپ بېرىمەن.

— ھازىر بۇ گەپنى قىلىشمايلى، مۇھەممەت

ئاخـۇن ئاكا، ــ دېدى مەقستىگە ئاسانلا يېتىۋالغىنىدىن مەمنۇن بولغان ھېمىت كاۋاپ سومكىسىدىكى ناۋات، كاۋاپلارنى ئېلىپ شىرەگە تىزغاچ، ــ ئانچىلىك ئىش دېگىنىمىز كېلىشىۋالالايمىز. ئاۋۋال مۇئەللىمنىڭ جاراھىتى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلسۇن، ئاندىن كەسسەكمۇ بولىدۇ.

ــ ياق، ھاجىم، ــ دېدى ئەخمەتجان، ــ سىلىگە كاشىلا قىلساق بولمايدۇ. ئورمانىنى بۇگۇندىن قالدۇرماي كېسىۋېتەيلى.

ــ ۋېلىسىپىتلىرىنى ئالغاچ كەلدىم، مۇئەللىم.

ــ ۋېلىسىپىتنى؟

ــ ھەئە، ئاخشام ھېلىقى نەس باسقان يەردە سىلىنى ماشىنىغا ياتقۇزۇپ بولۇپ قارىسام بىر نېمە پارقىراپ تۇرىدۇ. يېقىن بارسام ۋېلىسىپىتكەن. ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا تېڭىپ...

ــ مىڭ مەررە رەھمەت، ھاجىم، ــ مۇھەممەت ئاخۇن قويچى ھېمىت كاۋاپقا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن ئورنىدىن يەنە بىر قېتىم قوپتى.

ــ مەن قايتاي، مۇئەللىم، ــ دېدى ھېمىت كاۋاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ خۇدايىم شىپالىق بەرگەي، يەنە كېلىپ تۇرارمەن.

ھېمىت كاۋاپ ئەخمەتجانغا ئوبدان ئۆزۈقلىنىش، ئالدىراپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا بىر تالاي نەسىھەتلەرنى قىلغان بولۇپ ياتاقتىن چىقتى.

## ئالتىنچى باب

ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇكېرىم دوختۇرخانا ياتقىنىنىڭ ئۆزۈن كارىدورىدا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى.

ــ نېمە ئىش بولدى، مۇھەممەت ئاخۇن ئاكا؟ ــ

ئابدۇكېرىم باش - كۆزلىرى تېخىلغان بىر ياردارنى يۆلەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇھەممەت قويچىدىن ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— بالامغا كۆز تەگدى، ئۇكام.

— نېمە؟

— ئۇلۇشكوئن ئاخشام ياقا ئىلەككە بالا يىغقىلى بارغانىكەن، كەڭتوقايدىكى شىۋەلىككە كەلگەندە ئىككى بۇلاڭچى ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇپتۇ، — مۇھەممەت قويچىنىڭ گېپى يىغا بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

— بىرەر كىمدىن گۇمانىڭ بارمۇ؟

— يوق، — دېدى ئەخمەتجان پېشانىسىدىكى تېخىق داكىنى سەل قايرىپ، — قاراڭغۇدا ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمىدىم.

— ماڭە، ياتىقىڭغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، بۇ ئىش سەل سىرلىقتەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈپ ياتىقىغا ئەكىرىشتى. ياتاقتىكى كارىۋاتلار بوش ئىدى. ئەخمەتجاننىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا بىر ياققا سەل قىيسىيىپ قالغان ئاسما ئوكۇل جازىسى، يەنە بىر تەرىپىدە سۈت رەڭ سىرلانغان تومپۇچكا تۇراتتى. تومپۇچكا ئۈستىدە يېرىمى يېيىلگەن بىر چىنە ئاش بار ئىدى.

— مېنىڭچە ئالدىدا ھېمىت كاۋاپ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم دېدىڭمۇ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم سەل خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن.

— ھەئە، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا خېلى قاتتىق گەپلىشىپ قالغان.

— ئۇنىڭ پىكاپىدا كىملەر باركەن؟

— پىكاپنى سەل نېرىدا توختىتىپ قويغانىكەن.

— ئۇنداقتا بۇ پەسكەشلىكنى ھېمىت كاۋاپ قىلىپ

يۇرگەن بولمىسۇن يەنە.

— ياقەي، ئۇ مېنى ھوشسىز ياتقان يېرىمدىن قوتولدۇرغان تۇرسا. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مېنى ئۇرغانلار ئىككى ئادەم.

— ھەي ئەخمەق، ئۇ مەكتەپ ئالدىدا ساڭا يولۇققاندا ماشىنىسىنى نېمىشقا يىراقتا توختىتىپ قويىدۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدە سېنى ئۇرغۇزۇشقا ئېلىپ بارغان ئادەملىرى بار. ئۇلار مەكتەپكە سېنىڭ نەدىلىكىڭنى بىلىش ئۈچۈن، توغرىراقى، شۇ كۈنى ئاخشىمى نەدە تۇردىغانلىقىڭنى بىلىش ئۈچۈن بارغان. ناۋادا سەن بالا يىغقىلى ئەمەس، ئۆيۈڭگە ماڭغان بولساڭ، بۇ شۇملۇق ئۆيۈڭدە يۈز بەرگەن بولاتتى. سېنىڭ بالا يىغقىلى ماڭغىنىڭ ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

— راست شۇنداقمىدۇ؟

— مېنىڭچە، چوقۇم شۇنداق، سەن ئويلاپ باق. ياقائىلەڭ كەنتى كەڭتوقاينىڭ ئايىغىدا، قىزىل توچكا ساڭا ياقائىلەڭ تەرىپىدىن ئەمەس، يىزا تەرەپتىن كۆرۈنۈپتۇ.

— قىزىل كۆز مۇناپىق! — ئەخمەتجان تومپۇچكا ئۇستىگە قاتتىق ئۇردى، — ئادەمنى شۇنداقمۇ ئەخمەق قىلغان بارمۇ! بىز تېخى ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرىمىز دەپ، ئورمانىنى كېسىپ، يەرنى بىكارلاپ بېرىپتۇق.

— قاچان؟

— تۈنۈگۈن.

— مېنىڭچە ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ، — دېدى مۇھەممەت قويچى بۇرنىنى مىرت ـ مىرت تارتىپ قويۇپ، — بىز ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمىز ئەمەسمۇ.

— كېرەك يوق، — دېدى ئابدۇكېرىم، — كونىلاردا «يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت» دېگەن گەپ بار. ھازىر

بىز يېڭىلدۇق، لېكىن بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمىز.
— خۇدانىڭ كۈنلىرى ئۇزاق، — دېدى مۇھەممەت قويچى مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، — ئۇمۇ بىرەر قېتىم يانپاشقا چىقسا ئەجەب ئەمەس.

ئابدۇكېرىم بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدىكى گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا كېتىۋاتقان زىددىيەت بۈگۈن يەنە تەكرارلىنىپ قالدى. بۇ زىددىيەتنىڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسىمۇ، روشەن بىخ سۈرۈپ چىقىشىمۇ ھېمىت كاۋاپ بىلەن ئالاقىدار ئىدى. ئاچا ئېرىقلىقلار ئورمان، ئېتىزلىقلىرىغا، يېڭى ئېلىنغان ئېرىق بويلىرىغا، قايسىدۇر بىر دۆڭنىڭ ئېتىكىدىكى ساقىندى سۇ بارىدىغان ئېرىققا ئورمان سېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا يېڭى ئاچمىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان سېغىزرەڭ پىكاپ دېھقانلارنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ، ئوسمان ماشىنىدىن چۈشتى. ئابدۇكېرىممۇ دېھقانلار ئارىسىدا بار ئىدى.
— باشقا يەرگە سالغاچ تۇرۇڭلار! — دېدى ئوسمان ئەترەت باشلىقىنى ئالدىغا چاقىرىپ.
— باشقا يەر تۈگەپ مۇشۇ ئېرىقلا قالدى، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئەزالارغا قاراپ قويۇپ.
— بۇ ئېرىققا بىز سالمايمىز.
— ئەمىسە كىم سالىدۇ؟ — ئالدىن تەييارلىق بىلەن تۇرغاندەك سورىدى ئابدۇكېرىم.
— ھېمىت ھاجى سالىدۇ، — جاۋاب بەردى ئوسمان پىكاپقا قاراپ قويۇپ.
— نېمىشقا ھېمىت ھاجى سالىدۇ؟
— ئېرىق كىمنىڭ بولسا شۇ سالامدۇ؟ — ئوسمان ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى.
— ئۇنداقتا ئاچا ئېرىق كىشىلىرى سالسا بولىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىبرىق ھىممىت ھاجىنىڭ تۇرسا.

— بىز ھىممىت ھاجىغا ئاچما يەرنى ساتقان، يەركەنتۇ بارىدىغان ئىبرىقنى ساتمىغان. ئۇنىڭ سىپتىۋالغان زىمىن چىگرىسى ئاۋۇ يەردە، — ئابدۇكېرىم قولىنى ئىبرىقنىڭ تۈۋەن تەرىپىدىكى تۇسمىغا چىنەپ تۇرۇپ دېدى، — ھىممىت ھاجى تۇسمىنىڭ ئىچىگە نېمە سالسا ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمما بۇ ئىبرىق ئۇنىڭ ئەمەس.

— بىزا بۇ ئىشنى يىغىندا مۇزاكىرىلىشىپ بولغان.

— كىم بىلەن مۇزاكىرىلەشكەن. ھىممىت ھاجى بىلەنمۇ؟

— سىز جېدەل قىلماقچىمۇ؟

— ياق، مەن خىزمەت قىلماقچى.

ئوسماننىڭ سارغۇچ چىرايى غەزەپتىن قارىداپ كەتتى. ئەمما ئابدۇكېرىم بىر خىل سالماقلىق بىلەن تۇراتتى.

— بۇ يەردە شۇجى مەنمۇ، سىزمۇ؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ شۇجى ئەلۋەتتە سىزغۇ.

— ئەمىسە مېنى خىزمەت قىلغىلى قويمامسىز؟

— سىز خىزمەت قىلىشىڭىز كېرەك، ئەمما ھىممىت ھاجىنىڭ خىزمىتىنى ئەمەس، ئاچا ئىبرىق خەلقىنىڭ خىزمىتىنى.

ئوسمان دىرىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ جىنەستىدەك قىزارغان كۆز تۇپچىسىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە قېتىپ قالغانىدى. بىرلىرى كەتمەن، بىرلىرى ئىككى مېتىردەك ئېگىزلىكتە ئۆسكەن سېرىق سەگۇ تېرەكنىڭ تۇپتۇز جىرىمىنى تۇتۇپ تۇرۇشقان كىشىلەرمۇ خۇددى ئوسماننىڭ كۆز قارىچۇقىدەك مىدىرلىماي تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا، پاراڭلىشىشقا، ھەتتا چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاشۇنداق ئېغىر تىمتاسلىقنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلغان قايسىدۇر بىرى مەنىلىك يۆتىلىپ قويدى. غەلىتە ئاھاڭدا

ياغرىغان بۇ يۆتەل ئۆزىنى ئاچا ئىرىقنىڭ غوجىسى دەپ ھىسابلاپ يۈرىيدىغان ئوسمانغا تىخىمۇ ئەلەم بولدى. ئوسماننىڭ ئوسال ھالىتىنى كۆرگەن ھەمىت كاۋاپ ماشىنىدىن ئاستا چۈشۈپ مۇنازىرە بولىۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى.

— مەن ئىككى ئىغىز گەپ قىستۇراي، — دېدى ھەمىت كاۋاپ تەمكىن قىياپەتتە ئارىغا چۈشۈپ، — مەن ئاچا ئىرىقلىق تۇغقانلار بىلەن بىرنىمە تالاشمايمەن. كىچىككىنە ئىشنى دەپ كۆڭۈلنى كىر قىلىشمايلى. ئىرىققا ئورماننى يەرلىك يولداشلار سېلىۋەرسۇن. قانداق دېدىم، ئابدۇكېرىم ئاخۇن جورىن.

— مەن خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق دېيىشلىرىنى ئارزۇ قىلاتتىم، — دېدى ئابدۇكېرىم مەنىلىك تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە بىز يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى، شۈجىي، — ھەمىت كاۋاپ ئوسماننىڭ بىلىكىدىن بوشقىنا تارتتى. ئوسمان غودۇڭشىغاچ ھەمىت كاۋاپقا ئەگىشىپ، پىكاپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

دېھقانلار كەتمىنىنى قولغا ئېلىشىپ، ئىرىقنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئورمان سېلىشقا باشلىدى.

— بۇ ئىرىق قانداقسىگە ھەمىت ھاجىنىڭ بولۇپ قالىدۇ؟ — دېدى ئەمدىلا بىر ئورەكنى كولاپ بولغان خۇپىدىن كەتمەننى يەرگە قويۇپ.

— ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، خۇپىدىن ئاخۇن، — دېدى سەل ئاقساقلاپ ماڭىدىغان سېرىق چىراي كىشى قولىدىكى جىرىمدىن بىرنى ئورەككە پاتۇرۇپ، — بايام ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماتاڭ چىشلىۋالغان گاچىدەك قاراپ تۇراتتىڭلار، ئەمدى قايناۋاتىسلەرغۇ.

— ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن مەن تىكەندەك يالغۇز ئادەم، ئابدۇكېرىم ئاخۇن جورىن قايتىپ كەتكەندە ئوسمان شۈجى كونىنىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قويمىسا، سىلەر دەرد تارتىشىپ

بېرەمتىڭلار؟

ئېرىقتا ئورمان سېلىش ئىشى بىلەن يۈز بېرىپ قالغان زىددىيەتنىڭ داۋامى ئابدۇكېرىمنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن ئېشىپ كەتتى. ئوسمان يېزىنىڭ شۇجىسى قادىر بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مەتقادىرنى باشلاپ كەلگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئۇلارغا دادلايدىغانلىقىنى ئويلىغان، ئەمما ئۇنىڭ بۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىشىنى خىيال قىلمىغانىدى.

— يېقىندىن بېرى ئىشلىگەن خىزمىتىڭىزدىن دوكلات قىلىڭ، — دېدى ئابدۇكېرىمنىڭ يەنە بىر نۆۋەت باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەنلىكىدىن قاتتىق نارازى بولغان مەتقادىر پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ.

— خىزمەت دوكلاتى قىلىش ئۈچۈن ئازراق ۋاقىت بەرسىڭىز بولار.

— بولدى، ئاغزاكى سۆزلەۋېرىڭ، قىلغان ئىشىڭىز ئۆزىڭىزگە ئاياندۇر.

ئابدۇكېرىم بىر پەس ئويلاندى. ئۇ گەپنى بوز يەر ئېچىش ئىشىدىن باشلاپ، قادىر شۇجى بىلەن ئوسماننىڭ يەر سودىسىدا ئوينىغان ئويۇنلىرىنى، ئاخىر بۇگۈنكى زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىگىچە بىرىنمۇ قالدۇرماي دېمەكچى بولدىيۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ گەپلەرنى تىلغا ئالسا، ئابدۇكېرىم ئۇلارنى ئەيىبلىگەنچە قانۇن ئالدىغا سۆرەپ بېرىشى ياكى ئاقلاپ ئەپۇ سورىشى كېرەك. قولىدا تولۇق پاكىت بولمىغان ئەھۋالدا ئۇ گەپلەرنى ئېچىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پارتا - ئورۇندۇقلىرىنى يېڭىدىن ياستىپ بەرگەنلىكىنى، ئورمان سېلىش مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندىن بېرى 16 مىڭ تۈپ ماتېرىيال ئورمىنىنى سالدۇرغانلىقىنى قىسقىلا سۆزلەپ ئۆتتى.

— ئارانلا مۇشۇمۇ؟

— ئۆزۈم بىۋاسىتە تۇتۇپ ئىشلىگەن ئىشلار شۇ، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئىگىلىۋالسام بولماس.

— ئوسمان شۇجى بىلەن سوقۇشقان ئىشىڭىزنى نېمىشقا دوكلات قىلمايسىز؟ — دېدى ئابدۇكېرىمنىڭ گېپىدىن قانائەتلەنمىگەن مەتقادىر.

— ئۇنى شۇجى دوكلات قىلىپ بولغان تۇرسا، قايتا دەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئۇنداقتا شۇجىنىڭ ئىنكاسى راستمۇ؟

— مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— سىز ئوسمان شۇجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىسىڭىز كىمنىڭ گېپى بويىچە خىزمەت قىلاتتىڭىز؟

— ئاچا ئېرىقنى روناق تاپقۇزۇشقا تىرىشىدىغان رەھبەرنىڭ.

— شۇجى ئاچا ئېرىقنى روناق تاپقۇزۇشنى ئويلىمامدىكەن؟

— بۇنىڭغا ئۆزى جاۋاب بەرسۇن.

— ماڭا قاراڭ، ئۇكام، — دېدى قادىر قولىدىكى تاماكىنى بارمىقى بىلەن قېقىشتۇرغاچ، — ئوسمان شۇجىنىڭ خىزمەت جەريانىدىكى سەۋەنلىكلىرىمۇ يوق ئەمەستۇ. ئەمما ئۇ نېمىلا بولمىسۇن سىزدىن چوڭ ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاچا ئېرىق كەنتىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولدى. مۇشۇنداق پېشقەدەم رەھبەرنى ئەزالار ئالدىدا ھاقارەتلىگىنىڭىز ئانچە مۇۋاپىق بولماپتۇ.

— مەن شۇجىنى ھاقارەتلىمىدىم، ئىشەنمىسەڭلار شۇ يەردە بار بولغان دېھقانلاردىن بىرنەچچىنى چاقىرايلى، قايسى گەپنىڭ ھاقارەت بولىدىغانلىقىنى، قايسى ئىشنىڭ ئاچا ئېرىقنى

بىيىتىشقا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى شۇلار ئاسسۇن
— بولدى، ئۇنداق قىلىشىنىڭ نىمە ھاجىتى؟ — دېدى
مەتقادىر ئوسمانغا قاراپ قويۇپ، — ھاقارەت قىلمىغان بولسىمۇ
ياخشى بوپتۇ. ئېھتىمال، ئوسمان شۇجىمۇ ئاچچىقىغا پايلىماي
بەزى گەپ - سۆزلەرنى سەل كۆپتۈرۈپ ئىنكاس قىلغاندۇ.
ئەمدى جاۋابكارلىق ھەدەپ ئوسماننىڭ زىممىسىگە يېقىنلاپ
كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر قۇيرۇق چىقىپ
قالسا قادىرغىمۇ كاشىلىسى تېگەتتى.
— مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قوياي، — قادىر
ئابدۇكېرىمگە قورقۇنچلۇق بىر كېلەچەكتىن بېشارەت بەرگىلى
تۇردى، — بۇگۈنكى ئىشتىغۇ ئوسماندىن سەۋەنلىك ئۆتتى،
دەيلى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۇكىمىز كەنت كادىرلىرى
بىلەن ئوبدان ھەمكارلاشمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىككى يىللىق
مۆھلەت توشقاندا باھالاپ بېرىدىغانلار دەل مۇشۇ كەنتتىكىلەر.
باھا سۆزىگە بىرىنچى تامغىنى يەنىلا ئوسمان شۇجى باسىدۇ.
ئوسمانغۇ قورسىقىدا غوم ساقلىمايدىغان سەممىمىي ئادەم.
شۇنداقتىمۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا بولسا
ياخشى ئەمەس.
ئوسمان گەۋدىسىنى سەل كۆتۈرۈپ، «ئۆھۆ» دەپ قورۇقلا
يۆتىلىپ قويدى. ئۇ مۇشۇ يۆتەل ئارقىلىق ئابدۇكېرىمگە بىلىپ
قوي، تەقدىرىڭ مېنىڭ قولۇمدا، دېگەن تەنبىھتىن بېشارەت
بەرمەكتە ئىدى. ئابدۇكېرىم خىزمەتنى قېتىرقىنىپ ياخشى
ئىشلىسەم، ئاچا ئېرىق كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش
يولىدا قانچە كۆپ تەر تۆكسەم يۈزۈم شۇنچە يورۇق بولىدۇ، دەپ
ئويلايتتى. ئەمما ھازىر ئىشنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، ئالدىدا
كۆز پارقىرىتىپ ئولتۇرغان مۇشۇ شۇجىغا ئوبدان ئىتائەت قىلسا
ئاندىن يۈزىنىڭ يورۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.
— قادىر شۇجىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغانسىز؟ — سورىدى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەتقادىر.

— ئاڭلىدىم.

— قادىر شۇجى سىزگە كۆيۈنگەنلىكتىن، ئالدىڭىزغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويدى. سىز بۇ گەپلەردىن ئۈچ ۋاخ تاماق ئورنىدا پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

— مەن چوقۇم شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن.

— خوش، ئىشخانىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇكەن، — مەتقادىر تام - تورۇسلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ، گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى، — بۇ ئۆي ھەم ياتاق، ھەم ئىشخانا بولغاندىكىن رەتلىك تۇتۇشىڭىز كېرەك ئىدى. يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن رەھبەرلەر ئولتۇرىدىغان ساپا، چاي ئىچىدىغان چىنە - چەينەك دېگەندەك نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويماپسىز. كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسى، ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - نىزاملارنى يېزىپ تامغا چاپلىماپسىز. قاراڭ، بۇ تامنىڭ تازىنىڭ بېشىدەك تاپتاقىر تۇرغىنىنى!

— كەنت نامرات، — دېدى ئابدۇكېرىم، — ئارتۇق نەرسىلەرگە چىقىم قىلغۇدەك پۇل يوق.

— نامرات بولغان بىلەن ئانچىلىك پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، — سۆھبەت داۋامىدا ئامىتى قاچقان قىمارۋازدەك بېشىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئوسمان دەرھال مەيدىسىگە مۇشتلىدى، — ئەتىلا ھەممىنى تولۇقلايلى.

— بۈگۈندىن باشلاپ ئاراڭلاردىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەڭلار.

— مەن چوقۇم شۇنداق قىلىشقا تەييار، — ئوسمان پەيتنى قولدىن بەرمەي دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— مەنمۇ تەييار، — ئابدۇكېرىممۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن

ئوسماننىڭ گېپىنى تەكرارلاپ قويدى.

— ئەمىسە ئىككىڭلار مەشەدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭلار.

ئوسمان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، چىرايىغا ياسالما كۈلكە يامرىتىپ قول ئۇزاتتى. ئابدۇكېرىممۇ ئۇنىڭغا قول سۇندى. ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتتى. لېكىن، يۈرىكىدە قانداق ئوي ـ خىيالنىڭ قوتراۋاتقانلىقىنى پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىشەتتى.

— ئەمدى كەچمۇ كىرىپ قالدى. بىز قايتايلى، — مەتقادىر بىلەن قادىر تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئوسمانمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوسمان كەنت ئىشخانىسىغا كۆزلىرى قىزارغان، قاپاقلىرى سىيلىنغان هالدا پەيدا بولدى. قارىغاندا ئاخشام ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماشا خېلى قىزىغاندەك قىلاتتى. ئابدۇكېرىم ئالدىن تەييارلاپ قويغان تىزىملىكنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— مانا بۇ بىزنىڭ ئىشخانىغا تېگىشلىك نەرسىلەر.

ئوسمان تىزىملىكنى قولىغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمگە قايتۇردى ھەمدە:

— ئوقۇپ بېرىڭا، — دېدى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەپ.

— ئۆزلىرى ئوقۇسىلا.

— مەن خەت ئوقۇيالمايمەن. بىز مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردا يېڭى يېزىق دەيدىغان ھېلىقى ئىرماش ـ چىرماش خەتنى ئۆگەنگەن.

— ھەممىسى تونۇگۇن دېيىشكەن نەرسىلەر: تاق كىشىلىك خورۇم ساپا ئون دانە، ئەينەك شىرە ئۈچ، پىيالە ئون، چايدان بىر، چاي قايىنىتىدىغان ۋە دەملەيدىغان چەينەكلەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى دانە.

— بولىدۇ، مەن ئادەم بەلگىلەپ ھەممىنى تەييارلىتاي،

— ئوسمان تىزىملىكنى ئالدىرىماي قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى ئابدۇكېرىم مېگىــــشقا تەمشىلىۋاتقان ئوسماننى توختىتىپ، — ئىشخانىغا بىر ئادەم لازىم.

— نېمە ئىش قىلىدىغانغا؟

— ساپا - شىرەلەرنى ئۈچ ۋاخ سۈرتۈپ تازىلىمىسا توپا بېسىپ كېتىدۇ. يەنە تۇنۇگۇنكىدەك باشلىقلار كېلىپ قالسا چاي دەملەپ ئەكەلمىسە بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە بىر ئادەم كېتىدۇ.

— ماقۇل، بىر ئايالنى ھاشار ئەمگىكــــىدىن ئازاد قىلىنىۋېتىدىغان بولساق، بۇنداق ئىشلارنى خۇشاللىق بىــلەن قوبۇل قىلىدۇ.

ئوسمان ئاخىرقى گېپىنى دەپ بولۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. «ئۆزۈڭنى بەك قالتىــس چاغلاپ كەتمە، سويمەك. قاپقانغا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن دەسسەيدىغان بولدۇڭ. ئۈچىنچى مەھەللىدىكى تۇنىسا قاشاڭنى تەيىنلەپ، قۇلىقىنــــى ئوبدان تولغىۋېتىدىغان بولسام، يونقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقىــمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىسەن، تاماشىنى شۇ چاغدا كۆرىمىز» توپىلىق يولدا ئاستا كېتىۋاتقان ئوسمان ئۆز پىلانىــــدىن سۆيۈنۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— شۇجى، مېنى سىلىنىڭ ئىشخانىلىرىغا كۈتكۈچىلىك قىلىشقا بەلگىلىگەنــدى، — دېدى زىلۋا بوي، يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى بار، قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر ئايال ئىشىك ئالدىغا كېلىپ. ئابدۇكېرىم ئۇنى تونۇيتتى. ئۇ مۇشۇ كەنتنىڭ ئۈچىنچى مەھەللىســدىكــى زىۋىدىخان ئىسىملىك تۇل ئايالنىڭ يالغۇز قىزى تۇنىسا ئىدى.

ئابدۇكېرىم تۇنىسانىڭ بىر نىكاھلىق بولۇپ ئاجراشقانلىقىنى بىرى ئەرگە تەگمەي، خالىغان يەرلەردە كۆكۆل ئېچىپ زېرىكىپ قالغان ئەرلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ يۈرۈۋاتقىنىدىن خەۋەردار ئىدى. ئابدۇكېرىم ئۇسماننىڭ غەرىزىنى دەرھال بىلىپ يەتكەنىدى. «مېنى ئورەككە ئىتتىرمەكچى بوپسەن ـ دە، قىزىل كۆز. خىيالىڭدا ئالدىنىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ، بىلىپ قوي، مەن سەندەك ئىچى قوتۇر رەزگىنىڭ قىلتىقىغا چۈشمەيمەن» دېدى كۆڭلىدە.

— ۋاي ـ ۋۇي، ماۋۇ ساپالار نەدىن كېلىپ قالدى؟ — تۇنىسا ئۆيگە كىرە ـ كىرمەيلا ۋاقىلاپ كەتتى، — پاھ، بۇ پىيالىلەرنىڭ گۈللىرى ئەجەب چىرايلىقكىنا. قارىغاندا مەشەدە ئۆي تۇتۇشنى ئويلاۋېتىپلا ـ ھە.

— نەدىكى گەپنى قىلىسىز؟ مەن دېگەن خوتۇنى بار ئادەم تۇرسام.

— خوتۇنلىرى بولسا ناھىيىدىدۇ. مەيەردىمۇ بىرسى بولسا نېمە بولاتتى؟ ئەر كىشىگە يەتتە خوتۇنمۇ دۇرۇسمىش.

— سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئىشخانىنى تازىلاش، — دېدى ئابدۇكېرىم توڭلۇق بىلەن، — ساپانى، چاي شىرەسىنى پاك ـ پاكىز سۈرتىسىز، چاي قاينىتىسىز.

— ماقۇل، ئانچىلىك ئىش دېگەن نېمىدى. ھېلىغۇ تازىلىق قىلىش، چاي قاينىتىشكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىن باشقا تەلەپلىرى بولسىمۇ بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن.

ئابدۇكېرىم باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنقىدەك يول ۋە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىدا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدا دېھقانلار قاتارى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىمەيدىغان؛ مەھەللىمۇ مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ، دېھقانلارنى بېيىتىشنىڭ تەدبىرلىرى ھەققىدە مويسىپىتلار بىلەن كېڭەشمەيدىغان؛ چوڭ ـ كىچىك يىغىنلاردا ئۇسماننىڭ پىكرىنى

توغرا بولسىمۇ، خاتا بولسىمۇ، پىلان ئاچا ئىرىققا پايدىلىق بولسىمۇ، پايدىسىز بولسىمۇ ھەممىسىگە ماقۇللۇق بىلدۈرىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ياتىقىغا بىكىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇش بىلەنلا كۈننى كەچ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە ئىلھام، مەدەت بولىدىغان، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئەتىگە يېتەكلەيدىغان ئىشلارنى ئاچا ئىرىق كەنتىنىــــڭ تۇتاش كەتكەن ئېتىــــز قىرلىرىدىن ئەمەس، ئاشۇ توم ـ توم كىتابلارنىڭ ۋارىقىدىن ئىزدەيدىغان بولدى.

كەچ كىرگەندە، بىر چىنە تاماق كۆتۈرۈۋالغان تۇنسا ئابدۇكېرىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى.

ـــ نېمىدەپ كەلدىڭىز؟

ـــ سىلىنى تاماق يەۋالسۇن دەپ، ـــ تۇنسا ياتاققا كىرىپ تاماق قاچىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋىدى، پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇنىڭ دىمىغــــغا ئۇرۇلدى. ئابدۇكېرىم شۇ چاغدا قورسىقىنىڭ راسا ئاچقانلىقىنى سەزدى.

ـــ جاپا تارتىپسىز، ئەكەلمىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ.

ـــ قانچىلىك ئىشتى، سىلى كەنتىمىزنىڭ مېھمىنـــى تۇرسىلا.

ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن سەل ئۆكۈندى. ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن يىرىكلىك قىلدىم. ئوسمان توزاق قۇرغان ھالەتتىمۇ بۇنىڭدا نېمە گۇناھ بولسۇن؟

تۇنسا ئۇستەلدىكى كىتابلاردىن بىـــرنـــى ئېلىــپ ۋاراقلاۋاتاتتى. ئىشىك غىچچىدە ئېچىلىپ ئەخمەتجان كىرىپ كەلدى.

ـــ كەل ئاداش، قانداق ئەھۋالىڭ؟

ـــ ياخشى، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭچۇ؟ مەن سېنى تاماققا چىللاپ كەلسەم، بۇ يەردە تاماق يېگىلى تۇرۇپسەن ئەمەسمۇ.

ـــ ماۋۇ تۇنساخان تاماق ئەكەپتىكەن.

— بىزنىڭ ئۆيگە بىرىپ يىسەڭ بولاتتى.

— ۋوي، ئەپەندىم، — دىدى تۇنسا قاچىسىنى يىغىشتۇرۇۋىتىپ، — مىنىڭ ئەكەلگىنىمنى يىسە بولمامدىكەن، بىلىپ قويسىلا جۇمۇ، مەنمۇ قولۇمنى يۇيۇپ تاماق ئىتىدىغان ئادەم.

— ياقەي، مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس، — ئەخمەتجان ئۇيلىمايلا دەپ تاشلىغان گىپى ئۇچۇن پۇشايمان قىلدى.

— مەنمۇ سىنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ماۋۇ تامغا كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يىزىپ چاپلايدىغان ئىش ئىدى. هۆسنخەت ماھارىتىڭنى بىر نامايان قىلساڭ بولاتتى.

— يازايلى، گۇل كەلتۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام ھىساب ئەمەس.

تۇنسا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار قائىدە - تۈزۈملەرنى ھەر خىل رەڭدىكى سىرلىق قەغەز ئۈستىگە قوندۇرۇشقا تۇتۇندى.

## يەتتىنچى باب

ئابدۇكىرىم شام يورۇقىدا كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. قورۇدا كۇلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قادىر، مەتقادىر ۋە ئوسمانلار كىرىپ كەلدى. يىقىنقى كۈنلەردىن بىرى ئۇلار ئايرىلمايدىغان ئۇلپەت بولۇپ قىلىشقانىدى. مەتقادىر بىلەن قادىر ھەپتىدە بىرەر ئاخشامنى ئوسماننىڭ مىھمانخانىسىدا ئۆتكۈزمىسە كۆڭلى قانائەت تاپمايتتى. ئوسمانمۇ ئۇلارسىز گىلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى. بۇ مىھمانلارنىڭ تۇيۇقسىز يەردىمۇ

دەلدەڭشىپ مىڭىشىدىن قارىغاندا بوتۇلكا تۈۋىدىن قوپۇپلا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ماۋۇ تاملارنى ناھايىتى ئوبدان بىزەپسىز، — دېدى مەتقادىر چاپلانغان ھۆسنىخەتلەرگە قاراپ قويۇپ، — قائىدە - تۈزۈم دېگەن مۇشۇنداق ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇشى كېرەك.

— پاھ! — دېدى قادىرمۇ، — بۇ ئۆي نېمانچە ئېچىلىپ كەتتىكىن دېسەم ماۋۇ ھۆسنىخەتلەر زىننەت بېغىشلىغانىكەن ئەمەسمۇ، خېتىڭىزنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىقلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن، خۇددى زاۋۇتتىن چىققاندەكلا.

— بۇ مېنىڭ خېتىم ئەمەس.

— تولا كەمتەرلىك قىلماڭا، سىزنىڭ خېتىڭىز بولماي پەرىشتىلەرنىڭ بولاتتىمۇ، بۇ ئۆيدە سىزدىن باشقا ئادەم بولمىسا.

— راست، بۇ سىلەرنىڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەمنىڭ خېتى.

— بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە؟

— ھەئە.

— بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇشۇنچىلىك قابىلىيەت ئىگىلىرى تۇرسا، مەكتەپ مۇدىرلىرى ماڭا نېمىشقا دوكلات قىلمىدىكىنا. مەن ئوبدان بىر كاتىپقا چىقىنالماي چالا ساۋات بىر نېمىنى ئىشلىتىپ يۈرىمەن ئەمەسمۇ. قايسى مۇئەللىم ئۇ؟

— ئەخمەتجان مۇھەممەت. ئۆزى مۇشۇ ئاچا ئېرىقلىق.

— مۇنداق دەڭ تېخى، يەنە كېلىپ بۇنداق قابىلىيەت ئىگىلىرى مۇشۇ قۇملۇقتىن چىققانىكەن - دە.

— بىزنىڭ ئاچا ئېرىققىمۇ سەل قارىمىسىلا، شۇجى، — دېدى بۇلۇڭدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان ئوسمان، — بۇ قۇملۇقتىمۇ نى - نى تالانت ئىگىلىرى بار.

www.uyghurkitap.com

— ئۇغۇ شۇنداق. مەسىلەن، ئالساق سىلىمۇ مۇشۇ قومۇلۇقتىن چىققان ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى.

ئوسمان ئابدۇكېرىمگە قاراپ ئاڭلاۋاتامسەن، دېگەن مەنىدە ھىجىيىپ قويدى.

— ئۇ ئاغىنىڭىزنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ، — دېدى قادىر بايامقى گېپىنىڭ داۋامىنى ئۇلاپ، — ئاتا - ئانىسىدىن رەھمەت ئالالىغان بولسا، ئەپەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ كېتەر.

— ماقۇل، مەن چوقۇم كۆرۈشتۈرىمەن.

— خىزمەت قىلىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى ئۆگىنىۋاپسىز، — دېدى مەنقادىر، — ياشلار دېگەن چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھەرقاچان ماقۇل دەپ تۇرۇشى كېرەك. يېقىندىن بېرى يەتكۈزۈلگەن ئىنكاسلار ئادەمنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ. كەنت كادىرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزمۇ ئالاھىدە ياخشىلىنىپتۇ.

— ياشلار سەل قىزىققان كېلىدۇ، — كارىۋاتتا يېنىچە ئولتۇرغان قادىرمۇ بىر ياندىن لوقما سالدى، — دەسلەپتە ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. ئۇنداق چاغلار بىزنىڭ ھاياتىمىزدىمۇ بولۇپ ئۆتكەن. كېيىن كەينى - كەينىدىن قايىنامغا پېشىلغىلى تۇرۇۋېدۇق، بۇرنىمىزغا سۇ كىرىپ، ئىشنىڭ يولىنى تېپىۋالدۇق. ئەمما، ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۇكىمىز كۆپ ئەقىللىقكەن، قايىنامغا پىشىلماستىنلا ئۆز يولىنى تېپىۋالدى.

— راست گەپنى دېگەندە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئەمدى بىلىۋالدىم، — دېدى ئابدۇكېرىم سىرلىق كۈلۈپ، — خىزمەتتە شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتۇش، رېئاللىققا ماسلىشىش بەك مۇھىمكەن.

— ماۋۇ گېپىڭىز ئۇيلىغان يېرىمدىن چىقتى مانا، — قادىر ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋەتتى، — مۇشۇ قارىشىڭىزدىن ئېزىپ كەتمىسىڭىز ئۇزاققا قالماي ئىسمىڭىزنىڭ ئاخىرىغا

«جاڭ» دېگەن سەلتەنەتلىك قوشۇمچە ئۇلانماي قالمايدۇ.

— ئەمما مېنىڭ ئۆسۈش نىيىتىم يوق. ھازىرغىچە ئۇنداق شېرىن چۈشلەرنى پەقەت كۆرۈپ باقمىدىم.

— چۈنكى سىز قەدرىنى بىلمەيسىز - دە، — دېدى مەنقادىر قوللىرىنى چېۋىن قورۇغاندەك پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، — ئەمەل دېگەن قىش - ياز كۆكلەپ تۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخ، ئۇنىڭ مېۋىسى ھەم شېرىن، ھەم كۆركەم، ھەرقانچە يېسىڭىزمۇ، سېتىپ خەجلىسىڭىزمۇ تۈگىمەيدۇ. ئاشۇ دەرەخ ئىلكىڭىزدىلا بولىدىكەن، نېمىنى خىيال قىلسىڭىز، شۇ نەرسە ئالدىڭىزدا ئۆز ئايىغىدىن ھازىر بولىدۇ.

— ناھىيىدىكى بىر رەھبەرنىڭ گېپىچە، يىل ئاخىرىدىكى سايلامدا سىلىنى مەلۇم بىر يېزىنىڭ بېشىغا گۈل تاج قىلىپ قوندۇرارمىش، — دېدى قادىر مەنقادىرغا قاراپ.

— ھەي تاڭ. . . — مەنقادىرنىڭ ئەلەس كۆزلىرى غايىۋى بەخت شولىسىدىن نۇرلىنىپ كەتتى.

— بۇ ئىشەنچلىك خەۋەر، — دېدى قادىر، — مەن ناھايىتى مۇھىم ئەرباپتىن ئاڭلىدىم. ۋاقتى كەلگەندە راستكەن دەپ قالىلا. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىمجاننى يانلىرىغا تارتىپ شاگجاڭ ياكى مۇئاۋىن شۇجى قىلىۋالسىلا. ئەگەر سىلە تارتمىسىلا، مانا مەن تارتىۋالىمەن.

— ئىككىمىزنىڭ بىر ئىشخانىدا ئىشلەۋاتقىنىمىزغا خېلى بولدى، — دېدى مەنقادىر ئابدۇكېرىمگە قاراپ قويۇپ، — كېيىنمۇ بىرگە ئىشلەيمىز.

— مەنسەپ تاجى بېشىڭىزغا كىيىلگەندە، ئەتراپىڭىزدىكىلەر ئىشەنچىسىز بولسا كۆڭلۈڭ ئارام تاپمايدىكەن، — دېدى قادىر كارىۋاتنىڭ بېشىغا مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ، — مەن دەسلەپتە ئۇبدان بايقىمىغانىكەنمەن، خېلى قەدىرلەپ ئىشلەتكەن ئادەملەردىنمۇ يامانلىق كۆرۈۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

مەتقادىر ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، كەينى ـــ كەينىدىن ئىككى نۆۋەت ئەسنىدى. ئۇنى راستتىنلا ئۇيقۇ تۇتتىمۇ ياكى قەستەنگە شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

ـــ ئەمدى قايتايلى، ـــ دېدى ئوسمان، ـــ شۇجىنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. مېنىڭ كۆزۈممۇ بولالماي كەتتى.

ـــ خوش ئەمىسە، بىز كەتتۇق، ـــ ئۇلار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى ـ كەينىگە دەسسەشكىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقى ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىپ، لىپپىدە ئۆچۈپ قالدى. گويا هايات توختاپ قالغاندەك ئۆي ئىچى قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىققا چۆمدى. ئەمما كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتقان ئابدۇكېرىمنىڭ يۈرەك رىتىمى سوقۇشتىن، تەپەككۇر قۇشلىرى قانات سىلكىشتىن توختاپ قالمىغانىدى. ئۇ قادىر ۋە مەتقادىرنى ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ باياتىنقى ئەمەل ـ مەنسەپ هەققىدە دېيىشكەن گەپلىرىنى مۇلاھىزە قىلاتتى. ھوقۇق دېگەن ئاجايىپ گۈزەل جانان. ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر قول ئۇزىتىدۇ. ئەمما ئۇ بەزىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئالۋۇندەك قوغلىغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەرگە بولسا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قۇچاق ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن تەلەيلىكلەر خۇددى سۆيگىنىدىن جۇدا بولۇشقا كۆزى قىيمىغان ئاشىقتەك ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، ئايرىلىپ قالغاندا قاتتىق هەسرەتلىنىدۇ. لېكىن، بەزىلەر مەنسەپكە ئامراق كىشىلەرنى ئەخمەقلەر دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. مەنمۇ هازىرغىچە مەسخىرە قىلىپ كەلدىم. ئەمما ئاشۇ مەسخىرە قىلغۇچىلار نېمىگە ئېرىشەلىدى. مەن نېمىگە ئېرىشەلىدىم.

بۇ يىلقى باھار ئاچا ئېرىقتا سەل كېچىكىپرەك كەلگەن

بولسمۇ، ئىككى كۈندىن بېرى ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. يېڭىلا باراڭغا ئېلىنغان تالىلىق ئاستىدىكى يۇمشاق، قۇمساڭغۇ تۇپراقتا ئاچا ئېرىقلىق دېھقانلار يېقىن سىغدىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئوسمان بىلەن ئابدۇكېرىم ئاپتاپلىققا ئەپچىلغىنا جايلاشتۇرۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى. ئوسمان دېھقانلارغا تەكشى بىر قارىۋېلىپ سۆز باشلىدى.

— يولداشلار، بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى مۇھىم، — دېدى ئۇ ھەر قېتىمقى چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا بىر نۆۋەت تىلغا ئالىدىغان گېپىنى يەنە تەكرارلاپ، — كونىلاردىكى «ئات ئايلىنىپ ئۆز ئوقۇرىنى تاپىدۇ» دېگەن تەمسىل كەنتىمىزدە يەنە بىر قېتىم ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. يېزا رەھبەرلىرىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ھىممىت ھاجىنىڭ بۇ زېمىنىنى ھەرقايسىڭلارغا سېتىپ بەرمەكچى. باھادا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، سوغىرىش قۇلايلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ ھەر موسىنى يۈز يىگىرمە يۈەنگىچە بېكىتتۇق. يەر سېتىۋالغۇچىلارغا كۆلەم جەھەتتە چەكلىمە قويۇلمايدۇ. ئەمما، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەر ئالالمىغانلار بىزدىن ئاغرىنساڭلار بولمايدۇ.

دېھقانلار ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا بۇرنىنى تەڭلەپ ئولتۇرىۋەرمىدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئۆزۈندىن بېرى بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان مۇشۇ زېمىننىڭ خوجايىنلىق تۇيغۇسى ئاخىر پارتلىدى.

— دەسلەپتە ئۆزىمىزنىڭ يېرىگە ئۆزىمىز ئىگە بولالماي خەققە تۇتقۇزۇپ قويدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ قولىدىن قىممەت سېتىۋالساق قاچانمۇ دولىمىز ئاپتاپ كۆرەر؟ — غودۇڭشىدى ئارقىدا ئولتۇرغان چارساقال دېھقان.

— بۇنداق قىغ يېمىگەن قۇۋۋەتسىز يەرنى تېرىغان بىلەن بىر يىل كەتمەن چاپقىنىمىز قالىدۇ. مەن ئالمايمەن.

— مەنمۇ ئالمايمەن. كىمگە ساتسا ساتسۇن.

www.uyghurkitap.com

— يەر بۆلۈپ بىرىش ئەتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ، — ئوسمان مەيداندىكى غۇلغۇلىنى بېسىش ئۈچۈن ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى، — ھەممەيلەن بېرىپ تەلىيىڭلارنى سىناپ كۆرۈڭلار. بارمىغانلار چوقۇم پۇشايماندا قالىسىلەر.

ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن غەلىتە مىجەزلىك مەخلۇق، دەسلەپتە يەر سېتىۋېلىشقا ھېچ كىشى بارمىدى. ئوسمان ئۆيمۇ ئۆي قاتراپمۇ بىرەر دېھقاننى ئاچمىغا يېقىن يولىتالماي جىلە بولۇپ كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە زىۋىدىخان تۆت مو يەر ئېلىپ پاختا تەييارلاشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقىلىۋىدى، ئاچا ئېرىق تەۋەسىدە يەر تالىشىش غوۋغاسى باشلىنىپ كەتتى.

— شۇ تۇل خوتۇن جىنىدا تۆت مو سېتىۋالسا مەن قاراپ تۇراتتىممۇ، — دەيتتى كىمدۇر بىرى ئاچمىغا قاراپ ئالدىراپ كېتىۋېتىپ.

ئاچما يەر بىر كۈندىلا سېتىلىپ بولدى. يەر ئالالمىغان بىرنەچچە كىشى نېمىشقا تەڭ تەقسىم قىلمايدىكەن، دەپ ھىممىت كاۋاپ بىلەن ئوسماندىن ئاغرىندى. ھىممىت كاۋاپ ئۈچۈن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش تولىمۇ لەززەتلىك تۇيۇلاتتى. جاھاندا مەڭگۈ يېپىق پېتى قېلىۋېرىدىغان مەخپىيەت يوق. ھەرقانچە يوشۇرۇن قىلىنغان ئىشلارمۇ ئاشكارىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىگە دەسمايە بولماي قالمايدۇ. بىر ئادەم چوڭ بىر شەرەپ قازانسا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىدىغانلار ئاز بولىدۇ. ناۋادا ئۇياتلىق ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويسا، ئۇ توغرىدا قىزىقىپ سۆزلەيدىغانلارمۇ، بېرىلىپ ئاڭلايدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئاچا ئېرىق كەنتىدىمۇ زىۋىدىخاننىڭ پاختا تېرىش ئۈچۈن سۇلياۋ يوپۇق ياپقان تۆت مو يېرى توغرىسىدا باشقىچە گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىپ كەتتى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، سائادەتخان، — دېدى قىر بېشىدا بالا ئېمىتىپ ئولتۇرغان ئايال ئېشەك ھارۋىسىغا ئىككى قاپ ئوغۇت

بىسىپ ئۆتۈپ كەتكەن زىۋىدىخانىنىڭ ئارقىسىدىن ئىشارەت قىلىپ، — زىۋىدىخانىنىڭ پاختا تېرىماقچى بولغان يېرىنى ھېمىت كاۋاپ پۇل ئالماي بەرگەنمىش.

— پۇل ئالماي بەرمەس، — دېدى چوڭەكتىكى سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ئۇستىنى سۇپۇرۇۋاتقان ئايال.

— راست بىكارغا بېرىپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغاندۇ؟

— تۇنىسا قاشاڭنىڭ غىلجىڭلىقى ئەسقاتقان گەپ.

— ھېمىت كاۋاپ شۇ سالاپىتى بىلەن تۇنىسادەك نېمىلەرگە ساقال تاشلاپ يۇرمەس.

— ئەر خەق دېگەن ئۆيدىكى چىرايلىق خوتۇنىنى قويۇپ، ئەدىكى بىر نېمىلەرنىڭ كەينىدىن يۇگۇرىدۇ دېسىلە.

— توۋا خۇدايىم، توۋا...

— نىكاھىغا ئالغان گەپكەن دېسىلە تېخى.

— نىكاھىغا.

— ھەئە، سوپاخۇن قارىمنىڭ ئالدىدا ئەللىك كوي قويۇپتىكەن، نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ.

كەچتە ئەخمەتجان تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى كىچىك دۇكاندىن بىر بولاق شام سېتىۋالدى. ئۇ دۇكاندار بىلەن ھېساۋاتنى تۈگىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، ئاچا ئېرىقلىقلارنىڭ ھەممىسىگە تونۇش بولغان سېغىزرەڭ پىكاپنىڭ ئاياغ مەھەللە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. «تۇنىسا قاشاڭنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ - دە، ئىنتىقامنى بۇگۈندىن قالدۇرماسلىق كېرەك. يۈزىگە قارا سۇركەپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ ئاچا ئېرىق خەلقى ئالدىدا تازا بىر رەسۋا قىلمايدىغان بولسام ئەخمەتجان بولماي كېتەي. ياق، ئۇنداق قىلغاننىڭمۇ پايدىسى يوق. ھېمىت كاۋاپ تۈلكىدەك ھىيلىگەر ئادەم. ئىككىسىنىڭ

ئىشتىنىنى تەتۈر كىيگۈزۈپ ساقچىخانىغا سولاپ بەرسىمۇ بىردەمدىن كېيىن ئادەمنىــــڭ ئالدىدا پەيدا بولالايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، باشقا بىر ۋاقىتنى تاللاش كېرەك». ئەخمەتجان ئىچىدە شۇنداق دېگىنىچە ئىلدام قەدەم تاشلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت ئىنتىقام، ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، دېگەن بىرلا خىيال غەليان كۆتۈرەتتى. ئەمما ئىنتىقامنى قايسى ئۇسۇل بىلەن ئالىدۇ، قانداق قىلىپ ئالىدۇ، بۇ ھەقتە بىرەر مۇۋاپىق چارە ـ ئامال تېپىلمايۋاتاتتــى. «ئۇرمــان ئىچىــزىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ تاشتىن بىرنى ماشىنا ئەينىكىدىن بېشىــغا چەنلەپ ئاتسام قانداق بولار؟ يولىغا ئورەك كولاپ قويسامچۇ؟» ئەخمەتجان چوڭ يولدىن ئۆيى تەرەپكە ماڭىدىغان دوقمۇشتىكى تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، ئاجراپ كەتكەن تاختايلار تاراقلاپ قالدى. ئۇ تۆت قەدەم ئېلىپلا ئارقىسىغا ياندى. چۈنكى، ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭى بىر پىكىر پەيدا بولغانىدى. ئەخمەتجان ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە كۆۋرۈكنىڭ تۆت دانــە تــاختىسىنــى سۇغۇرۇۋېلىپ ئالدى ـ دە، بىر تەرەپكە سەل يۆرۈشتۈرۈپ، بېشىنى لىم ياغاچقا يەم بىلەن تىرەپ قويدى. ئاندىن پۈتىنى شۇنچىكــى تەگكۈزۈۋىدى، تاختايلار تاراقلاپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. «ھەي ھىمىت! بۇگۈن سېنىڭ كۆرگۈلۈكۈڭ بار ئوخشايدۇ. سەن مېنى ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپارغان بولساڭ، مەن ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئاپىرىمەن. بېشى ماكچايغان ئەبجەق ماشىناڭ كۆۋرۈك ئاستىدا دەم ئالغاچ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسابقا چېكىت قويۇلىدۇ. كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ گۇمانلانساڭمۇ مەيلى». ئەخمەتجان يۇقىرىقىلارنــى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ چاغدا يىراقتىن ماشىنا چىرىغىنىڭ شولىسى كۆرۈندى. ھىمىت ھاجى تونۇسانىڭ ئۆيىدە ھايالشىماي قايتقانىدى. ئەخمەتجان ئوپۇل ـ توپۇل ھېلىقى تاختايلارنى ئۆستەڭدىن ئېلىــپ، باياتىـــن

تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگىنى بويىچە تىرەپ قويدى ـ دە، خۇددى كېيىك بالىسىدەك چاققانلىق بىلەن هويلىسىغا كىرىۋالدى. ماشىنىنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇر دەستىلىرى ئاۋۋال يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە، ئاندىن كۆۋرۈككە چۈشۈپ غۇۋا يورۇتتى. ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىككى يۈز مېتىر، يۈز مېتىر... ماشىنا كۆۋرۈككە يېقىنلاشقانسېرى ئەخمەتجاننىڭ يۈرەك رىتىمىمۇ تېزلىشىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ خىيالىنى ئىنتىقام ۋەسۋەسىسى تىزگىنلىۋالغاچقا، باشقا هادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى مۇتلەق ئويلاپ باقمىغانىدى. ئويلىمىغان خەۋپ توساتتىن يۈز بەردى. قارشى تەرەپتىن كەلگەن ئېشەك هارۋىسى كۆۋرۈككە يېقىنلىشىۋاتاتتى، ئەخمەتجاننىڭ تىنىقى توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئېتىلىپ چىقىشنى ئويلىدىيۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. چىققان بىلەن خەتەرنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. ماشىنا كۆۋرۈك بويىغا يېتىپ كەلدى. هارۋىدىكى ئايال كىشىدەك قىلاتتى. هارۋىكەش ماشىنىغا يول بېرىش ئۈچۈن ئېشەكنىڭ باش بېغىنى تارتىۋىدى، جاھىل جانىۋار تىركەشكىنىچە كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگىلا چىقىۋالدى. ماشىنا كۆۋرۈكتىن تۆت ـ بەش قەدەمچە نېرىدا توختاپ قالغانىدى.

— ئاھ خۇدا! — ئەخمەتجان سەۋدايىلارچە نالە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەڭزىگە چاڭگىدە بىر شاپىلاق سېلىۋەتتى. شۇ هامان ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك قوپال ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاياللارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى تۈن قوينىدا يىراقلارغا تارالدى. ئەخمەتجان بىردەم مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا هىمىت كاۋاپمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، كۆۋرۈك ئۈستىگە كېلىپ بولغانىدى.

— كەلسىلە، قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، — هىمىت كاۋاپ بىرىنچى بولۇپ ئۆستەڭگە سەكرىدى.

بىر پۇتى بىلەن بىر قولى ھارۋا ئاستىدا قالغان ئايال ئېچىنىشلىق ئىنجىقلاپ ھەريان تولغاناقتا ئىدى. شوتىلىرى سۇنۇپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن ھارۋىنىڭ سەل نېرىسىدا يەنە بىر ئايال ھوشسىز ياتاتتى. ئېشەك پۇتلىرىنى جان - جەھلى بىلەن سىلكىپ ئىنجىقلايتتى.

— ۋاي بالام! تۇنساخان، — ھارۋا ئارقىسىغا قىسىلىپ قالغان ئايال زەئىپ ئاۋازدا چاقىردى.

— ھوي زىۋىدىخان ئاچامكەنغۇ بۇ، — دېدى ئايالنىڭ ئاۋازىدىن تونۇغان ھىمىت كاۋاپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — ماۋۇسى تۇنساخان ئوخشايدۇ، ئىسىت! — ھىمىت كاۋاپ ھوشسىز ياتقان تۇنساغا تاشلاندى.

تۇنسانىڭ بۇگۇن ئەتىگەندە ئانىسىنى دوختۇرغا كۆرسىتىش ئۇچۇن مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئەخمەتجاننىڭ ئېسىگە چۈشۈپ، يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى.

— تىنىقى بار ئىكەن، دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، — دېدى ھىمىت كاۋاپ تۇنسانىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ. ئەخمەتجانمۇ چاققانلىق بىلەن ئايىغى تەرەپنى كۆتۈردى. ئۇلار تۇنسانى ماشىنىغا ياتقۇزۇپ بولۇپ زىۋىدىخاننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشتى.

— ھارۋىنى كۆتۈرسىلە، ھە، بەكرەك كۈچەپ.

بۇ بىتەلەي ئايالمۇ ھارۋا ئاستىدىن ئاجرىتىۋېلىندى.

— كۆۋرۈكنىڭ تاختايلىرىچۇ؟

— مانا بىرسى مايەردىكەن.

— مەن بىرنى تاپتىم.

— ياق، بۇ ھارۋىنىڭ تاختىيىكەن، — دېدى ئەخمەتجان ھىمىت كاۋاپ ئۈزۈلگەن تاختاينى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ.

ئۇلار خۇددى ئىت قورقۇتۇۋەتكەن گاچىدەك ئالدىراش ۋە قالايمىقان ھەرىكەتلەر بىلەن كۆۋرۈكنىڭ تاختايلىرىنى ئۇياق -

بۇياقتىن تېپىپ ئۆز جايىغا سالدى. كۆۋرۈك ئاستىدا جان تالىشىپ ياتقان زۇۋانسىز جانۋار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. زىۋىدىخان نەپەس ئالالماي بوغۇلاتتى. «قىزىم، تۇنساخان بالام» دەپ توۋلىغاچ قولىغا ئىلىنغانلا نەرسىنى تارتاتتى. ماشىنا تار كوچىدىن چوڭ يولغا بۇرۇلۇپلا خۇددى قۇيۇندەك تېزلىكتە يۈرۈپ كەتتى.

1998 ـ يىلى خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خەيرىنسا

## بىرىنچى باب

ناغرادۆڭ كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يولنى كىشىلەر «ئوق يول» دەپ ئاتىشىدۇ. ناغرادۆڭلۈكلەرنىڭ ئۆيلىرى تولىراق ئاشۇ ئوق يول بويىغا جايلاشقان. ئەمما، تۆمۈر ئاكىنىڭ ئۆيى ئوق يول بويىدا ئىدى. هويلىنىڭ دەرۋازىسى قوش قاناتلىق بولۇپ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان، شاللىرىنىڭ ئارىلىقى بارماق پاتقۇدەك ئىدى.

هويلا پاك ـ پاكىز تازىلانغان، تال بارىڭىنىڭ ياغاچلىرى ئېگىلىپ، قاتار ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئۈزۈم ساپاقلىرى ئالدىغا ئېڭىشمەي ماڭغان ئادەمنىڭ بېشىغا سوقۇلاتتى. هويلا بىلەن باغنى پاكارغىنا سوقما تام ئايرىپ تۇراتتى. هويلىنىڭ بۇرجىكىدىكى قوتان ئالدىدا بىر چاقنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەن ئېشەك هارۋىسى تۇراتتى، قوتاندىكى بەش ـ ئالتىدەك قوي ئارىلىقتىن بېشىنى چىقىرىپ چۆپ يېمەكتە ئىدى.

ئۆي ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۆينىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك سېغىز توپىدىن قوپۇرۇلغان پاكار سۇپا ئىگىلەيتتى. سۇپىنىڭ ئۈستىگە يىرتىق ئاق كىگىز سېلىنغان بولۇپ بەزى يەرنىڭ بورىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇپىنىڭ بىر تەرىپىدە سىرلانمىغان ئىككى دانە ساندۇق، ساندۇق ئۈستىگە كونىرىغان يوتقان ـ كۆرپىلەر رەتلىك يىغىپ قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ بىر تېمىدا مورا ئوچاق، توپا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان

تەكچە، تەكچىدە بىر يۇرۇش كىتاب، دەپتەر . . . ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا لىق سۇ قاچىلانغان سېمونت كۆپ بار ئىدى.

پەگادىن ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرگە ئېلىنغان ئىشىكلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئۈستى ئەسكى - تۈسكى ياغاچلار بىلەن يېپىلغان بولۇپ، تورۇسقا بەش - ئالتە پۇتاقلىق ئىلمەك ياغاچ ئېسىلىپ، تەلپەك، بىر كاللەك يۇڭ، بىر دانە باغلىق سېۋەت قاتارلىقلار ئىلدۇرۇلگەنىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى سېمونت كۆتەك ئۈستىدە بىرنەچچە تاغار بۇغداي يەرگە چېچىلىپ كەتكەنىدى.

ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئەھۋالى سەل ياخشىراق بولۇپ ئىككى تامغا تاقاپ كارىۋات، تۆرگە مېغىزرەڭ سىرلانغان ئىشكاپ قويۇلغانىدى. ئۆي پاكىز تازىلاپ يېغىلىپ سۇ چېچىلغاچقا ناھايىتى سۈرۈن ئىدى. كارىۋاتلارنىڭ بىرىدە ئون بەش ياشلاردىكى چىرايى سوزۇق، قوشۇما قاش، كىرپىكلىرى ئۇزۇن بىر قىزچاق ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، ئىككى قولى ئىككى يانغا تاشلانغان، بېشى بىر ياققا سەل قىيسايغان بولۇپ، ئېغىزى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىق ئىدى.

سىرتتىن ئالدىراش كىرگەن رۇزىنىسا ئۇخلاپ ياتقان سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەۋەس بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاپئاق گېلىنى غىدىقلىدى. قىز ئاچىسىنىڭ قولىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىتتىرىپ يېتىۋەردى.

— ھوي خەيرىنىسا، چاپسان قوپ، — دېدى رۇزىنىسا سىڭلىسىنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويۇپ.

— بىردەم ئۇخلىغىلى قويغىنا، — قىز كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ بىر تولغاندى - دە، سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى.

— خەيرىنىسا، قوپ، ساڭا چاقىرىق كەپتۇ.

— چاقىرىق؟ — قىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

ھويلىدا خەيرىنسانىڭ ساۋاقداشلىرىدىن ھۆرىيەت بىلەن باھار قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغاندەك چىرايىدا كۈلكە ئوينايتتى.

— ئەتىگەندىن بېرى قاپىقىم تارتىپ تۇراتتى، — دېدى ھويلىدىكى سۇپىدا خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان نۇرنىساخان ئاچا قىزلارغا قاراپ، — نېمە خۇشلۇق باركىن دېسەم مۇشۇ ئىشكەن مانا.

— خۇدا يۆلەپتۇ، — يىرتىق تاغارنى ئىنچىكە سىمدا ياماۋاتقان تۆمۈر ئاكىمۇ ئىشتىن توختاپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — ئۇلتۇرسام - قوپسام خۇدادىن «دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتمىغايسەن، پەرزەنتلىرىمنى خار - زار قىلمىغايسەن» دەپ تىلەيتتىم. يارانقان ئىگەم مۇشۇ ئىشتا تىلىكىمگە يەتكۈزۈپتۇ.

— ماڭ ئاداش، چاقىرىقنى ئەكېلەيلى، — دېدى ھۆرىيەت ئالدىراپ.

— ماقۇل، ساڭا نەدىن كەپتۇ؟

— خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن.

— ماڭا نەدىن كەلگەندۇ. . .

گۈزەل بەخت ئالدىدا تەمتىرەپ قالغان بۇ سەبىي قىز نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئۆيدىن ھويلىغا، ھويلىدىن ئۆيگە يورغىلايتتى، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چاقىرىق كەلگەندەك ئەمەس، چاقىرىق كېلىپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بۇ چۈش ھېلىلا كۆز ئالدىدىن يوقاپ كېتىپ داغدا قالىدىغاندەك ئەنسىرەيتتى. . .

— تېزرەك بول، ماڭايلى، — سەۋرى قاچىسى قايناپ تېشىۋاتقان باھار يەنە بىر قېتىم ئالدىراتتى.

— ماقۇل، جۇر ئەمىسە.

— كىيىمىڭنى ئالماشتۇرمامسەن؟ — رۇزىنىسا

قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنلۇك توۋلىدى.

— ھوي راست، كىيىمنىڭنى ئالماشتۇرمىساڭ بولمىغۇدەك، — دېدى ھۆرىيەت خەيرىنسانىڭ ئۇستۇۋىشىغا قاراپ.

شۇ چاغدا خەيرىنسا باياتىن ئېتىزدىن ئوت ئوتاپ كېلىپلا ھاردۇقتا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۆيىگە يېنىپ كىرىپ كەتتى. قىزلارنىڭ يۈرىكى ئالدىراش سوقاتتى. خەيرىنسا ھايال بولماي قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئالماشتۇرغان كىيىمىمۇ ئالاھىدە چىرايلىق كىيىم ئەمەس، پەقەت ئېتىزدا كىيگەن كىيىمدىن سەل پەرقلىنىدىغان ھاۋارەڭ كۆڭلەك ئىدى.

خەيرىنسا چاقىرىق قەغەزنى ئېلىپ كىرگەندە، تۆمۈر ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دەرۋازا ئالدىدا يولغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشقانىدى. خەيرىنسانىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ئۇلار جانلىنىپ كەتتى.

— ئەنە كەلدى.

— چاقىرىقنى ئەكەلدى.

خەيرىنسانىڭ كەنجى ئىنىسى باقى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. گەرچە باقى چاقىرىقنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىغا قاراپ تولىمۇ مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

— ئاچاق، چاقىيىق كەپتۇمۇ؟

— كەپتۇ ئۇكام.

— ئەكىلە مەن كۆرۈپ باقاي.

خەيرىنسا ئالىقىنىدا چىڭ سىقىمداپ كەلگەن كونۋېرتنى باقىغا كۆرسەتتى. باقى ئۇنى شارت تارتىپ ئالدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۆي تەرەپكە يۈگۈردى. بۇ چاغدا تۆمۈر

ئاكىلارمۇ ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا خەيرىنىسا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— چاقىيىق كەپتۇ، ئاچامغا چاقىيىق كەپتۇ، — باقى بار ئاۋازىدا توۋلاپ كونۋېرتنى پۇلاڭلىتىپ كېلىپ تۆمۈر ئاكىغا تۇتقۇزدى.

— نەدىن كەپتۇ؟ — رۇزىنىسا ئالدىراش كېلىپ سىڭلىسىنى قۇچاقلىدى.

— خوتەن باغۋەنچىلىك مەكتىپىدىن.

ھەممەيلەن خەيرىنسانى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار توختىماي خەيرىنسادىن ئۇنى - بۇنى سورايتتى. چاقىرىقنى بىر - بىرىدىن تالىشىپ كۆرۈشەتتى. قىسقىسى ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەز تۆمۈر ئاكىنىڭ ئائىلىسىگە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان چەكسىز شاد - خۇراملىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

— قاچان بارىدىكەنسەن؟

— 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تىزىمغا ئالدۇرىدىكەنمەن.

— ئىككى ئايدەك ۋاقىت باركەن.

— ھەر نىمە بولسا خوتەندە ئوقۇيدىكەنسەن بالام، — دەيتتى نۇرنىساخان ئاچا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — يىراق يەرلەرگە كېتىپ قالارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

— مىنىڭ ئائىلەمدىنمۇ بىر كادىر چىقىدىغان بولدى، — دەيتتى تۆمۈر ئاكا ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا، — خۇدا بىر بالامغا بولسىمۇ خەقكە بويۇن قىسماي نان تېپىپ يەيدىغان نۇسرەتنى بېرىدىغان بولدى.

رۇزىنىسا ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ چاقىرىق قەغەزنى بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. «ساۋاقداش خەيرىنىسا تۆمۈر، سىز مەكتىپىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك كەسپىگە قوبۇل قىلىندىڭىز، 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رويىخەتكە ئالدۇرىسىز. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل، ھەر يىلى ئۈچۈن ئوقۇش راسخوتى 2600 يۈەن،

ياتاق پۇلى 100 يۈەن، تاماق پۇلى 200 يۈەن، ماتېرىيال ھەققى 200 يۈەن، جەمئىي 3100 يۈەن تاپشۇرىسىز».

— چاقچاق قىلمىساڭچۇ بالام، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بالىغىمۇ پۇل تاپشۇرامدىكەنمىز، يوق گەپنى ئوقۇماي، بارنى ئوقۇغىنا.

— راست شۇنداق گەپلەر باركەن، دادا، — رۇزىنىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ تۆمۈر ئاكىغا قارىدى.

— راستمۇ؟ — تۆمۈر ئاكا بىر چەتتە گۇناھكارلاردەك بېشىنى ئېگىپ تۇرغان خەيرىنىسادىن سورىدى.

— راست، — خەيرىنىسا بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتتى.

تۆمۈر ئاكا پېشانىسىگە پاققىدە بىر شاپىلاق سالدى ـ دە، سۇپىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەتراپىدا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى. خەيرىنىسا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا موللاق ئېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بىرەر سائەت بۇرۇنقى خۇشاللىقى ئاچچىق ھەسرەتكە ئالماشقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۆمۈر ئاكىنىڭ «راستتىن شۇنچىلىك پۇل كېتەمدىكەن» دەپ سورىغان چاغدىكى چەكچەيگەن كۆزلىرى، قولاق تۈۋىدە پېشانىسىگە شاپىلاق ئۇرغان چاغدىكى «پاققىدە» قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تۆمۈر ئاكا خەيرىنىسانى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئولتۇرسا، قوپسا ـ تەڭرىدىن ئۇنىڭ بەختىنى تىلەيتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كادىر بولىدىغان مەكتەپلەرگە بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مانا ئەمدى... «راست، 3100 يۈەن دېگەن ئاز پۇلمۇ، بىزدەك نامرات ئائىلىلەردە ئۇنچىلىك پۇل نېمە ئىش قىلىدۇ» خەيرىنىسا ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ كۆردى. «قوتاندىكى بەش قوي ئىككى يۈز كويدىن مىڭ كويغا يارايدۇ. ياق قويلار بەك ئورۇق، ئىككى يۈز كويدىن

ئالمايدۇ. بىر يۈز ئەللىك كويدىن ئېلىشى مۇمكىن. ئىككى مو يەرنىڭ پاختىسى خېلى بىر گەپ بولىدۇ. بىراق، ئۇرۇق تۆۋەندىكى ئېتىزلارنىڭ پاختىسى ئانچە ئوبدان ئېچىلمىدى، ئۇلارنىڭ پۇلىسىمۇ يەتمىسە» ، خەيرىنىسا بىردەم توختاپ قالدى «توغرا، ئۆگزىدە ئىككى تاغار گۈلە بار. ھېچبولمىغاندا ئۇمۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈز كويغا يارايدۇ. . . مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا 3000 يۈەن بولماسمۇ، دادام قايسى كۈنى بۇ يىل پاختىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپتۇ دېگەن، زادى قانچىلىك تۆۋەنلەتكەندۇ؟ . . .» خەيرىنىسا ئويلىغانسېرى خىيالى چىگىشلىشىپ كەتتى.

ئۇلار كەچلىك تاماقنى ئۈن ـ تىنسىز يېيىشتى. تۆمۈر ئاكىمۇ، نۇرنىساخان ئاچىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. تاماقتىن كېيىن تۆمۈر ئاكا ئائىلە ئەزالىرىنى يىغىپ خەيرىنىسانى ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتماسلىق ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— خەيرىنىسانىڭ چاقىرىق قەغىزىدە 3100 يۈەن ئەكېلىڭ دەپتۇ، — تۆمۈر ئاكا يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا سۆز باشلىدى، — مەن ئەتىدىن بېرى ئويلاپ بۇ پۇلنى جەملىيەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. ئۇ قولۇمنى چىشلىسەممۇ ئاغرىغان، بۇ قولۇمنى چىشلىسەممۇ ئاغرىغان، كاللام قېتىپ كەتتى. قېنى دەپ بېقىڭلار، سىلەرچە قانداق قىلىمىز؟

— خەقلەر باللىرىنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭمىغان يولى، خەجلىمىگەن پۇلى قالمايدۇ، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا، — بىزنىڭ قىزىمىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ھەرنېمە قىلىپ ئوقۇتايلى. ئوقۇتالمىساق دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدىمۇ سەت.

— راست شۇنداق قىلايلى، دادا، — دېدى خەيرىنىسانىڭ ئاكىسى ئابدۇقۇددۇس، — مەكتەپكە بارىدىغانغا ئىككى ئايدەك پۇرسەت بار كەن. ئاڭغىچە پاختىمۇ ئېچىلار، مەن ناھىيە بازىرىغا



www.uyghurkitap.com

بىرنىپ ئىش تېپىپ ئىشلەي. سىڭلىمنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتساممۇ مەيلى.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭلار، — تۆمۈر ئاكا بېشىنى كۆتـۈرۈپ ئاۋۋال نۇرنىساخان ئاچىغـا، ئانـدىن ئوغـلىغا تىكىلدى، — راست گەپنى دېگەندە مېنىڭمۇ بۇ بالىنى نابۇت قىلغۇم يوق. دېھقانچىلىقنىڭ زۇلمىنى بىزلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولسا ئامال يوق ئىدى، ئەمدى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بىـر ئوبدان چاقىـرىق كەلسە ئوقۇتالمىساق بولماس. بۇگۈندىن باشلاپ بىر موچەن تاپساقمۇ خەجلەپ كەتمەي يىغايلى. قارا باش قوي بىلەن ئىككى قوچقارنى ئايرىپ بوردايلى. ئاق تاز قوي بىلەن قوزىسى قالسا كېلەر يىلغىچە كۆپىيىپ قالار. بۇ يىل پاختىدا ئۈمىد يوق، باھاسى چۈشۈپ كېتەرمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتكە سۇلياۋ يوپۇق، چىگىت ۋە ئوغۇت ئۈچۈن مىڭ كويدىن كۆپ پۇل تۆلىمىسەك بولمايدۇ.

— كېيىـن تۆلەپ بېرىشكە ئۇنارمۇ، دادا؟ — سورىدى رۇزىنىسا.

— پاختا سانقان يەردىلا تۇتۇۋېلىپ قولىمىزغا ئاق قەغەز بېرىدۇ.

— ئۆيدىكى يۇڭ قانچىلىك؟ — تۆمۈر ئاكا خوتۇنـىغا يۈزلەندى.

— ئۇن ئالتە جىڭ، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا، — ئىككى پارچە كىگىز بولىدۇ.

— ئۇنىمۇ سېتىۋېتەيلى، — دېدى تۆمۈر ئاكا، — ھازىر بىزگە پۇل بەك زۆرۈر. ئىككى ئاي ۋاقىت دېگەن تەلپەكنى چۆرۈپ بولغۇچە كېلىپ قالىدۇ. قويلارنى قىرقىساق، يىگىرمە جىڭدىن ئاشقۇدەك، ھەممىنى قوشۇپ ساتساق خېلـى پۇلغا يارايدۇ.

ئەتىگەنلىك قوياش ئىللىق كۆلۈپ باقاتتى. تۆمۈر ئاكا قوشامغا بىر - بىرلەپ سەپسىلىپ، سەل چوڭراق ئۆشۈكلەرگە قىزىل يۇلغۇننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. قوشامنىڭ سەل يىرسىيدىغان يوغان كاتەكتە ئابدۇقۇدۇس لاي ئېتىۋاتاتتى. ئۇ ئايىغىنى ئاستىدىكى ئوماچتەك لاينى كەتمەنلەپ ئۆرۈيتتى. ھەر بىر كەتمەن ئۆرۈلگەن لاينىڭ ئۈستىگە پاتاقشىتىپ دەسسەيتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر ئاقماقتا ئىدى. تۆمۈر ئاكا تېخى لاي ئۆرۈلمىغان ۋادىك ئۆيىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— پىشتىمۇ بالام؟

— پىشقىلى تۇردى.

تۆمۈر ئاكا يەڭلىرىنى تۇرگەچ كاتەكنىڭ لېۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، ئۇرۇق بارماقلىق قوللىرىنى لايغا پاتۇرۇپ مۇجۇپ باقتى.

— ئوبدان پىشۇرۇپسەن، ئوغلۇم.

ئابدۇقۇددۇس نېرىراقتىكى قوشامغا يۆلەپ قويۇلغان كۆتۈرمە زەمبىلنى ئەكېلىپ لاي ئۇستى. ئۇلار لاينى دەس كۆتۈرگىنىچە ئۆي ئىچىگە ئېلىپ مېڭىشتى. لاي لىغىلداپ ئەتراپقا ساقىشماقتا ئىدى.

— بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم، — تۆمۈر ئاكا بىر ئوچۇم لاينى قامالاپ ئالدى - دە، قوشامغا پەم بىلەن ئاتتى. لاي سەل ساقىتىپ توختاپ قالدى. ئابدۇقۇددۇسمۇ قوشامغا لاي ئۇرۇشقا كىرىشىۋىدى، دادىسى ئۇنى باشقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

— سەن چېلەكلەپ ئەكىرىپ زەمبىلگە تۆكۈپ بەرگىن بالام، مەن ئۇرۇپ ئۈلگۈرتىمەن.

ئابدۇقۇددۇس گەپ قىلمايلا قوللىرىدىكى لاينى زەمبىلگە تاشلىۋېتىپ لاي كاتىكى تەرەپكە كەتتى ۋە ھايالشىمايلا بىر

چىلەك لايىنى ئەكىرىپ زەمبىلگە تۆكتى.

— بىر ھەپتىدە قولدىن چىقارمۇ، دادا؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئون كۈنلەردە قولدىن چىقار، بالام، — تۆمۈر ئاكا بىلىنى رۇسلاپ قوشامغا سەپسالغاچ جاۋاب بەردى، — ئۆيلەر بەك ئىگىز كەن، ئىگىز ئۆي قولنى ئۇزاقراق تۇتۇپ سالىدۇ.

— ماۋۇ ئىشنى تۈگىتىپ بولساق، قىزىل كۆۋرۈك بېشىدا يەنە بەش ئىگىزلىق ئۆي بار. ئۆي ئىگىسى بەش يۈز كوي دېدى، مەن سەككىز يۈز كوي بەرسىلە سۈۋاپ بېرەيلى دېدىم. قول سۈۋىقىنى قىلىپ بېرىشكە ئالتە يۈز كويلارغا بېرەرمىكىن دەيمەن.

— رىزقىمىز بولسا باشقا يەرگە كەتمەس، ئاخشاملىقتا ئىشتىن چۈشكەندە بېرىپ كۆرۈشكىن، شەھەرلىكلەر ئانچە كېسىلمە ئەمەسكەن، گېلىمىزنى باقسا، بەش يۈز ئەللىك كويغا سۇۋاپ بەرسەكمۇ مەيلى، پۇلنى مۇشۇنداق قىلىپ تاپمىساق سىڭلىڭنى ئوقۇشقا قانداق ماڭغۇزىمىز؟

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىر ھەپتىدە ئابدۇقۇددۇس بىر نۆۋەت ئائىلىسىگە بېرىپ كەلگەندىن باشقا، تۆمۈر ئاكا ئەمگەك مەيدانىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇلار تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن لايغا كىرىسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قوللىرىنى يۇياتتى. تاماق يەپ ھەر ئىككىلىسى ھېچنەرسىنى سەزمەي ئۇخلاپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ يۈز يەتمىش يۈەنلىك ئۈچ ئىگىزلىق ئۆينى پىلاندىن بۇرۇن سۇۋاپ بولدى. يەنە بىر كۈن ھەپىلىشىپ سامانلىق لاي بىلەن بىر نۆۋەت قول سۇۋىقى قىلغۇەتسىلا قىزىل كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە بېرىپ ئىشقا چۈشەلەيتتى. ئەپسۇسكى، ئىش ئۇلارنىڭ پىلانىدىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا تامغا لاي ئۇرۇۋاتقاندا، ناغرا دۆڭ كەنتىنىڭ باشلىقى ئانايەت يەردىن

ئۇنگەندەكلا پەيدا بولدى. ئانايەت بىلەن تۆمۈر ئاكىنىڭ ئەسلى ھېچقانداق ئاداۋىتى بولمىسىمۇ، يېقىندىن بېرى ئانايەت تۆمۈر ئاكىغا تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغىمۇ يەنىلا شۇ خەيرىنىساغا كەلگەن چاقىرىق سەۋەبچى بولدى. ئانايەتنىڭ قىزى رىزۋانىمۇ كىچىككىدىن تارتىپ خەيرىنىسا بىلەن بىرگە ئوقۇغانىدى. رىزۋان گەرچە خەيرىنىسادەك ھەر مەۋسۇمدا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، خەيرىنىسادىن گەپدان، قاشلىق ئېتىپ، يۈز كۆزلىرىنى بوياپ يۈرۈشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىنى خەيرىنىسادىن ھامان ئۈستۈن چاغلايتتى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نەتىجىسى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي پەرقنى روشەن كۆرسىتىپ، رىزۋاننى رەھىمسىزلىك بىلەن زار - زار يىغلىتىپ قويدى. بۇ زەربە رىزۋاننىڭ يۈرىكىدىلا توختاپ قالماي ئانايەتنىڭ باغرىنىمۇ قان قىلغانىدى. قول ئاستىدىكى بىر يالاڭ تۆشنىڭ قىزىغا چاقىرىق كېلىپ، ئۆزىدەك بىر كەتتىنى چۆرگىلىتىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ قىزىغا چاقىرىق كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاددىي زەربە ئەمەس ئىدى. ئانايەت يولۇققانلا يەردە كىشىلەرگە «تۆمۈر جۆندەكنىڭ قىزىنىڭ نومۇرى بىلەن مېنىڭ قىزىمنىڭ نومۇرى ئالمىشىپ كېتىپتۇ. ئەسلىي چاقىرىق خەيرىنىسا دېگەن سېرىق ئارسلانغا ئەمەس، مېنىڭ قىزىمغا كېلەتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈردى. بۇنداق گەپلەرگە ناغرا دۆڭنىڭ ساددا دېھقانلىرى ئىشەنمەيمۇ قالمىدى.

— بەللى تۆمۈر ئاخۇن، — ئانايەت سىغىز پۇراپ تۇرىدىغان چالا سۇۋاق ئۆيگە كىرىپلا قوشۇمىسىنى تۈردى، — بىز ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا بىنائەن تارشىلىقتا يەر ئېچىۋاتساق، سىلە بۇ يەردە ئۆي سۇۋاپ پۇلغا ئىشلىگىلى تۇرۇپلا ئەمەسمۇ.

— بوز يەر؟ . . . — تۆمۈر ئاكا چۆچۈپ كەتتى. راستىنىلا ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، تۆمۈر ئاكىلارنى پالاكەت

باسقىنى شۇ ئىدى.
— ھەئە، — ئانايەت قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ مۇغەمبەرلىك بىلەن جاۋاب بەردى، — بۇگۇن تۆت كۈن بولدى. ئەزالارنىڭ ھەممىسى تارشىلىقتا قاتتىق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ بوز يەر ئېچىۋاتىدۇ. سىلە دادا — بالا ئىككىلىرنىڭ ھەر كۈنلىكىنى يىگىرمە كويدىن قىرىق كوي يېزىپ ماڭدۇق. بۇ يەردىن پۇل تېپىپ كەنتكە تۆلەپ بەرسىلە بولىۋېرىدۇ.
— ئۇنداق دېمىسىلە، ئانايەت ئاخۇن جۇرىن، — دېدى ساقاللىرىغا مۇنچاق — مۇنچاق سېغىز لاي چاپلىشىپ قالغان تۆمۈر ئاكا كەنت باشلىقىغا يېلىنىپ، — سىلى بىلەن بىز ئەزەلدىن يېقىن قوشنا ئادەملەر، مۇشۇ ئىشتا بىر نۆۋەت بىشىمىزنى سىلاپ قويسىلا، خەيرىنسانى ئوقۇشقا ئەۋەتىۋالساقلا ئۇنىڭدىن كېيىن سىلى ھايت دېسىلە ھۇيت دەپ تۇرىمىز، ھەرگىز سىزىقلىرىدىن چىقمايمىز.
خەيرىنسانىڭ ئوقۇشقا مېڭىشى توغرىسىدىكى گەپلەر ئانايەتنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر نۆۋەت تىلغاپ ئۆتتى. ئەمما، تۆمۈر ئاكا بۇنى سەزمەيتتى.
— كەنتتىكى ھەممە ئادەم ئوخشاش! — ئانايەت پوكاندەك ئېسىلىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — باشقىلارنى چۆلدە ئىشقا سېلىپ، سىلىنى قويۇپ بەرسەك پرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ناۋادا بارمايمەن دېسىلە كۈنگە قىرىق كويدىن پۇل تەييارلاپ قويسىلا! — ئانايەت گەپ قىلغاچ ئارقىسىغا يانغان پېتى كەتتى.
تۆمۈر ئاكا يېرىم زەمبىل لاينىڭ يېنىدا پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئۇنسىز ئولتۇراتتى. كەتمەن سېپىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرغان ئابدۇقۇددۇسنىڭ پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشلىرىدىن ۋۇجۇدىدا يېلىنجاۋاتقان غەزەپ يالقۇنىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. بىر دانە چىۋىن ئۇنىڭ يالىڭاچ پاقالچىكىنى ۋاژىلدىتىپ

چاقڧاندا، ئۇ بارلىق دەردىنى ئاشۇ جانىۋاردىن ئالدىغىدەك جاڭىلدىتىپ سالدى. تۆمۈر ئاكا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئوغلىغا قارىدى.

— سەن قايتىپ كەتكىن، ئوغلۇم. ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ ئاناڭ بىلەن تارشىلىقڧا كىرىڭلار. مەن مەيەردىكى چالا ئىشنى تۈگىتىپ پۇلىنى ئېلىپ باراي. ئانايەت دېگەن تۆگۈز ئەسكىلىك قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەپ تاپقان پۇلنى ئۇ يەرگە سېلىپ بەرمەيلى.

— ياق، دادا، — تۆمۈر ئاكىنىڭ گېپىنى ئۆمرىدە بىر نۆەتمەيدىغان ئابدۇقۇددۇس بوگۈن ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا كېسىپلا رەت قىلدى، — مەن ئەمدى قايتمايمەن. يېقىندىن بېرى ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ئىشلەپ يۈرۈپ كۆزۈم خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئىشقىلىپ جاپادىن قورقمىسا پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. مېنىڭ هۆددىگەرلىك يېرىمنى تاشلاپ بېرەيلى. مەن داۋاملىق سىرتلاردا ئىشلەپ سىڭلىمنىڭ ئوقۇش چىقىمىنى قامداي.

— يەرنىڭ ئىشىنى هازىر بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ بالام، كۆزگىچە ئاقارتىپ بولۇپ ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەيلى.

تۆمۈر ئاكىنىڭ يەرنى تاشلاپ بەرگۈسى يوق ئىدى. ئۇ «زېمىندىن ئايرىلغان دېهقاننىڭ تۈگەشكىنى شۇ. دېهقان دېگەن هەرقانچە جاپا تارتسىمۇ يەر تېرىشى لازىم» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ئابدۇقۇددۇسنى خېلى تەستە قايىل قىلىپ مەهەللىگە يولغا سالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن تۆمۈر ئاكا ئۈچ يۈز يەتمىش يۈەن پۇلنى بىلىگە تۈگۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئابدۇقۇددۇس بىلەن نۇرنىساخان ئاچا ئاللىقاچان ئەمگەك مەيدانىغا كەتكەنىدى. شۇ ئاخشىمى ئۇلار تۈن هەسسىگە يېقىن ئۇستىۋاشلىرى توپىغا مىلەنگەن هالدا قايتىپ چىقىشتى.

— ئەمگەك پات تۈگىمەيدىكەن، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا ئەتىسى سەهەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئابدۇقۇددۇس ئاخۇن بىلەن

مەن بىرىپ ئىشلەي، سىلى ھېلىقى قىزىل كۆۋرۈك بويىدىكى ئالتە يۈز يۈەنلىك ئۆينى سۈۋاشقا بارسىلا، چامىلىرىنىڭ يېتىشىچە سۇۋىغاچ تۇرسىلا، ئەمگەكتىن كېلىپ ئابدۇقۇددۇس ئاخۇنمۇ بارار.

— بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە بىرمۇ ئايال كىشى بارمايدۇ، ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا سىلى يالغۇز كەتمەن چېپىپ يۈرسىلە سەت تۇرىدۇ.

— ھەر نېمە قىلىپ چىداشلىق بېرەلەيمەن. ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئۆزلىرىگە ئايان، مېنىڭ ئاشۇ ئالتە يۈز يۈەنلىك ئىشنى قولدىن بەرگۈم يوق.

— ئەمگەككە ئۆزۈم بىرىۋېرەي، — دېدى تۆمۈر ئاكا چىش پوتىسىنى بېلىگە باغلاپ، — ھازىر ئانايەتنىڭ پەيلى بەك يامان. ئۇ ئوغرى بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ دىل ئازار قىلمىسۇن. ئەمگەكتىن كېلىپ ئاندىن ئىشلەرمىز.

نۇرنىساخان ئاچا ئوششۇقچە تالاشمىدى. تۆمۈر ئاكا ئابدۇقۇددۇس بىلەن بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە يۈرۈپ كەتتى. كۈنلەر ئۆتىۋەردى. تۆمۈر ئاكىلار ھەر كۈنى توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ يۈرۈپ كەتسە، ئاخشىمى ئەل ئايىغى بېسىققاندا قايتىپ كېلىشەتتى. خەيرىنسانىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتى قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشقانسېرى نۇرنىساخان ئاچا ئىت ـ تىت بولۇپ تۇرالماي قالدى.

— خوتەن شەھىرىدە ئاياللار يىپ ئىگىرىپ پۇل تاپىدىغان يەر بارمىش، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا بىر كۈنى ئاخشىمى چامغۇر توغرالغان شۆگۈتماقنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان ئېرىگە قاراپ، — مەن بېرىپ بىرنەچچە كۈن ئىشلەپ كېلەيمىكىن دادىسى.

— ياق، — تۆمۈر ئاكا خوتۇنىنىڭ كېڭىشىنى ئاڭلاپلا رەت قىلدى، — مەن دېگەن دادامنىڭ پۇشتى. ئايال كىشىنىڭ

سايىسىدە جان باقىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.
— ئۇنداق دېمىسىلە دادىسى، — نۇرنىساخان ئاپا يانداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان باقىنىڭ يوتقىنىنى چىڭراق يېپىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئۆيدىكى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن خەيرىنىساخان چىقالايدۇ. يىپ دېگەننى بىر كۈندە خېلى ئىگىرىپ بولغىلى بولىدۇ، خۇدايىم بېرىپ قالسا، ئىككى ئۈچ يۈز كوي تېپىپ قالسامۇ ئەجەب ئەمەس.
— بېشىمنى تولا ئاغرىتىۋەرمىسىلە، تارشىلىقتىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ئىش قالدى. بىز قايتىپ كەلگەندە ئاندىن بىر گەپ بولار.
تۆمۈر ئاكا خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەمگەكنىڭ قاچان تۈگىشىنى بىلمەيتتى. قىرىشقاندەك ئەمگەك ۋاقتى سوزۇلۇپ كېتىۋەردى. نۇرنىساخان ئاچا ھىلىقى تەكلىپنى تۆمۈر ئاكا ئالدىدا قايتا - قايتا ئېيتىپ ھارمىدى. خۇددى ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ۋەدىسىدە تۇرمىغان دادىسىنى خاپا قىلغان كىچىك بالىدەك قايتا - قايتا يالۋۇرۇۋەردى. گەرچە ئۇ خوتەن شەھىرىدە يىپ ئىگىرىپ پۇل تاپىدىغان يەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئويلىغىنى باشقا ئىدى. ئۇ ئىككى ئاي بۇرۇن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كېسەل يوقلاپ بارغاندا، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان يەردە خەنزۇ ئاياللارنىڭ گۈرجەك كۆتۈرۈشۈپ ئىشلەپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدى. ئۇ ئاشۇنداق قۇرۇلۇشتىن بىرىگە بېرىپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ پىلاننى ئېرىگە ئوچۇق دېيەلمەي يىپ ئىگىرىشنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئىجازەت ئالدى.
تاڭ ئاستا - ئاستا سۈزۈلمەكتە. ئېشەك ھارۋىسى ئۈستىدە ئۈگدەپ ئولتۇرغان تۆمۈر ئاكا تارشىلىققا يېقىنلاشقانسېرى غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ شەھەرگە بېرىپ پۇل

تېپىشقا يول قويغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە غەزەپلىنەتتى. نامرات بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. خوتۇنىنى بارغۇزماي دېسە، قىزىنىڭ ئوقۇشقا مېڭىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئوقۇش پۇلىنى غەملىمىسە بولمايتتى.

خوتۇنىنى شەھەرگە ئىشلەشكە يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۇ ئۆزىگە، ئۆيدىكىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغاندەك، ئۆزىنى تولىمۇ بىئارام ھېس قىلىۋاتاتتى. خوتۇنىنىڭ شەھەرگە بېرىشقا يول قويۇشىغا خوتۇنىنىڭ ھەر كۈنلۈكى يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقى ئەمەس، بەلكى قىزى خەيرىنسانىڭ ئىشى سەۋەب بولدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا قانداقلا ئىش بولغان بولسا، تۆمۈر ئاكا خوتۇنىنى شەھەرگە ھەرگىز ماڭغۇزمىغان بولاتتى.

## ئىككىنچى باب

قۇياش بۈگۈن زېمىننى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىتىۋەتكەچكە نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىۋاتاتتى. ياغلىقىنىڭ ئارىسىدىن ئاقارغان چېكە چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نۇرنىساخان ئاچا نان سېلىنغان قىزىل لاتا سومكىسىنى ساڭگىلىتىپ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ يان ـ يېنىدىن ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرگە، ئېسىل ماشىنىلارغا قاراپ باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. بولۇپمۇ يۈز ـ كۆزلىرىنى ئالا ـ بېشىل بوياپ، پاقالچەكلىرى يالىڭاچ ھالەتتە يۈرۈشىۋاتقان قىزلار ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئۇدۇل دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ تۆت قەۋەتلىك سېرىق بىنانى يانداپ ئۆتتى ـ دە، ئىككى ئاي بۇرۇن ئۆزى كۆرگەن چالا قورۇلۇشنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېگىزلەپ سەگۈ تېرەكتىن ئېشىپ كەتكەن قورۇلۇشتا تېخىچە كىشىلەر ئىشلەپ يۈرەتتى. لاي

ئىتىش ماشىنىسى غولدۇرلاپ چۆرگىلىمەكتە. كىچىك قول هارۋىسىغا ئىلىنغان شىغىل ئارىلاش سېمونت لاي تۇتۇك شوتىسى ئارقىلىق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بېشىغا قالپاق كىيىۋالغان بىرمۇنچە ئادەملەر تامغا تاقاپ ئورنىتىلغان ئىگىز قونداقلاردا خۇددى دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان ئاق قۇشقاچلاردەك بىمالال يۈرۈشەتتى. نۇرنىساخان ئاچا لاي ئىتىش ماشىنىسىنى باشقۇرىۋاتقان ئەر كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇ يەردە مەن قىلغۇدەك ئىش تېپىلارمۇ؟

ئىشچى نۇرنىساخانغا پەرۋاسىز بىر قاراپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. نۇرنىساخان گېپىنى يەنە تەكرارلاشقا مەجبۇر بولدى.

— نەچچە پۇل بەرسىلە مەيلى. . .

ئىشچى قولى بىلەن نېرىراقتىكى ئائىلىكلەر بىناسىنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېگەندە، نۇرنىساخان ئاچا ئۇنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئارقىسىغا يانماي دەپ تۇرغاندا، بەختىگە يارىشا بىر ئۇيغۇر يىگىت كېلىپ ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سورىدى.

— بىرسىنى ئىزدەمتىلە، ئاچا؟

— ياق بالام، مۇشۇ قۇرۇلۇشتا هالىمغا يارىشا ئىشلەيمىكىن دەپ كەلگەن.

— بۇ قۇرۇلۇشتا سىلىنىڭ لايىقلىرىدا ئىش يوق. ئىشلىمەكچى بولسىلا، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى سولغا بۇرۇلىدىغان يول بىلەن بەش يۈز مېتىر ماڭسىلا، شۇ يەردە بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى بار، شۇ يەردە سىلى قىلالايدىغان ئىش چىقىپ قالار.

— رەھمەت بالام، رەھمەت، — نۇرنىساخان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭماي دېۋىدى، يىگىت يەنە گەپ سورىدى.

— سىلى مۇشۇ دوختۇرخانىدا كېسەل بېقىۋاتامتىلە؟

— ياق بالام، قوشتاغ ناھىيىسىدىن ئىش ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى.

— ئەمىسە مەن دېگەندەك قىلسىلا، ئۇ يەردىن سىلىگە لايىق ئىش تېپىلىپ قالار.

— ماقۇل بالام، رەھمەت سىلىگە، — نۇرنىساخان ھېلىقى يىگىت بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى. لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ غولدۇرلىغان ئاۋازى بارغانچە يىراقلاپ قالدى.

نۇرنىساخان ئاچا يىگىتنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان يەرنى ئاسانلا تېپىۋالدى، سۆگەت ئاستىغا دۆۋىلەپ قارا سۇلياۋ بىلەن يۆگەلگەن سېمونت، قۇم، تاش دۆۋىلىرى، سەل نېرىراقتا تۆكۈپ قويۇلغان شېغىل. . . كۆڭلەكسىز، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان، قولتۇقلىرىنىڭ تۈكى ئۆسۈپ كەتكەن، بويى بىر مېتىر قىرىق ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر ئادەم خىش دۆۋىسىگە رېزىنكە تورۇبا ئارقىلىق شارقىرىتىپ سۇ چېچىۋاتاتتى. نۇرنىساخاننىڭ يېقىنلاپ بارغىنىنى كۆرگەن ئۇ ئادەم رېزىنكە تورۇبىنى خىش ئۇستىگە تاشلاپ قويۇپ، سۆگەتنىڭ شېخىغا ئىلدۇرۇكلۇك تورغان ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. نۇرنىساخان ئۇ ئادەمگە كۈلۈمسىرەپ سالام قىلدى.

— بىرەرسىنى ئىزدەمتىلە؟ — سورىدى ئەر كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتكەچ.

— بىرەرسىنى ئىزدىمەيمەن، مۇشۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلەيمىكىن دېگەن.

— ئىش بېشى ئاۋۇ سۆگەت تۈۋىدە بار، بېرىپ كۆرۈشۈپ باقسىلا.

شۇ ئارىدا سېمونت دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ ئۈنلۈك ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن، ھەي پاكىنەك!

— بىر شوگۇلڭ كەپتىكەن شۇنىڭ بىلەن.

www.uyghurkitap.com

— شوگۈلۈك؟ . .

بىرنەچچەيلەن بىشىنى سوزۇپ قاراشتى ۋە بىرلەپ بىرلەپ خىش دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئون تۆت ياشلاردىكى بىر بالا پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى.

— نەدىن كېلىشلىرى، ئاچا؟ — بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا كىيىۋالغان، يانپېشىغا ئاسقان بىر تىزىق ئاچقۇچ شاراقلاپ تۇرىدىغان ياشقىنا بىر يىگىت سىلىق تەلەپپۇزدا سورىدى.

— قوشتاغ ناھىيىسىدىن كەلدىم، ئۇكام.

— ئۆيدە ئەر كىشى يوقمىدى.

— ئەرلەرنى بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە ئېلىپ كەتكەنىدى، بىر ئايدىن ئاشتى، ئېخىچە قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس، شۇڭلاشقا بىلەن مۇۋاپىق ئىش تېپىلارمىكىن دەپ ئۆزۈم كەلدىم.

— ئىش تېپىلىدۇ، — دېدى ئايالنىڭ گېپىدىن ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئىش بېشى دەرھال پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، — ماۋۇ قۇرۇلۇشتىكى ئىشلارنىڭ جاپاسى يامانىراق. مېنىڭ بىر ئاكام كېلەر ھەپتە قىزىنى تالاغا چىقارماقچى ئىدى. ئاشۇ ئۆيگە ھەپتە - ئون كۈنلۈك بىر ئايال كىشى لازىم. نان ياقىدىغان، يونقان تىكىدىغان، توي كۈنى قاچا - قومۇچلارنى يۇيىدىغان ئىشلار بار. خالىسىلا ھازىرلا شۇ يەرگە باشلاپ باراي.

— نېمە ئىش قىلسام بولىۋېرىدۇ، ئۇكام.

— بىرەر دىشۋارچىلىقا يولۇققانمىدىلە، ئاچا؟ — سورىدى ئىش بېشى ئايالنى قىزىل موتىسىكلىتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋېتىپ.

— بىر قىزىمغا چاقىرىق كېلىپتۇ، ئۇكام، —

نۇرنىساخان ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىلا سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ پارتىيە تۇگىشى بىلەن ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى.

كەڭرى هويلىنىڭ تېگى سىپسىلىق سېمونت ئىدى. ئېگىز ياسالغان تال بارىڭىدا مۇناقى، سايىۋا، قىزىل ئۈزۈم ۋە قارا ئۈزۈملەر قاتار ساڭگىلاپ تۇراتتى. سەمرىپ دۇپدۇگىلەك بولۇپ كەتكەن قارا پىستە كۈچۈك هويلىغا كىرگەنلا ئادەمنىڭ ئالدىغا بىرىپ پۇراپ باقاتتى. ئەر قايسىدۇ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى، ئايالىمۇ شۇنىڭغا يارىشا هاللىق ئايال ئىدى.

— توي يەنە ئۈن كۈندىن كېيىن بولىدۇ، — دېدى سېمىز ئايال قاشلىرىنى ئۈينىتىپ، — ئاۋۋال يوتقان - كۆرپىلەرنى تەييارلىۋېلىپ ئاندىن باشقا ئىشقا تۇرايلى.

— ماقۇل خېنىم، سىلى نېمە ئىشقا بۇيرۇسىلا شۇنى قىلىمەن. مەن ئۆزۈمگە يارىشا ئىش تېپىلغىنىغا خۇش.

ئۆيلەرنىڭ تېگى چىنە خىش بىلەن زىننەتلەنگەن بولغاچقا، نۇرنىساخان دەسلەپكى كۈنلىرى تېيىلىپ، تەمتىرەپ سەل تەسرەك ماڭغان بولسىمۇ، بىر - ئىككى كۈنلەردىن كېيىن كۆنۈپ كەتتى. نۇرنىساخاننىڭ توختىماي ئىشلەيدىغان ئادىتى ئۆي ئىگىسىنى ئوبدانلا رازى قىلغانىدى. بولۇپمۇ تويغا ياققان نان - توقاچلارنىڭ كارامەت ئوخشىغانلىقى ئاياللارنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتى، نان راسلىتىشىپ بېرىشكە كەلگەن ئاياللارنىڭ نۇرنىساخانغا بىرەر تونۇردىن نان ياقتۇرىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. هەتتا توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە نان يېقىپ بېرىشكە ۋەدىمۇ ئېلىشتى. . .

كارىۋات، سۇپىلارغا سېلىنغان گىلەملەر، چىرايلىق يوتقان - كۆرپىلەر، ئۆيدىكى ئېسىل جابدۇقلار، يېپيېڭىۋاتقان هەر خىل تائاملارنىڭ مەززىلىكلىكى، تويى بولغۇسى قىزنىڭ ئەتىگەن كىيگەن كىيىمىنى چۈشتە سېلىپ تاشلاپ باشقىنى

كىيىشى. . . قاتارلىق ئىشلارمۇ ئۆمۈر بويى مۇھتاجلىقتا ئۆتۈپ، چاچلىرى مەزگىلسىز ئاقىرىشقا باشلىغان بۇ سالدا ئائىلىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. «خۇدا! مۇشۇلارغا ئاتا قىلىنغان مال ـ دۇنيانىڭ يۈزدە بىرىنى بولسىمۇ بىزگە نېسىپ قىلماپسەن، بىز بولساق كىيىمنى يىرتىلسا ياماپ كىيىمىز، ئەمما ماۋۇلارچۇ، تويى بولىدىغان خېنىمنىڭ كىيىمى نېمىدېگەن كۆپ، قايتىدىغان ۋاقىتتا يىلىنسام چېنىپ قالغان كىيىمىدىن بىرەر قۇرىنى مېنىڭ ئاشۇ بىچارە قىزىمغا ئۆتۈنەرمۇ» دېگەنلەرنى نەچچە قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما، نۇرنىساخان ئاچا كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئاشۇ ئۆتۈنۈشنى ئاشكارىلاپ بولغۇچە بۇ چېچەن قىز ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىپ قالدىمۇ تاڭ، زەئىپ كۆڭلىگە شىپا مەلھىمى ئاتا قىلدى.

— مەن سىلىنىڭ قىزلىرىغا بىر قۇر كىيىم ھەدىيە قىلاي، — دېدى قىز ئاخشىمى چىشىنى چوتكىلىۋېتىپ، — سىلى قىزلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق جاپا تارتىپلا، مېنىڭچە شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئوقۇتۇش ئۈچۈن جاپا تارتىشقا، بەدەل تۆلەشكە تامامەن ئەرزىيدۇ.

— خۇدايىم بەخت ـ تەلەيلىرىنى ئوڭ قىلغاي، خېنىم، — دېدى نۇرنىساخان بۇ قىزنىڭ ھەم سېخىي، ھەم ئەقىللىق ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ.

نۇرنىساخان ئۆيىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسى ئائىلىدىن ئىجازەت سورىدى.

— مەن بۈگۈن ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلەيمىكىن خېنىم.
— توي ئاخىرلاشقاندا بىراقلا قايتىمامسىلا؟
— شۇنداق قىلساممۇ بولاتتى، بالىلارنىڭ دادىسى بەك ئەنسىرەپ قالار.

— ئىختىيارلىرى، ئەمما ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ كەلسىلە دېرىزە پەردىلىرىنى يۇيۇپ قايتا تۇتمىساق بولمايدۇ.

— ماقۇل خېنىم، مەن ئەتىگەن كېلىمەن، يول كىراسىغا بەش كوي بەرگەن بولسىلا، خېنىم يېنىمدا پەقەت پۇل يوق ئىدى.

— مانا ئەمىسە، — ئايال ئۆيدىن ئون كوي ئېلىپ چىقىپ نۇرنىساخانغا بەردى.

نۇرنىساخان ئۆيىگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. خەيرىنىسا چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. كەنجى ئوغۇل باقى سۇپىدا كىيىمى بىلەنلا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— دادىڭىز كەلمىدىمۇ؟

— كەلمىدى. تۈنۈگۈنمۇ بۈنىڭدىن كېيىن كەلگەن.

خەيرىنىسا ئانىسىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ غىزا ئېلىپ كەلدى. كۆك قوناق قىرىپ ئەتكەن ئۇگرە ئاش سەل ئىلمانلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ھېرىپ كەتكەن نۇرنىساخاننىڭ ئېغىزىغا راسا تېتىدى. نۇرنىساخان تامىقىنى يەپ بولۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن تاتلىق ئۇيقۇ لەززىتىنى سۈرۈۋاتقان باقىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

تۆمۈر ئاكا بىلەن ئابدۇقۇددۇس تەڭ كېچىگە يېقىن قايتىپ چىقىشتى. بۇ چاغدا خەيرىنىسامۇ ئۇخلاپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھويلىغا كىرىشى بىلەن قوتاندىكى قويلار مەرىشىپ كەتتى.

— ئىشلىرى قانداقراق؟ — سورىدى تۆمۈر ئاكا ئاشتىن ئىككى قوشۇق ئىچىپ بولۇپ.

— يامان ئەمەس، شەھەردىمۇ ئىنساپلىق كىشىلەر كۆپ ئىكەن، — ئىرىگە ئورۇن سېلىۋاتقان نۇرنىساخان ئاچا شەھەرگە بارغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.

— بوز يەر ئاچىمىز دەپ يىغىۋالمىغان بولسا سېلىنى شەھەرگە ھەرگىز بارغۇزمايتتىم.

— ئەمگەك قاچان تۈگەيدىغاندەك؟

— هازىر بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

تۆمۈر ئاكا سامان تەكىيىگە بېشىنى قويۇپلا خارقىراپ ئۇخلاپ قالدى.

تويى نۇرنىساخاننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ھەشەمەتلىك بولدى. ھەممە كىشى ئالدىراش ئىدى. چۇشكە يېقىن شۇنچە كۆپ ئۆيلەرگە سىغماي قالدى. نۇرنىساخان پالاز بىلەن توسۇپ قويۇلغان تارچۇقتا ئولتۇرۇپ لېگەن يۇماقتا ئىدى. مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن چىققان لېگەن، تاۋاقلار ئۇدۇللا نۇرنىساخاننىڭ ئالدىغا كېلەتتى. ئۇلار يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كۆپ لېگەنلەر ئىدى. نۇرنىساخاندىن ئاققان تەر بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ سىرتىغا تەپچىرەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى، ئەمما قولى ئىشتىن بوشىمايۋاتاتتى. ئۆيدە ھەر خىل غىزا ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، نۇرنىساخاننىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. غەربكە قايرىلغان قۇياش خېلىلا پەسلەپ كەتتى. نۇرنىساخاننىڭ بەل، پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئەمما مېھمانلار ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان لېگەنلەرمۇ توختاپ قالمايتتى.

شۇ كېچىسى نۇرنىساخان بەدىنىنى مىدىرلىتالماي بەكلا قىينالدى. بىر كۇنلۇك قاچا - قومۇچ يۇيۇش ئەمگىكى ئەقلىگە كەلگەندىن بىرى ئېتىز دا ئىشلەپ جاپاغا چىداشلىق بىرىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ ئايالنى خېلىلا ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى.

نۇرنىساخان ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. ئۇ بۇ شەھەردە ھەرقانچە ئۇزاق تۇرسىمۇ قىلىدىغانغا ئىش، يەيدىغانغا نان، پاناھلىنىدىغانغا جاي تېپىلاتتى. ئەپسۇسكى ئائىلىسىدىكى بىردىنبىر مۇھىم ئىشنىڭ ۋاقتى - قەرەلى يېقىنلىشىپ قالدى.

— مەن ئەمدى ياناي، خېنىم، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىگە، — قىزىمنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— ئەمىسە پات - پات كېلىپ تۇرسىلا، سىلى بىلەن بىر تۇغقاندەك ئۈبداق كۆنۈشەپ قالغاندۇق. ناھايىتى ئوبدان چاغدا ئەسقاتقانتىلە. بۈگۈن ئون ئىككى كۈن بولۇپتۇ. سىلىنىڭچە ئىش ھەققىلىرىگە نەچچە كويدىن پۇل بېرىمەن؟

— نەچچە كويدىن بەرسىلە مەيلى، خېنىم، — دېدى نۇرنىساخان ئاق كۆڭۈل يېزا ئاياللىرىغا خاس پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، — بولسىغۇ پۇل ئالمىسام بولاتتى. بىراق، قىزىمنىڭ ئىشى بېشىمىزنى بەك قاتۇرۇۋەتتى.

— يىگىرمە كويدىن بەرسەم بولارمۇ؟

— بولىدۇ، خېنىم.

ئۆي ئىگىسى ئايال نۇرنىساخانغا ئىككى يۈز قىرىق يۈەننى ساناپ بەردى.

— ئۆتكەندە ئون كوي بەرگەنتىلە، خېنىم، — نۇرنىساخان ئۆي ئىگىسىگە ئون كوينى قايتۇردى.

— بولدى، سېلىپ قويسىلا، مەن رازى، مېنىڭ مەرت رازى.

ئۆي ئىگىسى نۇرنىساخانغا ئالاھىدە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىلتىپات كۆرسەتتى. نۇرنىساخاننىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت ئۇنى تەسىرلەندۇردىمۇ ياكى نۇرنىساخاننىڭ ئەمگەكى شۇنچىلىك قىممەتكە يارامدۇ، بۇنى مۇشۇ سېخىي ئايالنىڭ ئۆزىلا بىلەتتى. نۇرنىساخان پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋاتقاندا، ئايال ئۆيدىن قىپقىزىل بىر قۇر كىيىم كۆتۈرۈپ چىقتى.

— بۇنى بىزنىڭ زۇمرەت سىلىنىڭ ئوقۇشقا تەييارلانغان قىزلىرىغا ئاتىغانىكەن.

ئۇلۇشكۈن تويى بولغان قىزنىڭ ئىسمى زۇمرەت ئىدى.

ئۇ كۆرۈنۈشتە تەنتەك، ياسانچۇقتەك تۇرغىنىنى بىلگەن، ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىشنى بىلىدىغان ئەقىللىق قىز ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئالدىنقى ھەپتە ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقان بەختىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا يۈرگەن كۆڭۈللىرىدە دېگەن گېپىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويماي، ئامانەتنى ئانىسىغا ھاۋالە قىلغانىدى.

— رەھمەت، خېنىم، — دېدى نۇرنىساخان كىيىمنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

نۇرنىساخان ئاچا ئۆيىگە كەلگەندە، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ناغرا دۈك كەنتىنىڭ باغۇ بوستانلىق مەھەللىلىرىدە ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ھەممە نەرسىسى تونۇش بولغان مېھرى ئىسسىق ھويلىسىغا ئاشۇ قۇياشتەك ئىللىق كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

— تىنچلىقمۇ، ئانا؟ — كەچلىك تاماقتا تۇتۇش قىلىۋاتقان خەيرىنىسا خېمىر يۇقى قوللىرى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى.

— تىنچلىق بالام، ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— ئوبدان تۇردۇم، ئانا.

— ئۇكىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئويۇنغىلى كەتكەن يېرىدىن تېخى كەلمىدى.

— دادىڭىز قايتىپ كەپتۇ — دە، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا باغدا كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن تۆمۈر ئاكىنى كۆرۈپ.

— ھەئە، ئەمگەك تۈگەپتۇ.

شۇ ئارىدا كۆك رەڭلىك ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقى تىزىغىچە تۈرمەللەنگەن، پۇت بارماقلىرىغا يېپىشقان لاي خۇددى تۆگىنىڭ تاپىنىدەك بولۇپ كەتكەن تۆمۈر ئاكا ئىككى تۇپ قوناقنى قولتۇقلاپ باغدىن چىقتى.

— تىنچ - ئامان كەلدىلىمۇ؟ — سورىدى تۆمۈر ئاكا قولىدىكى كۆك پاسارىنى قوتانغا تاشلاپ.

— خۇدايا شۈكرى.

— ئەمگەكمۇ ئاخىر تۈگىدى. ئەمدى ئەتە قويلارنى بازارغا ئاپىرىپ ساتايمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق قىلايلى، مەنمۇ ئون ئىككى كۈندە ئىككى يۈز قىرىق كويغا ئىشلەپتىمەن.

— هوي، يامان ئەمەس بىرىپتىغۇ، — تۆمۈر ئاكىنىڭ چىرايىغا كۈلكە ئۇلاشتى.

— ئۆي ئىگىسى قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان باي ئادەملەركەن، — دېدى نۇرنىساخان هېلىقى شەهەرلىك ئائىلىنى تەرىپلەپ، — تويى بولغان قىزمۇ شۇنداق چىقىشقاق، ئۇ خەيرىنساخانغا ئاتاپ بىر قۇر كىيىم بەردى.

— كىيىم؟ — خەيرىنسا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن بوغچۇمىنى يەشتى.

— ئەگەر يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرغان بولساممۇ ئىش تېپىلاركەن، — داۋام قىلدى نۇرنىساخان، — بىرنەچچە ئايال «نان يېقىپ بەرسىلە» دېيىدى، ئۈندەرەپ كۆرۈشمەيلا قايتىپ كەلدىم.

— ئەجەب چىرايلىق كىيىمكەن، — دېدى خەيرىنسا خۇشاللىنىپ، — مەكتەپكە بارغاندا نېمە كىيەرمەن دەپ ئەنسىرەپ قىلاتتىم. بۇ قىيىنچىلىقىممۇ هەل بوپتۇ.

تۆمۈر ئاكا يېقىن ئەتراپتىكى يېزا بازارلىرى ۋە ناهىيە بازارلىرىدا قاتراپ يۈرۈپ بوغۇز بېرىپ بورداپ ئۈچ تۇياق قويىنى، كىگىز ئەتتۇرۇش نىيىتىدە ياڭاق غازىڭى قاتارلىق ئاچچىق نەرسىلەر بىلەن كۈيە يەپ قويۇشىدىن ساقلاپ كەلگەن يۇڭنى، پۇۋلىمەي كوم سالغۇدەك ئىككى تاغار گۈلىنى سېتىپ، بىر يېرىم مىڭ كويغا يېقىن پۇل توپلىدى. بۇنىڭغا

تۆمۈر ئاكا بىلەن ئابدۇقۇددۇسنىڭ ناھىيە بازىرىدا ئۆي سوۋۇغان پۇلى بىلەن، نۇرنىساخان ئاچىنىڭ شەھەردە ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى قوشقاندا ئىككى مىڭ كويدىن ئازراق ئاشاتتى. يەنە بىرەر مىڭ كويدەك پۇل كەملىك قىلىۋاتاتتى. تۆمۈر ئاكا ئۆز ئىلكىدە بار بولغان پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خىيال ئەلگىكىدە بىر قاتار تاسقاپ كۆرۈۋىدى، يەنە ئىككى تۇرلۇك نەرسە گەۋدىلىنىپ قالدى. ئۇلار تالىنىڭ قىزىرىپ پىشقان ئۈزۈملىرى بىلەن، ئۆيدىكى سۇلىياۋ خالتىغا چىڭقاپ قويۇلغان بۇغدايلار ئىدى. بۇ يېمەكلىكلەر پۇلنىڭ كېمىنى پۈتۈنلەي تولۇقلاپ كېتەلمىسىمۇ، بىر قىسمىنى بولسىمۇ توشقۇزالايتتى.

ئەمما تۆمۈر ئاكىنىڭ بۇغداي سېتىش توغرىسىدىكى پىلانىغا ئابدۇقۇددۇس قوشۇلمىدى.

— تالىنىڭ ئۈزۈمىنى ساتساق ساتايلى دادا، ئەمما بۇغداينى ساتمايلى، ئۆزىمىز دېھقان تۇرۇپ بازاردىن ئاش ئېلىپ يېسەك، بىر يىلدا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ.

— ھەممىنى ساتمايمىز، بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — قوناق خامىنىغا ئۇلاشقۇدەك بۇغداي قالدۇرۇپ قالغىنىنى ساتايلى.

— ھازىر بىزگە شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق.

— قولۇم - قوشنىلاردىن قەرز سوراپ باقساق تېپىلماسمۇ؟

— ئۈزۈم بىلەن بۇغداينى ساتقاندىمۇ يەنە ئازراق سوراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈشكە باشلىدى. كىرلىشىپ كەتكەن ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كۆك چىت پوتىسىنى باغلىۋالغان تۆمۈر ئاكا كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆستەڭگە ياندىشىدىغان ئوق يولنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىككى تەرىپىدە ئىككى تۈپ

سەگۈتېرەك خۇددى شاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى قاراۋۇللاردەك تۇرىدىغان مېغىزرەڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاپ، يوغان قارا زەنجىرنى شاراقلاتتى.

بۇ ئۆي ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان تۇرسۇن مىراپ دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى ئىدى. تۇرسۇن مىراپنىڭ ئايالى دېھقان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مۇشۇ قورۇنى تاشلىماي، خىزمەتكە قىزىل موتسىكلىتنى مىنىپ بېرىپ كېلەتتى. تۇرسۇن مىراپ سۆرىمە كەشى بىلەنلا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە تۆمۈر ئاخۇن ئاكا.

تۆمۈر ئاكا تارتىنمايلا ئۆيگە كىردى. ئۇن ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى قارا قۇمچاق بىر قىز تامغا يۆلىنىپ، دەپتەرنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى.

— قېنى ئۇستۇن چىقسىلا، تۆمۈر ئاخۇن ئاكا، — تۇرسۇن مىراپ سۇپىنى ئىما قىلدى.

— ھەي، قوپ بۇياققا، — دېدى تۇرسۇن مىراپنىڭ ئايالى خەت يېزىۋاتقان قىزىغا قاراپ.

قىز لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ يەنە بىر تېمىغا باياتىنقى ھالەتتە يۆلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، خېتىنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى. تۆمۈر ئاكا سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. تۇرسۇن مىراپ بىلەن خوتۇنىمۇ پەگادا ئۆرە تۇرۇپ دۇئا قىلىشتى.

— قاچانلا قارىسا خەت بىلەن ھەپىلىشىدۇ بۇ بالا، — دېدى تۇرسۇن مىراپنىڭ خوتۇنى قىزىغا كايىپ، — ئۆينىڭ ئىشلىرىغا بىردەم ـ يېرىمدەم قولىنى ئەگرى قىلمايدۇ. ئولتۇرسا، قوپسا ئىمتىھاننىڭ غېمىدە.

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە دېھقان بولىدۇ شۇ، — دېدى

تۇرسۇن مىراپ قىزىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

ئەمما قىز يەنىلا ئۆز ئىشى بىلەن ئىدى. بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك بىرەر ئېغىز جاۋاب قايتۇرمايتتى، ھەتتا قاراپ قويۇشقىمۇ چولىسى يوقتەك ئىدى.

— ئۆتەلمىسە تېخى خاپىلىقكەن، ئۆتسە تېخى. . . — دېدى تۆمۈر ئاكا گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۆتەلىسە نېمە خاپىلىق بولاتتى؟ — دېدى تۇرسۇن مىراپنىڭ خوتۇنى تۆمۈر ئاكىنىڭ ئالدىغا چاقماق گۆللۈك داستىخاننى سېلىۋېتىپ.

— ئۆتسە مەكتەپلەرگە تۆلەيدىغان پۇلنىڭ خاپىلىقى بەك يامانكەن ئۇكام، — تۆمۈر ئاكا بېشىنى قاشلىغاچ گېپىنى داۋام قىلدى، — بىزنىڭ بىر قىزىمىزغا چاقىرىق كېلىۋىدى، پۇل تاپالماي كۆزىمىز كۆك بولدى.

— ھە راست، مەكتەپلەرگە تۆلەيدىغان پۇل بەك كۆپكەن دېيىشىدۇيا، — تۇرسۇن مىراپ نەزىرىنى تۆمۈر ئاكىغا ئاغدۇردى.

— ھەئە، مېنىڭ قىزىمغا خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ چاقىرىقى كېلىۋىدى، 3100 يۈەن تاپشۇرىكەنمىز.

— ۋاي ئانام، — سۆز قاتتى تۇرسۇن مىراپنىڭ خوتۇنى، — نېمىدېگەن جىق پۇل بۇ. ھازىر مەكتەپلەرنىڭ بالىلاردىن ئالىدىغان پۇلى بەك كۆپىيىپ كەتكىلى تۇردى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ سېلىقىمۇ يامان، دەرسلىك كىتاب باھاسىنىڭ قىممەتلىكى تېخى.

— چىدىساڭ ئوقۇ، چىدىمىساڭ ئۆزمەڭنى تەر دېگەن گەپكەن بۇ.

— بىز شۇ خاپىلىقتا قالدۇق، تۇرسۇن ئاخۇن، — تۆمۈر

ئاكا كېلىش مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى، — مەكتەپكە تۆلەيدىغان پۇلنىڭ بەش يۈز كويى قالغاندا ھالسىرىدۇق. ساتمىغان تازنىڭ تۇمىقىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. شۇڭا ئۆزلىرىنى ئازراق پۇل ئۆتنە قىلارمىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى. خۇدايىم بۇيرۇسا كۈزگىچە جايلاپ بېرىمەن.

— ئۆيدە ھازىر نەخ پۇل يوق ئىدى، — دېدى تۇرسۇن مىراپ تۇمۇر ئاكىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، — ئەگەر پۇل بولغان بولسا بېرەتتىم.

— چاقىرىقنى ساتسا ئالارمىشقۇ، — دېدى تۇرسۇن مىراپنىڭ خوتۇنى بىر چەتتە ئىككى قولىنى قولتۇقىغا قىسىپ قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇ ئىشنى مەن ئاڭلىماپتىمەن.

— پۇلىسى يوق ئادەمنىڭ بالىلىرىغا چاقىرىق كەلگەندە، — ئايال گېپىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئۇ چاقىرىقنى بەش، ئالتە مىڭ يۈەنگە بالىلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن پۇلدارلارغا سېتىپ، يەنە بىر يىل تەكرارلاپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ شۇ پۇلغا ئوقۇيدىغان ئىشلار كۆپىيىش ھازىر.

— بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن، — دېدى تۇرسۇن مىراپ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — يەنە بىر ئامال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ شاڭجاڭ - شۇجىلار بىلەن كۆرۈشسىلىمۇ بولىدۇ.

— ئۇلار پۇل ھەل قىلىپ بېرەرمۇ؟

— يېزىدا «نامراتلارنى يۆلەش پۇلى» دەيدىغان پۇل بار. ئەھۋالنى ئېنىق يېزىپ بېرىپ خەت تۇتساق، ھەل قىلىپ بېرىشى مۇمكىن.

تۇمۇر ئاكا مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە توققۇز ئادەمدىن پۇل سوراپ، بەش يۈز كوي تاپالمىدى. ھەممە ئادەم خىلمۇ خىل

باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى. ھەتتا خېلى پۇلدار قوشنىلارمۇ ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىدى. تۇرسۇن مىراپنىڭ تويىدا بولۇنغان ھېلىقى چاقىرىقنى بۇ يىل سېتىپ كېلەر يىلى شۇ پۇلغا ئوقۇش، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس تۇتۇش دېگەن گەپلەرنى ئۇ يەنە بىرنەچچە يەردە ئاڭلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، قەرز سورىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق دېدىمۇ، ياكى ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق ئىشلار مەۋجۇتمۇ بۇ تەرىپى تۆمۈر ئاكىغا قاراڭغۇ ئىدى. تۆمۈر ئاكا چاقىرىقنى سېتىش دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلانمىدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىدىمۇ تىلغا ئالمىدى. ئەمما، يېزا رەھبەرلىرىگە ئىلتىماس سۇنۇپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

تۆمۈر ئاكا چىرايلىق قاتلانغان ئىلتىماسنى قارا تەلپىكىنىڭ قىسىلچىقىغا تىقىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ماڭاي دەپ تۇرغاندا، كەنت رەھبەرلىرى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار كەنت سېكرېتارى خۇپىدىن، كەنت باشلىقى ئانايەت، ئامانلىق قوغداش مۇدىرى رەجەپ ۋە بوغالتىر ياسىن قاتارلىقلار ئىدى. تۆمۈر ئاكا «ئۇلارنىڭ مۇنداق توپلىشىپ كېلىشىدە بىرەر مەقسەت بولسا كېرەك» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دەرۋەقە ئۇلار مەقسەتسىز كېلىشمىگەنىدى.

— ئۆزلىرى بىلەن بۇ يىلقى ھېساب ـ كىتابنى ئۈزۈۋېتەيلى دەپ كەلدۇق، تۆمۈر ئاخۇن، — دېدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كىرىۋاتقان ئانايەت.

— قايسى ھېساب ـ كىتابنى؟ — ئالدىراپ سورىدى تۆمۈر ئاكا.

— «گاچىمۇ چۆچۈرە يېسە قورسىقىدا سانايدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئانايەت چىرايىنى قوپال پۈرۈشتۈرۈپ، — سىلى بىر ئۈشتۈرۈم ئادەم تۇرۇۋېمۇ كەنت بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا قانداق ھېساب ـ كىتاب بولىدىغانلىقىنى بىلمەملا؟

بوپتۇ، بىلمىگەن بولسىلا مەن دەپ بېرەي. پۇلنىڭ گېپى، پۇلنىڭ.

— پۇلنىڭ؟ — تۆمۈر ئاكىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— ئەزالارنىڭ بۇ يىلقى كەنتكە تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنى يىغىۋاتىمىز، — خۇپىدىن ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — سىلىمۇ زىممىلىرىدىكى پۇلنى تۆلىۋەتسىلە تۆمۈر ئاخۇن.

تۆمۈر ئاكىنىڭ كۆڭلىگە مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئۇرغۇن كىشىلەر ئالدىدا چىراي ساغارتىپمۇ بەش يۈز يۈەن تاپالماي تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بۇ ساددا دېھقاننى يەنە ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان پۇلنىڭ گېپى گاڭگىرىتىپلا قويۇۋاتاتتى.

— ماڭا ئازراق ئېتىبار قىلىشسىلا، جېنىم سېكرىتار، — دېدى چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن تۆمۈر ئاكا، — ھەممىمىز بىر ئۆينىڭ ئۆتىدا كۆيۈپ باققان ئادەملەر. مۇشۇ تۇرقىدا قىزىمنىڭ ئوقۇش پۇلنى راسلىيالماي بۇرنۇم كېپىشتەك بولدى.

نۇرنىساخان ئاچا بىلەن خەيرىنىسا بىر تاغار چۆپ يۈدۈپ ھويلىغا كىردى - دە، خەيرىنىسا چۆپنى ئۇدۇل قوتان ئالدىغا ئېلىپ كەتتى. نۇرنىساخان ھويلىدىكىلەرگە شۇنداقلا بىر سالام قىلىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يەنە ھايالشىمايلا قايتىپ چىقىپ ھويلىدا بولۇۋاتقان پاراڭغا قۇلاق سېلىپ بىر چەتتە قاراپ تۇردى.

— ھازىر داداڭلارنىڭ ئەھۋالى بەك يامان، — دېدى خۇپىدىن، — كەنتكە بىر دانە ماشىنا ئالماقچى ئىدۇق. بۇ تەلىپىمىزنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تەستىقلىدى. ئالغاندىكىن پۇلغا چىداپ ئوبدانراقىنى ئالمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، سىلىمۇ بىزنى يامان يەردە قىستىماي. . . «ھەگە ھە» بولۇشۇپ بەرسىلە،

www.uyghurkitap.com

بولسىغۇ سىلىگە ئىتىبار قىلساق بولاتتى، ئەمما سىلىنىڭ كېيىن تۆلىسۇن دېسەك، «مەنمۇ كېيىـــن تۆلەي» دەيدىغانلاردىن نەچچىسى چىقىدۇ.

— قىزىمنى ئوقۇشقا ماڭغۇزۇۋېلىپ ئاندىن تۆلەپ بېرەي، سېكرېتار.

— تۆمۈر ئاخۇننىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلىنى ئوقۇپ بەرسىلە، ياسىن ئاخۇن، — بوغالتىرغا يۈزلەندى خۇيدىن.

ياسىن بوغالتىر يان سومكىسىدىن قېلىن بىر دەپتەرنى چىقىرىپ ئاچتى ـ دە، گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— دېھقانچىلىق فوندى 320 كوي، باج 200 كوي، سۇ راسخوتى 300 كوي، تۇياق بېجى 22 كوي، 20 تۇپ تال، 5 تۇپ شاپتۇل، 9 تۇپ ئۆرۈك، 6 تۇپ ئاق ئۈجمە، 2 تۇپ ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئۈچۈن 75 كوي، مائارىپ فوندى 10 كوي، ئىككى ئەمگەكچىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە قاتناشمىغان تۆت كۈنــى ئۈچۈن 160 كوي... جەمئىي 1087 كوي ئىكەن.

تۆمۈر ئاكا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن قارا قويۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، شۇ قۇيۇن بىلەن بىللە چۆرگىلـەپ كېتىۋاتقاندەك بېشى گاراڭشىپ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى.

— ئانچە كۆپ ئەمەسكەن، — دېدى ئانايەت دىمىغىنـى قىقىپ قويۇپ.

— ئۆزلىرىگە كۆپ تۇيۇلمىغىنى بىلەن بىزدەك ئىككى بىلىكىگـە تـايىنىپ جـان بـاقىدىغـان ئادەملـەرگە ئازمـۇ ئەمەسـكەن، — دېدى نۇرنىساخان غەزىپىنى باسالماي.

— ئادەمگە ھارام گەپ قىلمىسىلا، نۇرنىساخان، — دېدى ئانايەت كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — بىز ئـىككـى

بىلىكىمىزگە تايىنىپ نان يېمەي ئوغرىلاپ يەمدىكەنمىز؟ نېمە دېگەنلىرى بۇ، ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىق شۇنچە گۇناھمۇ.

— سىلى گەپ قىلمىسىلا، — دېدى تۆمۈر ئاكا خوتۇنىغا قاراپ، — ئەر خەقلەرنىڭ گېپىگە ئاياللار لوقما سالسا بولمايدۇ.

ئانايەتنىڭ تېخىچە ئاچچىقى يانمىدى، نۇرنىساخاننىڭ بىر ئېغىز گېپى ئۇنىڭ قورسىقىدا قوتراپ تېخىمۇ تەلۋىلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

— پۇلنى دەرھال تۆلىسىلە! — دېدى ئانايەت بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قولىنى شىلتىپ، — سىلىگە چىرايلىق گەپ زايا كېتىدىكەن.

— مەنمۇ تۆلىمەيمەن دېمىدىم، ئانايەت ئاخۇن دادۇيجاڭ، — دېدى تۆمۈر ئاكا ئانايەتكە يېلىنىپ، — بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ بەرسىلە، قىزىمنىڭ ئىشىنى تۈگىتىۋېلىپ ئاندىن تۆلەي. قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك بۇنداق قىلىۋەرسىلە بولماس.

— تۆلىمەيمەن دېيىشكە ھەددىلىرى ئەمەس، — ئانايەت بارغانسېرى چالۋاقاپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى، — قىزلىرى ئوقۇپ كادىر بولسا، مائاشىنى بىزگە ئېلىپ بەرمەيدۇ، ئۆزىگە ئالىدۇ.

— مەن ئۆيدە پۇل ياسىمايمەن، — دېدى تۆمۈر ئاكىمۇ زەردە بولۇپ، — مېنىڭ ئۆيۈمدە پۇل قويىدىغان زاۋۇت يوق. ئېتىز ئىشىدىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ بوز يەرگە ھەيدىدىلە، ئەمدى بوز يەردىن كېلىپلا پۇل دېسىلە، نەدىن تاپىمەن ئۇ پۇلنى؟

— كەنتنىڭ بېرىنى تېرىپ يېگەن، سويىنى ئىچكەن ھەرقانداق ئادەم بۇگۈن پۇل تاپشۇرمىسا ئاقىۋەتكە ئۆزى جاۋابكار

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، ــ دېدى خۇپىدىن تەھدىت ئارىلاش.

ــ دادا، ــ خەيرىنىسا يۈگۈرۈپ كېلىپ تۆمۈر ئاكىنىڭ قولىغا ئېسىلدى، ــ مەن ئوقۇمىسام مەيلى، بۇلارغا يالۋۇرماڭ!

ــ سەن چوقۇم ئوقۇيسەن، ــ دېدى نۇرنىساخان ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ، ــ مۇشۇنداق تاش يۈرەك مۇتتەھەملەرنىڭ قولىدا قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ئوقۇيسەن.

ــ نېمە! ــ ئەتىدىن بېرى سۈپىنىڭ گىرۋىكىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ بىز مۇتتەھەممۇ؟ ئادەمگە نېمانداق ھاقارەت قىلىدىغان خوتۇن ماۋۇ! ئاجان ـ ئاجان... مۇشۇ تۇرقىدا ئايال كىشى بولمىغان بولسا ھويلىنىڭ ئىچىدە دومىلىتىپ يۈرۈپ يانتاق پەنجىلىگەندەك پەنجىلىۋېتەتتىم، ــ ئامانلىق مۇدىرى ھويلىدا قوتۇرىغان بۇقىدەك سەكرەپ تاملارغا تېپەشلىمەكتە ئىدى.

ــ ئەمىسە نوچى بولساڭلا پۇل تاپشۇرمامىلا قېنى!... ــ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ئانايەت.

ــ ئالسىلا جان ئالمايدىغانلا، پۇل دېگەن ئادەم تاپىدىغان نېمە جۇمۇ ئانايەت ئاخۇن، ساڭا كەلدى ـ ماڭا كەلدى ئەمەس، خۇدا مۇنداق تەڭلىكنى سىلىگىمۇ كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس.

نۇرنىساخان تۆمۈر ئاكىنىڭ ئىشارە قىلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ بىر بولاق پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە، شاراقلىتىپ تۇرۇپ ئالدىرىماي ساناپ سېكرېتارغا ئۇزاتتى.

ــ ماڭا ئەمەس بوغالتىرغا بەرسىلە، ــ دېدى سېكرېتار. بوغالتىر ياسىن پۇلنى يەنە بىر نۆۋەت ساناپ سومكىغا سالدى.

ــ تولا ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا، نۇرنىساخان، ــ دېدى ئانايەت نۇرنىساخانغا قولىنى چىناپ تۇرۇپ، ــ بىز مۇتتەھەملىك قىلىپ سىلىنىڭ بىر نېمىلىرىنى يەۋالدۇقمۇ؟

— نېمە بولدى؟ — دېدى نۇرنىساخان ئاپايەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ، — ئاپىرىدىغان يەرلىرى بولسا ئاپىرىشاملا، ئالىدىغانى ئېلىپ بولۇپمۇ يەنە قولىنى چىنايدۇيا.

— بولدى گەپ قىلمىسىلا، — دېدى تۆمۈر ئاكا، — بەندە قىستىغان بىلەن خۇدا قىستىماس.

ناغرادۈك كەتتىنىڭ مۆتىۋەرلىرى نۇرنىساخاندىن دەردى چىقمىغاندەك كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە چىك - چىك دەسسەپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

تۆمۈر ئاكا يېزىلىق هۆكۈمەتكە هەر كۈنى بىر نۆۋەت قاتىرىغان بولسىمۇ يېزا رەهبەرلىرىنى تاپالمىدى. تۈنۈگۈن دەرۋازا ئالدىدىكى كىرگەن - چىققانىنى تىزىملاپ ئولتۇرىدىغان دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا «ئەته ئەتىگەن كەلسىلە شاڭجاڭنى تاپالايلا» دېگەنىدى. شۇڭا، بۈگۈن كۈن چىقىشتىن بۇرۇن يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ كۈتۈپ تۇردى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا سۇت رەڭ پىكاپ دەرۋازىغا يېقىنلاپ كەلدى.

— ئەنە شاڭجاڭنىڭ ماشىنىسى شۇ، — دېدى دەرۋازىۋەن. خەلق ئەسكەرلىرى ئالاهىدە ئېھتىرام بىلەن دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى بىردىن تۇتۇپ ئېچىشتى، دىجورنىلىق ئۆيىدىن چاپانىنى يېپىنچاقلىغان پېتى يۈگۈرۈپ چىققان ئۈچىنچى كىشىگە دەرۋازىنىڭ قانىتىنى تۇتۇش نېسىپ بولمىدى.

— سەل توختاپ كىرسىلە. . . — دېدى ئىشىك ئېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئارماندا قالغان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان تۆمۈر ئاكىغا.

تۆمۈر ئاكا يەنە بىر دەم كۈتۈپ تۇردى. بۇ ئارىدا بىرنەچچە

ئادەم قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغانلارمۇ، قايسى بىر ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلارمۇ بار ئىدى.

— ئەمدى كىرسەم بولارمۇ ئۇكام، — سورىدى تۆمۈر ئاكا ئۇستەلدە سىڭايان ئولتۇرۇپ ئۇزۇم يەۋاتقان يىگىتتىن.

— كىرسىلە، — دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىشخانىسى مەجلىسخانىنىڭ بىقىنىدىكى ئاشۇ يېشىل ئىشىكلىك ئۆي.

تۆمۈر ئاكا يېزا باشلىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. چۈنكى، يېزا باشلىقى ئىشخانىسىدا بىرسىگە كايىۋاتاتتى. يېزا باشلىقىنىڭ ئۇستەلگە مۇشتلاپ، قوپال ئاۋازدا ۋارقىراشلىرى تۆمۈر ئاكىنىڭ يۈرىكىنىمۇ مۇجۇۋەتتى.

— ۋىلايەتكە نېمىشقا باردىڭىز؟ — دەيتتى يېزا باشلىقى.

— ئەمدى، ئەمدى. . . — سوراقتا تارتىلىۋاتقان نامەلۇم بىتەلەي كىشى گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلىماقتا ئىدى، — سىلى بىلەن كۆرۈشەلمەي بىرىپتىمەن، شاڭجاڭ.

— مەيەردە بىز تۇرساق بىزگە دېمەي، ھەتتا ناھىيىدىنمۇ ئاتلاپ بىۋاستە ۋىلايەتكە بارغىنىڭىزدىن قارىغاندا، خورىكىڭىز ئۆسۈپ قالغان ئادەمكەنسىز. سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بىز ھەل قىلمايمىز.

— خاپا بولمىسىلا، شاڭجاڭ، ئائىلە قىيىنچىلىقىم ئېغىر بولغاچقا سىلىنى تاپالماي بىرىپ ساپتىمەن، مەن سىلىگە ناماقۇل.

— قويۇڭ ئۇنداق ياغلىما گېپىڭىزنى. يۇقىرى ئورۇنلارغا بىرىپ پالتىڭىزنى قاقتۇرۇپ كېلىپ ئەمدى بىزگە يالۋۇرامسىز! سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ئاشۇ يۇقىرىدىكىلەر ھەل قىلىپ بەرسۇن.

— ۋىلايەتتىكىلەر ئۆزلىرىگە بۇيرۇدى، شاڭجاڭ.

— ھە، بىلىپ قويۇڭ، ۋىلايەتتىكىلەر ئەلۋەتتە بىزگە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، سىزنى باشقۇرىدىغان ئادەم مانا بىز، سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەممۇ بىز. سىز بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن يۇقىرىغا بارغىنىڭىز بىلەن، ئۇلار سىزگە بىر موچەن بەرمەيدۇ، بەردىمۇ يا!

— بەرمىدى، شاڭجاڭ.

— بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىش بولسا ۋىلايەتكە، ناھىيىگە سوكۇلدىماي، ئۇدۇل بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىڭ جۇمۇ.

— ئابدان، شاڭجاڭ.

— ئەسلى سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىمىساق بولاتتى، خەير، يېڭىۋاشتىن دەڭا، قېنى نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟

ئىشخانىنىڭ كەيپىياتى سەل يۇمشىغاندەك بولدى. ئىشىك ئالدىدا مارىلاپ تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرگەن تۆمۈر ئاكا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئاستا ئىشخانىغا كىردى. ئىشخانا ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى يېپىق ئىدى. يېزا باشلىقى ئېنىسل ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرەپ ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى. تام بويلىتىپ قويۇلغان خۇرۇم تاشلىق ساپادا ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان، كۆتمەك ساقال، پېشانىسى پايىنەك بىر ئادەم تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم مەھەللىنىڭ ئەڭ ئايىغىدا ئىدى. بەشىنچى ئايدىكى تومۇز ۋاقتىدا قوشنىلار سۇنى كېچىسى ئېچىپ بولۇپ قويۇپ بېرىپتىكەن، چىڭقاق سۇ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن يولغا چىقىپ كېتىپتۇ، ئەتىسى داۋىي كادىرلىرى سۇنى يولغا قويۇپ بېرىپسەن دەپ بىر قويۇمنى ئېلىپ كېتىشتى، سۇنى مەن قويۇپ بەرمىدىم دېسەم ئۇنىمىدى.

— قوينى نېمە قىلدى؟

www.uyghurkitap.com

— كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، شۇ ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرىغا چاي قۇيۇپتۇ. ئاڭلىسام قىرىق جىڭلىك گۆش چىقىپتىمىش. ئەسلى سۇنى كەنت باشلىقىنىڭ ئوغلى قويۇپ بېرىپتىكەن.

— سىز قايتىپ تۇرۇڭ، بىز بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ باقايلى.

— ماقۇل، شاڭجاڭ.

دېھقان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— سىلى نېمە ئىش بىلەن كەلدىلە؟ — نەزىرىنى تۆمۈر ئاكىغا ئاغدۇردى يېزا باشلىقى.

تۆمۈر ئاكا تەلپىكىنىڭ قىسىلچىقىدىكى ئىلتىماسىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، ئۈستەلدىكى تېلېفون سايراپ كەتتى. يېزا باشلىقى ئەزمىلىك بىلەن تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي كىما؟

— . . .

— ھەئە، مەن شۇ. ھە. . . نابۇجاڭمۇ؟ ئوبدان تۇردىلىمۇ بۇجاڭ. . . يوغىسۇ، يوغىسۇ. بىز ھەرقايسىلىرىنىڭ پەرۋىشىدە كۆكلەۋاتقان كۆچەت تۇرۇپ سىلىنى ئۇنتۇپ قالارمىزمۇ، بۇجاڭ. يېقىندىن بېرى سەل ئالدىراش بولۇپ قېلىپ يوقلاپ بارالمىدىم. ئالدىمىزدا چوقۇم يوقلايمەن. نېمە تاپشۇرۇقلىرى بولسا دەۋەرسىلە بۇجاڭ، كەمىنىلىرى خىزمەتلىرىگە تەييارمەن. . . كۆچۈك ھە، ھە، كۆچۈك تېپىش ئاسان ئىشقۇ، رەڭگى سېرىق دېدىلىمۇ، ھە، بولىدۇ، بولىدۇ. قاچانغىچە تېپىپ قويىمەن؟ . . ھە، ماقۇل، ماقۇل. . . خوش خۇداغا ئامانەت.

يېزا باشلىقى تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرنەچچە قېتىم تەزىم قىلىۋەتتى. كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، چىرايىدا كۈلكە ئويناپ كەتتى. ئۇ تېلېفون

تۇرۇپكىسىنى قويۇۋېتىپ بىر ھازاغىچە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغا قىزىل چايدان كۆتۈرۈپ كىرگەن زىلۋا بويلۇق قىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— كېلىڭ، نازىمگۈل.

قىز ئىللىق كولۇمسىرىگىنىچە چايداننى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلىپ، يېپىلغۇچە بولغان قىسقا ئارىلىقتا تۆمۈر ئاكا ئىچكىرىكى ئۆيگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۈلگۈردى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئالىي دەرىجىلىك لىق - لىق كارىۋات قويۇلغانىدى. بۇلۇڭدا بىر دانە ئىشكاپمۇ تۇراتتى. قىز قايتىپ چىقتى.

— ئىسلام شوپۇرنى چاقىرىپ قويۇڭا، — دېدى يېزا باشلىقى ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان نازىمگۈلگە.

— ماقۇل.

ئۇزاق ئۆتمەي يېزا باشلىقىنىڭ سۇت رەڭ پىكاپىنى ھەيدەيدىغان مەخسۇس شوپۇرى ئىسلام بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— مېنى چاقىرغانمىدىلە، شاڭجاڭ؟

— مۇنداق ئىش، ئىسلام ئاخۇن، — دېدى چىرايىدىن كۈلكە ئۆچمىگەن يېزا باشلىقى سىپمىز گەۋدىسىنى ئورۇندۇقتىن سەل يۆتكەپ، — ۋىلايەتتىكى نابۇجاڭغا بىر كىچىك لازىم بولۇپ قاپتىكەن، يېزا تەۋەسىدە بىرەر كىچىك كۆرگەن يەرلىرى بارمۇ؟

— كىچىك دېگەن جىق، شاڭجاڭ.

— مېنىڭ دېگىنىم ئېغىلنىڭ ئالدىدا يۇندا يالاپ يۈرىدىغان لالما كىچىكلەردىن ئەمەس، ئالاھىدە كىچىك.

— شەرتىنى ئېيتىپ بەرسىلە، شاڭجاڭ. ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان مۇشۇنچە چوڭ يېزىدىن سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىدەك بىرەر كىچىك چىقىپ قالار.

— بىز ئىزدەيدىغان كۈچۈكنىڭ، — يېزا باشلىقى ئاپپاقچى بولغان بەختلىك جانىۋارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بارمىقىنى پۈكۈپ تۇرۇپ ساناشقا باشلىدى، — بىرىنچى شەرت، رەڭگى سېرىق ئىككىنچى شەرت، بويى ئوتتۇز سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۈچىنچى شەرت، دىڭ قۇلاق، تۆتىنچى شەرت، قارا تۇمشۇق، بەشىنچى شەرتى، — ئۇ سەل دۇدۇقلاپ قالدى، — ھە، بەشىنچى شەرتى. . . ئۆتكەن يىلى تۇغۇلغان بولسۇن، قىرىپ ئۆلگىلى قويقان ئەبگادىن بىرنى كۆتۈرۈپ كەلسىڭىز بولمايدۇ.

— چوقۇم تاپالايمەن، شاڭجاڭ، — ئىسلام شوپۇر دىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— ئوبدان ئاڭلىسىلا، — دېدى يېزا باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ماشىنىغا قانچىلىك ماي كەتسە مەيلى، مەھەللىمۇ مەھەللە كېزىپ چىقسىلا. يۇقىرىقى شەرتكە چۈشىدىغان كۈچۈك بولسا، باھاسىدا تالىشىپ ئولتۇرمايمىز. دېگىنىنى بېرىپ، تاپقان يەردىن يۇلۇپ ئېلىش كېرەك.

— ماقۇل، شاڭجاڭ، — ئىسلام شوپۇر ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى نۆۋەت تۆمۈر ئاكىغا كەلگەنىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئەتىۋارلاپ بېشىدا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىلتىماسىنى يېزا باشلىقىغا ئۇزاتتى. يېزا باشلىقى ئىلتىماسنى خالار - خالىماس قولىغا ئېلىپ كۆز قىرىنى سېلىۋىدى، ئىشنىڭ ئالدىدا بىرسىنىڭ ھۆكۈرەپ يىغلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئارقىدىنلا ئون ئىككى، ئون ئۈچ ياشلاردىكى ئىككى قىز بالىنى يېتىلىگەن بىر ئايال يىغلىغان پېتى ئىشخانىغا كىردى. قىزلارنىڭ چىرايى سولغۇن، كىيىملىرى كونا ئىدى. ئايالنىڭ چىرايىمۇ خۇددى ئاپتاپتا ئۇزاق تاشلىنىپ قالغان يىلتىزنىڭ قوۋزىقىدەك قارا ۋە يادىڭغۇ ئىدى. تۆمۈر ئاكا ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. يېزا باشلىقىنىڭ

قىسماق كۆزلىرىمۇ ھالىڭ ـ تاڭلىقتا چەكچىيىپ كەتتى.

— داد، شاڭجاڭ، مەن ھالىمغا يېتىدىغان بىرەر ئادەم تاپالماي ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ يىغلىماي سۆزلىسىلە، يىغلىماي! — يېزا باشلىقى ئاۋازىغا ماس ھالدا ئۇستەلگە توكىلداتتى، — مۇنداق كىچىك بالىدەك يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىسىلە گەپلىرىنى قانداق ئۇققىلى بولىدۇ؟

— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بالىلىرىمنىڭ دادىسى ھاشار ئەمگىكىدە ئۆلۈپ كېتىۋىدى، — ئايال ئىسەدەپ گېپىنى ـ ـ ى داۋاملاشتۇردى، — شۇ ۋاقىتتا مۇنۇ ئىككى قىزىمغا ئون سەككىز ياشقا كىرىپ بولغۇچە تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغان بولغان، بىرەر يىلغىچە كەتتىن ئانچە ـ مۇنچە ئۇنى ـ بۇنى بەردى. كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ھېچكىشىنىڭ كارى بولمىدى.

— قىزلىرىڭىزنى بېقىشنى كىم ئورۇنلاشتۇرغان؟

— مۇشۇ يېزىدىن ئورۇنلاشتۇرغان، شاڭجاڭ.

— ھوي ئاچا، يېزىنىڭ تام ـ تورۇسلىرى، ئىشخانا بۆلۈملىرى ئورۇنلاشتۇرغانمۇ؟ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان باشلىقنىڭ ئىسمى يوقمۇ؟

— ئادىل ئاخۇن شاڭجاڭ ئورۇنلاشتۇرغان.

— بۇرۇنقى ئادىل ئاخۇن شاڭجاڭ ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتتى. قولىڭىزغا خەت ـ پەت بىر نەرسە يېزىپ بەرگەنمۇ؟

— بەرگەن، چوڭ تامغىلىق خەت قىلىپ بەرگەن.

— ئاشۇ خەت قېنى؟

— خەتنى ئاپىرىپلا سېكرېتارغا بەرگەنىدىم، ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ يا خەتنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بەرمىدى، يا بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدى.

— سىز ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، مەن كەنت

سېكرېتارىدىن سوراپ باقاي.

— بۇ باللىرىمنىڭ ئىككىلىسىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە خەتلىتىۋالغانىدى، شاڭجاڭ، تاش بىلەن ياغاچنىڭ تەڭ بولغىنىنى يوقكەن، بەرمەي قۇتۇلالمىدىم. ئىككى قىزىمغا بىر مەۋسۇمدا ئالدى ـ كەينى بولۇپ بەش يۈز كويدەك پۇل كېتىدىكەن، مۇئەللىملەر پۇل دەپ ئولتۇرغىلى قويمىدى. . مەن ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ئاران باقىدىغان تۇل خوتۇن.

— ئۇقتۇم، — يىزا باشلىقى ئايالنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن سىلىكىۋەتتى، — مەن تەكشۈرۈپ باقاي دېگەندىكەن قايتىپ تۇرمامال؟!

ئايال خۇددى كەچ كۆزدىكى چۈجىلىك توخۇغا ئوخشاش ئىككى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— سىلىنىڭكىمۇ مەكتەپنىڭ گېپىمىدى؟ — سورىدى يىزا باشلىقى خەتتىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ.

— شۇنداق، شاڭجاڭ. بىر قىزىمغا خۇدا ئوڭ كۆزى بىلەن بېقىۋىدى، پۇلنىڭ ئىشىغا كەلگەندە سەل هالسىراپ قالدىم، — تۆمۈر ئاكا يىزا باشلىقى تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوقۇتماي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، ئوقۇتاي دېسەم پۇلنىڭ ئىشىكەن، مۇشۇ ئىشتا بىر نۆۋەت بېشىمنى سىلاپ قويارمىكىن دەپ ئالدىلىرىغا كەپقالدىم، شاڭجاڭ.

— قايسى مەكتەپكە ئۆتۈپتىكەن؟

— خوتەن باغۋەنچىلىك مەكتىپىگە.

— يىزىمىزدا قىيىنچىلىق ئېغىر، بىرەر پۇڭنىمۇ تېجىمىسەك بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سىلىگە ئازراق ئېتىبار بېرەيلى.

تۆمۈر ئاكىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. يىزا باشلىقى ئىلتىماسنىڭ بىر بۇرجىكىگە شىرتىلدىتىپ بىرنېمىلەرنى

يازغىلى تۇردى. تۆمۈر ئاكا يېزا باشلىقىنىڭ كومتەك قولىدىكى قەلەمنىڭ قەغەز يۈزىدە يېنىك تەۋرىنىۋاتقان ھالىتىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— مانا بۈنى كەنت كادىرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسىلا، — يېزا باشلىقى ئاستىغا ئىمزا قويۇلغان ئىلتىماسنى تۆمۈر ئاكىغا ئۇزاتتى.

تۆمۈر ئاكىنىڭ ھېلىلا پاللىدە يورۇپ كەتكەن قەلب ئاسمىنىنى يەنە تۇمان باستى. يارقىن چاقناپ چىققان ئۈمىد يۇلتۇزلىرى ئاستا - ئاستا خىرەلىشىپ ئۆچۈشكە باشلىدى. چۈنكى ھازىرقى پەيتتە كەنت كادىرلىرى تۆمۈر ئاكىغا بىر موچەنمۇ بەرمەيتتى.

— ھازىر خۇپىدىن سېكرىتار يوق، — قوشۇمچە قىلدى يېزا باشلىقى، — ئالدىنقى كۈنى موتو ھادىسىسىگە ئۇچراپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. كەنتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئانايەت ئاخۇن مەسئۇل. خەتنى ئەكىرىپلا ئانايەت جۇرىنغا كۆرسەتسىلە، بەش يۈز يۈەن ھەل قىلىپ بېرىدۇ. قالغىنىنى ئۆزلىرى بىر ئامال قىلارلا.

تۆمۈر ئاكا نەچچە كۈندىن بېرى بىكار ئاۋارە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يېقىندىن بېرى ئانايەت بىلەن بولغان ئىشلارنى يېزا باشلىقىغا بىرمۇبىر دېمەكچى بولدىيۇ، نېمىشقىدۇ ئېغىز ئاچمىدى.

— شۇنداق قىلسىلا جۇمۇ، — تۆمۈر ئاكىنىڭ تولۇق قانائەتلەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان يېزا باشلىقى قايتا جېكىلەپ قويدى، — بەش يۈز يۈەن دېگەنمۇ چوڭ ياردەم.

تۆمۈر ئاكا يېزا باشلىقىنىڭ ئىمزاسىلى چۈشۈرۈلگەن ئىلتىماسنى ئانايەتكە كۆرسىتىش ۋە كۆرسەتمەسلىك ئىشىدا بىر قارارغا كېلەلمەي خېلى ئارىسالدى بولدى. ئۇ ئانايەتنىڭ پۇل ھەل قىلىپ بېرىشىگە زادى ئىشەنمەيتتى.

— توقماق يوغان بولسا، قوزۇق تاشقىمۇ ئۆتىدۇ، — دېدى تۆمۈر ئاكىنىڭ قوشنىسى بارات ئاخۇن مەسلىھەت بېرىپ. — مېنىڭچە ئاپىرىپ باقسىلا. شاڭجاڭنىڭ پەرمانى ئالدىدا غىڭ قىلالماسلىقىمۇ مۇمكىن. كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئۈمىدنى ئۈزمەيلى.

تۆمۈر ئاكا بارات ئاخۇننىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تاپتى. ئەمما ئۇ ئويلىغان ئىش ئالدىغا كەلمەي قالمىدى.

— قىلغۇلۇقنى ئۆزىڭىز قىلىپ بىزنى يېزا باشلىقىغا چېقىشتۇرىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئانايەت خەتنىي كۆرۈپلا، — باشقىلار بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە ماڭسا، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئۆي سۇۋايسىز، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنى سويلەپ بارسا، تەنە گەپ قىلىپ قاپاقنى ئۇشۇرىسىز. ئەمدى بىشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە، قايسى يۈزىڭىز بىلەن كەلدىڭىز؟

— ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەشمەيلى، دادويجاڭ. مەندىن ئۆتكەن بولسا سىلىگە مەن چاي قويااي، ھازىر شاڭجاڭنىڭ بۇيرۇقنى يېرىنۇەتمەي ھەل قىلىپ بەرسىلە.

— بۇيرۇقى، — ئانايەت تۆمۈر ئاكىنى مەسخىرە قىلغاندەك دىمىغىنى قېقىپ قويدى، — ئەسلىي يېزا باشلىقى سىزنىڭ مۇغەمبەرلىكىڭىزنى بىلمىگەن گەپ. خوتۇنىڭىزنىڭ بىزنى مۇتتەھەملەر دەپ تىللاپ، ھويلىدىن قوغلىغىنىنى ئاڭلىغان بولسىغۇ ئىلتىماسىڭىزنى يىرتىپ بىشىڭىزغا ئاتاتتى. ھېلىمۇ بىز سىزنى ئاۋايلاپ شاڭجاڭغا ئۇ ئىشلارنى دېمىدۇق.

شۇ كۈنى ئاخشىمى تۆمۈر ئاكا ئائىلىسىدىكىلەرنى يەنە بىر نۆۋەت جەم قىلدى. ئۇنىڭ نىمە ئىش كېڭەشمەكچى بولغانلىقى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

— خەيرىنسانىڭ ئوقۇشىغا ئامال قىلالمىدۇق، — دېدى ئۇ ئەيىبكاردەك يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، — ھەرقانچە تىرىشساقمۇ مەكتەپكە كېتەرلىك پۇل تولۇقلانمىدى، ئەمدى مۇشۇ پۇرسەتنى

چىڭ تۇتۇپ چاقىرىقنى ساتايلىمىكىن دەيمەن. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، چاقىرىقنى ساتساق ئۈچ مىڭدىن بەش مىڭ كويغىچە ئالارمىش. پۇلنى شۇ پېتى بانكىغا قويۇۋېتىپ خەيرىنىسانى ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنە بىر يىل ئوقۇتساق، كېلەر يىلى ئىمتىھاندىن قايتا ئۆتەلەيدۇ. ئاندىن قىيىنالمايلا مەكتەپكە ئالدۇرالايمىز.

ھەرقانچە قاتتىق كۆلپەت ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان بۇ چىداملىق دېھقاننى يوقسۇزلۇق، نامراتلىق، موھتاجلىق باش ئەگدۈردى. ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئەمما نۇرنىساخان ئاچا تېخىچە ئۈمىد ئۈزمىگەنىدى.

— ئۇنداق قىلمايلى، دادىسى، — تۆمۈر ئاكىسىنىڭ گېپىگە بىرىنچى بولۇپ يەنە شۇ جاپاكەش ئانا قارشى چىقتى، — خەقلەر ئۇنداق دېگىنى بىلەن چاقىرىقنى كىم ئالىدۇ؟ كېلەر يىلى بالىغا يەنە چاقىرىق كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بۇ تەرىپى قاراڭغۇ. ئۆيدە قالغان بۇغداي بىلەن قوتاندىكى ئىككى قوينى ساتساقمۇ مەيلى. ئاللا ئىگەم يارانقان بەندىسىنى ئاچ قويماس. بۇ يىل مەكتەپكە كىرگۈزۈۋپلا ئالساق، كېيىنكى يىلىغا پۇلنىڭ يولىنى ئۆزۈم قىلىمەن. شەھەردە خەقنىڭ نېنىنى يېقىپ بەرسەممۇ كۆڭلۈكۆمگە يىگىرمە كويدىن چۈشۈپ كەتمەيدىكەن.

— ياق، ئانا، — خەيرىنىسا ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى، — چاقىرىقنى ساتايلى. سىزنى خەقنىڭ مەدىكارچىلىقىغا سېلىپ ئوقۇغۇچە ئوقۇمايمەن.

— مۇنداق قىلايلى، دادا، — روزىنىسانىڭ يولدىشى ئابدۇللا يانچۇقىنى ئاختۇرغاچ گەپ باشلىدى، — چاقىرىقنى ساتمايلى. پۇل دېگەن ئادەم تاپىدىغان نەرسە. مانا ماۋۇ ئىككى يۈز كوينى سىڭلىمىزغا يوللۇق ھېسابىدا تۇتىمەن، — ئۇ يۈز كويلۇقتىن ئىككىنى تۆمۈر ئاكىغا تەڭلىدى، — مېنىڭ يېزا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەم بار. ئەنە بېرىپ بىرەر مىڭ يۈەن پۇل تېپىپ كېلەي.

— رەھمەت، ئابدۇللا ئاكا، — دېدى ئابدۇقۇددۇس، — سىز ئارىيەت ئالغان پۇلنى مەن كۆزگىچە جايلاپ بېرىمەن. مېنىڭ يېرىمنى تاشلاپ بەرسەكلا ئىش پۈتىدۇ.

نۇرنىساخان ئاچا ياغاچ مېغىزىدەك سارغىيىپ پىشقان نان ـ توقاچلارنى قارا سومكىغا ئاۋايلاپقىنە سېلىۋاتاتتى. تۆمۈر ئاكا قوتاندىكى قارا ئۆشكىنى يېتىلەپ چىقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلىدى ـ دە، ھارۋىنى قاتتى.

— كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنى تەييارلاپ بولدىڭىزمۇ، بالام؟ — سورىدى نۇرنىساخان ئاچا ئۆيدىن سومكىنى كۆتۈرۈپ چىققان خەيرىنىسادىن.

— تەييارلاپ بولدۇم.

ھەرقانداق ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ئوخشاش بولىدۇ. مەيلى ئۇ ئالىم بولسۇن، قاراقچى بولسۇن، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئوخشاشلا بالا. بىرەر بالىسىغا باشقا، يەنە بىرسىگە باشقا ھېسسىياتتا بولىدىغان ئاتا ـ ئانا مەۋجۇت ئەمەس. نۇرنىساخان ئاچىنىڭ يۈرىكىدىمۇ تۆت بالىنىڭ ئوتى ئوخشاش يېلىنجايتتى. لېكىن ئۇبدان زەن سېلىپ دەڭسەپ كۆرگەندە، خەيرىنىسانىڭ ئوتىنىڭ ھارارىتى كۈچلۈكرەك ئىدى. خەيرىنىسا كىچىكىدىن باشلاپ نۇرنىساخاندىن بىرەر كۈنمۇ نېرى بولمىغانىدى. نۇرنىساخان چارچاپ قېلىپ بىردەم ـ يېرىمدەم ئۈزۈلۈپ ياتقۇدەك بولسا، خەيرىنىسا يۈگۈرۈپ كېلىپ بېقىنىغا تىقىلاتتى. ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئانىسى ئۆيدە بولمىسا، ئېتىز ـ ئېرىقلارغىچە ئىزدەپ بېرىپ ئوت ئوتاۋاتقان يېرىدىن، ياكى قوناق مايسىنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەۋاتقان يېرىدىن تاپاتتى. سىرتقا

ماڭسا، بىر قەدەم قالماي ئەگىشەتتى. ئانىسى قانداقلا ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ھامان ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشەتتى. . مانا ئەمدى ئۇلارغا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ياشاش نۆۋىتى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا نۇرنىساخان ئاچىغا بىرلا بالىسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلغاندەك ئەمەس، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈ يالغۇز قېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. خەيرىنىسامۇ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ سىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. ناۋادا ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزىگە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈپ كەلگەن كۆزلەرگە قارىسا، يىغلاپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى.

ئابدۇقۇددۇس خەيرىنىسانىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ھارۋىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. ئائىلىدىكىلەرمۇ ئىختىيارسىز ھارۋىغا ئەگەشتى.

— خوش بالام، خۇدايىمغا ئامانەت، — نۇرنىساخان ئاچا خەيرىنىسانىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى، — سەپىرىڭىزگە ئاق يول بولغاي.

— خوش، ئانا، — خەيرىنىسانىڭ ئېغىزىدىن شۇ بىر ئېغىز گەپلا چىقالىدى.

ئېشەك ھۇرۇنلۇق بىلەن ئاستا كېتىپ باراتتى. تۆمۈر ئاكىلىمۇ، خەيرىنىسامۇ ئۈنسىز ئولتۇرۇشاتتى. پەقەت ئابدۇقۇددۇسلا پات - پات ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ ئالدىراتماقتا ئىدى. ئۇلار يېزا مەركىزىدىن ناھىيىگە ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بېكەتكە يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇقۇددۇس خەيرىنىسا بىلەن خوشلىشىپ ھارۋىنى قايتۇرۇپ كەتتى. تۆمۈر ئاكا بىلەن خەيرىنىسا يوك - تاقلارنى ماشىنىغا بېسىپ، ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقتا يانمۇ يان ئولتۇرۇشاتتى. خەيرىنىسا كۆزنەكتىن

سىرتقا قارىتۋىدى، هارۋا ئۈستىدە ماشىنىغا قايرىلىپ قاراپ كېتىۋاتقان ئاكىسىنى كۆردى. خەيرىنىسانىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى.

كۈن چىڭقى چۈش بولغاندا، ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. مەكتەپ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كەڭرى تاش يول بويىدىكى ئېگىز تېرەكلىك ئارىسىدا ئىدى. بۇ يەرگە يورۇقچاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرۋازا ئەتراپلىرىدا، يېڭىلا قوپۇرۇلغان كۆركەم بىنا ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار خۇشال ـ خۇرام هالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كېلىشكەن ئاتا ـ ئانىلار ئالدىغا يولۇققانلاردىن قايسىدۇر بىر ئىشخانىنى سورىغاچ پەلەمپەيدىن ئۈستىگە ئۆرلىمەكتە، قايسىدۇر بىرى ئىشنى تۈگىتىپ قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلماقتا ئىدى.

ـــ كەلدىڭمۇ ئاداش؟

خەيرىنىسا بىناغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇۋاتقاندا، يېقىنلا يەردىن ئۆزىگە ئەڭ تونۇش بولغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يانغا بۇرۇلۇۋىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى باهار يېقىنلا يەردە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار دىدارلاشمىغىنىغا بىرنەچچە يىل بولغاندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ـــ سېنى ئوقۇمايدىغان بوپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋىدى، هەر نېمە بولسا كەپسەن ئاداش.

ـــ سەن قاچان كەلگەنىدىڭ؟

ـــ تۈنۈگۈن، بۇ يەردە ئادەم بەك زېرىكىدىكەن. تۈنۈگۈن كېلىپلا ئانامنى سېغىنىپ نەچچە قېتىم يىغلاپ سالدىم. ئائىلىدىن ئايرىلغىنىمغا بىر يىل بولغاندەك بىلىنىپ كەتتى، ـــ باهار سۆزلىگەچ خەيرىنىسانى يەنە قۇچاقلىۋالدى.

ـــ ئۇنداق دېمىگىنە، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ

كۆڭلۈم يېرىم بولىۋاتىدۇ.
— ماڭە، نەرسە-كېرەكلىرىڭنى ياتاققا ئاپارغاچ تۇرايلى.
— توختا، دادام چۈشسۇن، ھېلى تاپالماي ئىزدەپ قالار، — دېدى خەيرىنىسا بىنانى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ.
شۇ چاغدا تۆمۈر ئاكا ئېگىز بويلۇق، يالاڭغۇاش، يۈزى سەل سوزۇنچاق كەلگەن بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بىلەن ياندىشىپ بىنادىن چۈشتى.
— سىنىپ مۇدىرىمىز ئاشۇكەن، — دېدى باھار خەيرىنىسانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.
تۆمۈر ئاكا يېڭى بىر غەمگە مۇپتىلا بولغاندەك چىرايى تېخىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ ھە دەپ ئوقۇتقۇچىغا يالۋۇراتتى.
— جېنىم خانىم، سىلىنىڭمۇ بالىلىرى باردۇ، بىزدەك دېھقان خەقكە ئاسان ئەمەسكەن. بالام نانىنى ئۆيدىن ئەكېلىپ يەپ ئوقۇسۇن، رۇخسەت قىلسىلا.
— بۇنداق قىلىشقا مەكتەپ قوشۇلمايدۇ، — دېدى ئوقۇتقۇچى خەيرىنىساغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، — بۇ مېنىڭ دېگىنىمچە بولىدىغان ئىش ئەمەس.
— ئۇنداق دېمىسىلە خانىم، سىلى بىزنىڭ يېزىغا بېرىپ باقمىدىلا، ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيلا. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن پۇل جايلايمەن دەپ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدۇم. بىر بالا ئىككى يۈز كويىنى كەم ئۆتكۈزگەنگە مەكتەپنىڭ خەزىنىسى كەملەپ كەتمەس.
— ئادەمنى ئۇنداق تەڭلىككە سالمىسىلا، ئاكا، — ئوقۇتقۇچى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، — مەن دېدىمغۇ، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. مەن دەرس ئۆتۈشنى، بالىلارنى باشقۇرۇشنى بىلىمەن. پۇل ئالىدىغانلار باشقا.

مۇئەللىم ئۇلارنى ياتاقا باشلاپ كەلدى. كىچىكىنە ياتاقتىكى كارىۋاتلار ئىككى قەۋەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىدە چېقىر كۆز بىر قىز يانپاشلاپ يېتىپ ئالبوم كۆرۈۋاتاتتى. ئاستىنقى قەۋەتتە يەنە بىر قىز پۇتىنى قىزىل سولياۋ داسقا چىلاپ يۇيۇۋاتاتتى.

— ماۋۇ ئىككى كىشىلىك ئورۇن بىكار، — دېدى مۇئەللىمە ئىشىك ئالدىدىكى قوش كىشىلىك كارىۋاتلارنى كۆرسىتىپ، — ئۇستىدە ياتسىمۇ، ئاستىدا ياتسىمۇ بولىدۇ.

— قايسىدا ياتسىز بالام؟ — تۆمۈر ئاكا خەيرىنساغا قارىدى.

— ئاستىدا ياتايمىكىن.

— ئۇستىدە يېتىڭ، — دېدى ئالبوم كۆرۈۋاتقان قىز خەيرىنساغا قاراپ، — ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئورۇن كۆرپىڭىز پاكىزرەك تۇرىدۇ.

مۇئەللىمە قوشنا ياتاق تەرەپكە قاراپ كەتتى. تۆمۈر ئاكا ئۇستۇنكى كارىۋاتقا چىقىپ خەيرىنسانىڭ ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى ئىدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

— يەنە ئىككى يۈز كوي تۆلەيدىكەنمىز بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، — تاماق پۇلى ئۈچۈن ئىككى يۈز كوي تۆلىمىسە بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۆيدىن نان ئەكېلىپ يېيىشكە ئۇنىمايدىكەن.

خەيرىنسا باياتىن دادىسىنىڭ سىنىپ مۇدىرىغا نېمە ئۈچۈن يالۋۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— خۇدايىم تەس كۈنگە قويماس، ئىچىڭىزنى پىشۇرماڭ. مەن ئەمدى ماڭاي بالام خوش.

— خوش، دادا.

— يەنە بىر گەپ، بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا قىزنىغا يېقىن كېلىپ پەس ئاۋازدا، — كارنۋاتقا چىقىپ ـ چۈشۈشتە بەك دىققەت قىلىڭ. كارنۋات بەك ئېگىز كەن.

— ماقۇل دادا.

خەيرىنىسا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۆمۈر ئاكا ئولتۇرغان مەپىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى.

## تۆتىنچى باب

خەيرىنىسا مەكتەپ ئاشخانىسىغا تۇنجى قېتىم قاچا كۆتۈرۈپ بارغاندا، «پولۇنى گۆشلۈك يېسەم بولارمۇ، گۆشسىزمۇ» دېگەن مەسىلىدە ئويلىنىپ قالدى. ئاشخانىدا پەقەت پولۇلا ئېتىلگەن بولۇپ، گۆشلۈك پولۇتۆت يېرىم كوي، گۆشسىز پولۇ بىر يېرىم كوي ئىدى. ئۇ باس ـ باس تاماق ئېلىۋاتقان باللارغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئىتتىرىشىش، ۋارقىرىشىش، تىللىششلارنى كۆرۈپ، تاماق ساتىدىغان تۆشۈككە يېقىن بارالمىدى. بىرمۇ ئوقۇغۇچى گۆشسىز پولۇ ئالمىدى. ھەممىسى گۆش بېسىلغان ئاشنى كۆتۈرۈپ تۆشۈك ئالدىدىكى قىستىلاڭچىلىقتىن ماڭ مۇشەققەتتە سۇغۇرۇلۇپ چىقىشاتتى. قايسى بىرىنىڭ ئېشى چېچىلغان، قايسى بىرىنىڭ قاچىسىدىكى گۆش يەرگە چۈشۈپ كەتكەندى. ئاشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى خەيرىنسانى بارغانچە ئالدىراتقىلى تۇردى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قىزلار تاماق ئالىدىغان تۆشۈكنىڭ ئالدى سەل بوشىدى. ئۇ بىر پارچە گۆشنى دەپ ئۈچ كوينى ئوشۇق خەجلىۋەتمەسلىكنى، بىچارە ئاتا ـ ئانىسىنى ئۈچ كويلۇق بولسىمۇ ئازراق قاقشىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. ئۇ گۆشسىز پولۇنى كۆتۈرۈپ تۆشۈك ئالدىدىن ياندا، ھەممە باللار ئۇنىڭ قاچىسىغا قاراشقىلى تۇردى. توغرىسى باشقىلار قاراشتىمۇ،

ياكى خەيرىنساغا ئاشۇنداق تونۇلدىمۇ، بۇ تەرىپى نائېنىق ئىدى.
— گۆشسىز يەپسىزغۇ؟ — سورىدى يۇمىلاق ئۇستەلدىن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان قىزلاردىن بىرى.
— مەن، مەن گوشكە ئۆچ، — ھودۇقۇپ كەتكەن خەيرىنسانىڭ ئېغىزىغا شۇ گەپ ئۇدۇللا كەپقالدى.

قىزلاردىن بىر - ئىككىسى خەيرىنسانى مازاق قىلغاندەك پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— ئەجەپ ياخشى نەرسىگە ئۆچ ئىكەنسىزغۇ، قارىغاندا ھاياتىڭىزدا گۆش يەپ باقماپسىز - ھە.

— ...

— بۇرۇنقى زاماندا بىر نامرات ئايال ئۆتۈپتىكەن، — دېدى قارا سارجىدا بىر قۇر كىيىم كىيىپ، قىزىل ياغلىقىنى بويىنىغا تاشلىۋالغان قىز قاشلىرىنى ئوينىتىپ، — ئۇ گۆشكە پۇل تاپالمىغانلىقتىن «مەن گۆشكە ئۆچ» دەپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ گۆشكە راستتىن ئۆچ بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر سەكراتتا چۈشۈپ ئاغزىغا سۇ تېمىتقاندا، «گۆش دېگەن قانداق نەرسە ئىدىكىن، بىر نۆۋەت يەپ بېقىپ ئاندىن جان بەرگەن بولسام» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئۇستەل ئەتراپىدا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— گۆشكە ئۆچ بولسىڭىز، كەلگۈسىدە سىز بىلەن تۇرمۇش قۇرىدىغان يىگىتنى ئاسانلا باي قىلىۋەتكۈدەكسىز، — دېدى يەنە بىر قىز.

جاراڭلىق كۈلكە ئاشخانا ئىچىنى يەنە بىر نۆۋەت زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. خەيرىنسا قاچىسىدىكى يېرىمدالغان تاماقنى كۆتۈرگىنىچە ياتاققا كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەيرىنسا ياتىقىدىكى ساۋاقداشلارغا قوشۇلۇپ بازارغا چىقتى. بۇ مەكتەپكە يېقىن تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى كالتە بازار ئىدى. ئەمما كالتە بازار

بولغىنى بىلەن ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا لازىملىق نەرسىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار بازارغا كېلىپلا ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا قاتار ئولتۇرۇشتى. ئەمما خەيرىنىسا دەپتەر كۆرگەن بولۇپ كاۋاپخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر دۇكانغا غىپپىدە كىرىۋالغانىدى. ئۇ رەتلىك تىزىۋېتىلگەن دەپتەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرەتتى، ئۇنى قويۇپ بۇنى ئالاتتى. باھاسىنى سورايتتى. دەپتەرلەرنى كۆرۈۋېتىپ كاۋاپ يەۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك بىكار بولۇشىنى كۈتەتتى. ئاخىر ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەش ئۈچۈن بىر كويغا ئىككى دەپتەر سېتىۋالدى. بۇ چاغدا ساۋاقداشلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقانىدى. خەيرىنىسانىڭ كاۋاپخانا ئالدىدا تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىپ، ئەمدى پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقايسىسى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشمىدى. خەيرىنىسامۇ سورىمىغانغا جاۋاب قىلماي مېڭىۋەردى. ئۇلار كاۋاپخانا ئالدىدىن ئازراق مېڭىپ چىرايى قاپقارا، دۇگىلەك بىر ئۆپكىچىنىڭ ئالدىدا توختاشتى. خەيرىنىسانىڭ بېشىغا يەنە ئاغرىق تەگدى. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرىنى كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېڭىۋەردى.

— سىز نېمانداق بىزدىن قېچىپلا يۈرىسىز؟ — سورىدى بىر قىز، — نەگىلا بارساق شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك غايىب بولىدىكەنسىزغۇ؟

— ئۇ دېگەن گۆشكە ئۆچ تۇرسا، — دېدى يەنە بىر قىز.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خەيرىنىسانى چۈشەنمەيتتى. خەيرىنىسانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالدىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئوقۇتىمەن دەپ چەككەن كۈلپەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

مەكتەپتىن شەھەرگىچە مەيدە ئولتۇرۇشقا بىر يۈەن، شەھەردىن ناھىيىگىچە ئىككى يۈەن، ناھىيىدىن يېزىسىغىچە ئىككى يۈەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن بەش يۈەن

www.uyghurkitap.com

كىتەتتى. يانچۇقىدا ئارانلا يەتتە كوي پۇل قالغانىدى. ئۆيگە قايتىشقا يەنە ئون كۇندەك ۋاقىت بار ئىدى. شۇ ۋاقىتقىچە بىش يۇەننى يانچۇقىدا ساقلاپ قالالمىسا، دۆلەت بايرىمىغا قويۇپ بىرىلگەن كۇنى ئۆيگە كىتەلمەيتتى. خەيرىنسا باياتىن بىرى ئاشۇلارنى ناھايىتى ئىنچىكە ھىسابلاپ چىقتى.

شۇنىڭدىن كىيىن باشقىلار بازارغا مىڭىشسا خەيرىنسا ياتاقتا قالدى. باشقىلارمۇ ئۇنى بىرگە چىقىشقا زورلاشمىدى. خەيرىنسامۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭماي، ياتاقنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ قوياتتى. بۇگۇنمۇ باشقىلار سىرتقا ماڭغاندا، ئۇ بىر چىلەك سۇ ئەكىرىپ ياتاقتا تەكشى چاچتى. لاتىنى ھۆلدەپ، ئىشىك ـ دىرىزىلەرنى، كارىۋاتنىڭ پاچاقلىرىنى ئىدىتلىق سۇرتۇپ بولۇپ كارىۋىتىغا چىقىپ ئەمدىلا كىتابنى ئىچىشىغا باشقىلار بازاردىن قايتىپ كىلىشتى. ئۇلار ياتاققا كىرىپلا بازاردا يىگەن نەرسىلىرىنىڭ تەمىنى، كۆرگەنلىرىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىبلىقىنى، سىتىۋالغان پايپاقلارنىڭ سۇپىتىنى بەس ـ بەس بىلەن ماختىشىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك غىچچىدە ئىچىلىپ يۇقىرى يىللىقتىكى ئىككى قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇ ياتاقتىكى شەرۋانە ئىسىملىك قىزنىڭ يۇرتداشلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن ياتاق ئىچى ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كەتتى. كارىۋاتقا ئۆلۈكتەك ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان شەرۋانە چاچراپ تۇرۇپ مىھمانلارنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى. ياتاقتىكى جوزىنى كارىۋاتقا يىقىن تارتىپ بىر تاختا گىزىتنى سالدى ـ دە، گازىر ـ پۇرچاقلار بىلەن تولدۇرىۋەتتى. ھىلىلا خەيرىنسا پاكىز تازىلاپ چىققان ياتاق بىرنەچچە ئىغىزلاردىن خۇددى قار يىغىۋاتقاندەك توختاۋسىز ئۇچۇپ چۇشۇۋاتقان گازىر شۆپۈكلىرىدە قارىغۇسىز مەينەتلىشىپ كەتتى. مىھمانلار گازىر چىقىپ زىرىككەندىن كىيىن ھەممە كارىۋاتلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسىلىپ خەيرىنسانىڭ كارىۋىتىغا قولىنى چىناپ سورىدى.

— ئاۋۇ كىمنىڭ كارىۋىتى؟
— مېنىڭ، — دېدى خەيرىنىسا ئىنتائەتمەنلىك بىلەن.
— سىزنىڭ كىگىزىڭىز بۇ ياتاقتا پەقەت ماسلاشماپتۇ. ئىشەنمىسىڭىز باشقا كارىۋاتلارغا قاراپ بېقىڭا. بۇنداق كونا كىگىزلەرنى ھازىر چۆلدىكى پادىچىلارمۇ سېلىپ ياتمايدۇ.

خەيرىنىسا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ كىگىزىنىڭ باشقا كارىۋاتتىكى چىرايلىق ئورۇن - كۆرپىلەر ئالدىدا چېنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كىگىزى كونىرىغان ئاق كىگىز بولۇپ، ئۆچكىنىڭ ساقلىدەك چۇچىلىرى كارىۋاتنىڭ ئەتراپىدىن ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۇخلاش ئالدىدا ئۇزاققىچە پاراڭلاشتى. ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى تونۇشقان بۇ ياتاقداشلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى تولاراق ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بورغىلىدى.

بىرى دادىسىنىڭ يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ يۇەنجاڭى ئىكەنلىكىدىن ماختانسا، يەنە بىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شۇجىسى ئىكەنلىكىنى پەش قىلاتتى. بەزىلىرى ئۆيىدىكى جان سانىنى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ باي ئائىلىنىڭ بەختلىك ئەركىسى ئىكەنلىكىنى، دادىسىدىن نېمە تەلەپ قىلسا دەرھال ئالدىدا ھازىرلاپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشاتتى. ھەتتا ئۆيىگە ۋاقتى - قەرەلىدە كېلىپ تۇرىدىغان كاتتا سوۋغا - سالاملار ھەققىدە سۆزلىشىدىغان قىزلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا بىرسى خەيرىنىسادىن ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى.
— سىزنىڭ دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ، خەيرىنىسا؟
— دېھقان، — خەيرىنىسا چورتلا جاۋاب بەردى.

بۇگۈن ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، سەككىز كىشىلىك بۇ كىچىك دۇنيادا دېھقان قىزىدىن پەقەت خەيرىنىسا بىلەن باھارلا باردەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلارنى ئۈچ كۈنلۈك ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇردى، قىلىدىغان ئىش ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى دۆمبەلچەك توپىلارنى يۆتكەش ئىدى.

ئۇلار كەتمەن ـ گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئەمگەك مەيدانىغا كەلگەندە، سىنىپ مەسئۇلى سائادەت قىز ـ ئوغۇللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلدى. بىر گۇرۇپپا مۇشۇ يەردىن كىچىك تراكتورغا توپا ئۇسسا، يەنە بىر گۇرۇپپا مەكتەپ مەيدانىنىڭ نېرىسىدىكى ئەسكى تاملىقتا تراكتوردىن توپا چۈشۈرەتتى. بىرنەچچە تراكتور توختىماي تاراقشىپ قاتنىماقتا ئىدى. خەيرىنسانى ئۆز ئىچىدە ئالغان ئۇسۇش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىرىنچى تراكتورنى يولغا سېلىپ ئەمدىلا ئىككىنچى تراكتورغا توپا ئۇسۇۋاتقاندا، قەغەز ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇپ ئويناۋاتقان ئۈچ نەپەر ئۇششاق بالا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— ۋاھ، مېنىڭكى بەك ئۇچتى.

— ياق، مېنىڭكى سېنىڭكىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلدى.

شۇ ئەسنادا خەيرىنسا كەتمەن چېپىۋاتقان يەرگە پوك چۈشكەن ئايروپىلان كەتمەننىڭ ئاستىدا مىجىلىپ كەتتى. تەخمىنەن ئۈچ ـ تۆت قەدەم يىراقلىقتا ئىككى مەڭزى گۆش گىردىدەك سېمىز، بالا توپىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ، ئۇكام، مەن سىزگە باشقىدىن بىرنى ياساپ بېرەي، — دېدى خەيرىنسا بالىنى يۆلەپ، — مانا قەغەزمۇ بار، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ قاتلاشقا باشلىغاندىلا بالا يىغىدىن توختىدى. خەيرىنسا ئايروپىلاننى ياساپ ئۇچۇردى.

— ئەنە كەتتى.

بالا كۆلگىنىچە ئايروپىلان چۈشكەن يەرگە موللاق ئاتقاندەك ئېتىلىپ ئايروپىلاننى قولىغا ئالدى ـ دە، يەنە خەيرىنسانىڭ

ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئەمدى ئۆزۈڭلار ئويناڭلار، ئۇكام، — دېدى خەيرىنسا ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇپ، — مانا كەتتى.

— پاھ! خەيرىنسا تۇمۇرنى گۆشكىلا ئۆچمىگىن دېسەك ئەمگەك قىلىشقىمۇ ئۆچكەن - دە، — دېدى ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان سائادەت مۇئەللىم، — ئىش باشلىنىپ كېچىك بالىلار بىلەن ئويناپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلمىدىڭىزمۇ؟

خەيرىنسا خىجىل بولغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. بالىلارنىڭ بىرەرسى سىنىپ مەسئۇلىغا ھەققىدە ئەھۋالنى چۈشەندۈرمىدى. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ «گۆشكە ئۆچ» دېگەن گېپى خەيرىنسانىڭ يۈرىكىگە زەھەرلىك نەشتەردەك سانجىلدى. ئۇ ئالىقىنىغا تۇكۇرۇپلا كەتمەننى ئوغۇل بالىدەك گۇپىلدىتىپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەكنى كۆرسە بېشىغا ئاغرىق تېگىدىغان ناپاقلاردىن ئەمەس، راۋرۇس جىگىرى بار قىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى ئىدى.

ئەمگەك ئاخىرلاشقۇچە قىزلاردىن بىرنەچچىسى مىجەزى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ ياتاققا كېتىشتى. ئەمگەك مەيدانىدا بىر گۇرجەكنى ئوغرىغا ئالدۇرماي ساقلىغانلىرىنىڭمۇ ھالى تايىنلىق بولۇپ، بىردەم ئۇياق - بۇياققا قاترىسا، بىردەم سايىغا بېرىپ ئېزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەمما خەيرىنسا ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ كەتمەننى ئەتىگەندە قولىغا ئالسا چۈشتە، چۈشتىن كېيىن ئالسا كەچتە تاشلايتتى.

دەرس باشلانغان كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا سىنىپ باشلىقى خەيرىنسانىڭ ئالدىغا بىر خاتىرە بىلەن قەلەمنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ھەمدە:

— تۆت كوي تاپشۇرۇڭ، — دېدى خەيرىنسانىڭ ئىسمىنى يازغاچ.

— نېمە پۇل ئۇ؟

www.uyghurkitap.com

— سىنىپقا توپ ئالىمىز، ۋالىبول، ۋاسكېتبول.

— مەكتەپكە تۆلىگەن ئوقۇش پۇلىمىزدىن چىقىم قىلىپ ئېلىپ بەرسە بولمامدىكەن؟

— ئۇنى مەن ئۇقمىدىم. ئىش قىلىپ بۇ ئىشنى خانىمنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزۈپ قىلىۋاتىمىز. مانا قاراڭ، ھەممە باللار تاپشۇرۇپ بولدى.

راست دېگەندەك سىنىپ بويىچە بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىغا تۆت يۈەن يېزىقلىق تۇراتتى. باشقىلار كىرگەن كېچىككە خەيرىنىسانىڭمۇ كىرمەي ئامالى يوق، ئەمما ئۇ تۆت يۈەننى تاپشۇرسا، ئۆيگە كېتىش ئۈچۈن ئۈچ كوي قالىدۇ. ئۈچ كويغا ئۇ ئۆيگە كېتىۋالالايتتىمۇ؟

— بىزنىڭ ئائىلىمىز بەك كەمبەغەل، — دېدى خەيرىنىسا كىتابلىرىنى يىغىشتۇرغاچ، — خانىمغا دېسىڭىز، ئامال بار مېنىڭ تۆلەيدىغان پۇلۇمنى كەچۈرۈم قىلغان بولسا. مەن تۆت كوينى تاپشۇرمىغانغا توپ ئېلىنماي قالماس. دادام بېرىپ كەتكەن پۇلدىن ئاران يەتتە كوي قالدى، تۆت كوينى سىزگە بەرسەم جۈمە كۈنى ئۆيگە كېتەلمەيمەن.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، — دېدى سىنىپ باشلىقى خەيرىنىساغا ئېگىشىپ تۇرۇپ، — نامرات ئائىلىنىڭ بالىلىرىغا ھەر ئايدا ئون يۈەن تاماق پۇلى قوشۇپ بېرىدىغان پرىنسىپ بار ئىكەن. ئائىلىڭىزنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىدىن ئىسپات ئەكېلەلىسىڭىز، ئاشۇ ئون كويدىن بەھرىمەن بولالايسىز. ھازىرچە تۆت كوينى ئەل قاتارى تۆلەپ تۇرۇڭ. سىز خەتنى ئەكەلگەندە، مەن ئەھۋالىڭىزنى خانىمغا چۈشەندۈرۈپ ئايدا ئون كوي پۇل ئېلىشىڭىزغا ياردەملىشەي.

خەيرىنىسا تۆت كوينى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما پۇلنى قولىدىن چىقىرىپ قويۇپلا غەم - ئەندىشە تۇمانلىرى ئارىسىغا غەرق بولدى. «ئەمدى ئۆيگە قانداق كېتەرمەن؟ ئۈچ

كوي بىلەن ناھىيىگىلا بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆيگە چىقىش ئۈچۈن يەنە ئىككى كوي كەملەيدۇ. ناۋادا مېڭىپ بېرىشقا توغرا كەلسە يېرىم كۈن كېتىدۇ، ئەمدى ئىككى كوي ئۈچۈن كىملەرگە يالۋۇرىمەن؟ يالۋۇرۇپ تاپقىلى بولىسىغۇ مەيلى ئىدى، يامان يېرى يالۋۇرغان بىلەنمۇ پۇل بېرىدىغان ئادەم يوق. ناۋادا مەكتەپ ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەنرەك قويۇپ بەرگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە». خەيرىنىسا نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇن كوينىڭ ئىشىنى ئويلاپ يەنە ئازراق خۇشال بولدى. «ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقىنى كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئۇنچىلىك ئىشقا ئىسپات يېزىپ بېرىش دېگەن ئۇلار ئۈچۈن بىر چىنە سۇ ئىچكەنچىلىك ئىش».

بايرامغا قويۇپ بېرىلىدىغان كۈنمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ سومكىسىنى ئاللىقاچان تەييارلاپ سىنىپقا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەڭ ئاخىرقى سائەتلىك فىزىكا دەرسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان خەيرىنىسانىڭ خىيالى يەنە قاناتلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى يەنىلا شۇ ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن كەملەيدىغان ئىككى يۈەننىڭ ئەندىشىسى ئىدى. «ئۆيگە قانداق كېتەرمەن؟ بىزنىڭ يېزىغا قايتىدىغان بېكەتتە قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىرەرسى ئۇچراپ قالارمۇيا، ھازىر قويۇپ بەرسە ناھىيىگە خېلى كېيىن بېرىپ بولىمىز. ناھىيىدىن پىيادە ماڭسام، ئۆيگە بېرىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەرمۇ؟ يېزا تەۋەسىگە ئۇلىنىشىۋالسامغۇ ئۇ تەرىپىگە قاراڭغۇ چۈشسىمۇ كېتەلەيمەن». ئاۋازى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئېلېكترونلۇق قوڭغۇراقنىڭ تۇيۇقسىز جاراڭلىشى خەيرىنىسانىڭ خىيالىنى چورتلا ئۈزۈۋەتتى. خەيرىنىسانىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن ئۆيگە قايتىدۇ. مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن دىدارلىشىدۇ. .

www.uyghurkitap.com

خەيرىنسا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەيلەردىن شۇنداق تېز يۈگۈرۈپ چۈشتى ـ دە، دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. يېشىل سىر بىلەن قېنىق سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازا تاقاق ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سىرلىرى ئاجرىغان، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە قالايمىقان ھەرپلەر چوڭ قىلىپ ئويۇلغان ئۇستەل، ئۇستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇق توغرىسىغا سىڭايان تۇراتتى. ئۇستەل ئەتراپلىرى گازىر، خاسىڭ شاكاللىرى ۋە تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن، دەرۋازىنىڭ يان تېمىغا تۇتىشىدىغان ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئۇستىگە تېلېفون نومۇرى قارا سىياھ بىلەن چوڭ قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭ يېنىغا «دىجورنىلىق ئۆيى» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ھەرپتىن ئاستىغا ساقىشىپ كەتكەن سىر يۇقۇندىسى ئاپئاق تامنى خىلىلا سەت كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن دەرۋازا ئالدىغا توپلاشقان باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى.

ــ قېنىدۇ بۇ دەرۋازىۋەن؟ قوڭغۇراق چالغاندىكىن ئىشىكنى ئېچىۋەتسە بولماسمۇ؟

ــ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، ئىشىكنى قاقە.

چاچلىرىنى يانغا تارىۋالغان، ئېگىز بويلۇق بىر ئوقۇغۇچى دىجورنىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئوڭ قولىدىكى قارا سومكىنى سول قولىغا يۆتكەپ ئىشىككە مۇشتلىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، بۇرۇتى سەل شالاڭراق كەلگەن، ساقچى فورمىسى قامەتلىك گەۋدىسىگە خىلىلا ماسلاشقان ئېگىز بويلۇق ياشقىنا بىر كىشى ئۆيدىن چىقتى، ئۇ سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېرىلدى.

ــ بىزنى قويۇپ بەردى، ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن بولسىلا.

دەرۋازىۋەن گەپ قىلماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى ئۆيگە كىرگۈزدى ـ دە، بىر تىزىق ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ چىقتى. باللار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ

ئالدىدىكىلەرنى دەرۋازىغا چاپلىشىۋەتتى. ساقچى ئاچقۇچلار ئارىسىدىن چوڭراق بىرنى تاللاپ ئالدى ـ دە، دەرۋازىنىڭ كىچىك قانتىنى ئېچىۋەتتى، بالىلار ۋارقىرىشىپ ئىشىككە ئېتىلدى. قايسى بىرى قىسىلىپ پۇتىنى تارتالمايۋاتسا، قايسى بىرىنىڭ سومكىسىنىڭ بېغى ئۈزۈلگەنىدى.

پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلىۋالغان شوپۇرلار ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىتتا توغرىلاپ ماشىنىلىرىنى دەرۋازا ئالدىغا ئاللىقاچان تىزىۋېتىشكەنىدى. خەيرىنىسامۇ ناھىيىگە بارىدىغان ئاپتوبۇسنى تېپىپ چىقىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشقان ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. خەيرىنىسانىڭ كۆڭلىگە خىلمۇ خىل غەم ـ ئەندىشىلەر توشقانىدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جەم بولىدىغانلىقىنى ئويلىسا، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كېتەتتى. ئەمما يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ يول كىراسىغا كەملىك قىلىدىغانلىقىنى خىيال قىلسا، خۇشاللىقىنىڭ ئورنىنى غەم ـ ئەندىشە ئىگىلەيتتى. ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدىنى «ناھىيىگە بۇرۇنراق يېتىپ بارالىساق پىيادا كېتىۋېرىمەن» دېگەن توچكىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆڭلىنى تىندۇردى.

خەيرىنىسا ناھىيە بېكىتىدە ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە، چۈشتىن ھالقىغانىدى. ئۇ ئۆز يېزىسىغا ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بىكەتنى قاراپ ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پۇلى باياتىن بىلەت ئېلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇ ئالدىراش كېتىۋېتىپمۇ بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالارمىكىن دېگەندەك كىشىلەر ئارىسىغا ئالاڭلاپ قارايتتى.

خەيرىنىسانىڭ يېزىسىغا قاتنايدىغان بېكەتتە بىرلا ئاپتوبۇس بولۇپ توشاي دەپ قالغانىدى. خەيرىنىسا ئاپتوبۇس ئىچىگە قاراپ باقتى. ئورۇندۇقتا سىغدىلىپ ئولتۇرۇشقانلار ئارىسىدا ناغرا دۆڭ كەنتىدىن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى

www.uyghurkitap.com

يوققا چىققان خەيرىنىسا سومكىسىنى بىلىكىگە ئىلىۋېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ پات - پات پەسلەپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارايتتى. «مۇشۇنداق تېز ماڭسام قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۆيگە يېتىۋالغۇدەكمەن». خەيرىنىسا بىردىن روھلىنىپ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى، ناھىيە بازىرى بارغانچە يىراقتا قالدى. ئۇ بېسىپ ئۆتىدىغان مۇساپىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆز - ئۆزىگە يەنە مەدەت بەرگىلى تۇردى. ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئېگىز سۆگەتلىككە بارسا باش زاكو كۆرۈنىدۇ. باش زاكودىن بىرەر سائەت ماڭسا يېزا مەركىزىگە يېتىۋالىدۇ، يېزا مەركىزىدىن يەنە بىرەر سائەت ماڭسا... ئۇنىڭ كۆزىگە مېھرىبان ئانىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.

دەل شۇ چاغدا ئۇنى يانداپ ئۆتكەن ئاپتوبۇس يىگىرمە - ئوتتۇز مېتىردەك يەرگە بېرىپ ئاستا توختىدى. خەيرىنىسا توپا توزۇندىلىرى ئارىسىدىن ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ كىمگە توختىغانلىقىنى، كىمنىڭ توختاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ نامەلۇم بىر ئۈمىد ئۇنى ئاپتوبۇس تەرەپكە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. خەيرىنىسا ئاپتوبۇسقا يېقىنلاشقاندا، بىر ئوغۇل بالا كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنى چاقىردى.

— تېز بولۇڭ، تېز...

خەيرىنىسا ئاپتوبۇسقا چىقتى. خىجىللىق دەستىدىن يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى.

— مەيەرگە كېلىڭ، — دېدى ھېلىقى يىگىت ئىچىگە سىغدىلىپ.

خەيرىنىسا چىقىپلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرى ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس. يىگىتنىڭ ئىسمى توختىروزى بولۇپ خەيرىنىسا بىلەن بىر يېزىدىن ئىدى. ئۇ ئالدىنقى يىلى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ خوتەن باغۋەنچىلىك مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان، ئىككى كۈن بۇرۇن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ

پەلەمپىيىدە دوقۇرۇشۇپ قالغان بولسىمۇ سالامىلىشىپلا ئۆتۈپ كېتىشكەنىدى.

— نېمىشقا پىيادە ماڭدىڭىز؟

— . . .

خەيرىنىسا زۇۋان سۈرمىدى. مۇشۇنداق چاغدا ئۇ نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟ پۇلۇم يوق ئىدى دېسۇنمۇ؟ ياق، بىر قىز بالا ئۈچۈن تېخى تولۇق چۈشەنمەيدىغان ئوغۇل بالىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاش ئاسان ئىش ئەمەس. خەيرىنىسا گەپ قىلماي ئولتۇرغىنى بىلەن كەچكى شەپەقتەك قىزارغان نۇرانە يۈزى، گەپكە قولاشمايۋاتقان ئاغزى، ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالمايۋاتقان ئوتلۇق كۆزلىرى پىيادە مېڭىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بولغانىدى.

شۇ ئەسنادا يالاڭۋاش، زىغىررەڭ كاستۇمىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن بىر يىگىت ئالدى تەرەپتىكى يولۇچىلاردىن باشلاپ بىلەت سېتىپ كەلدى. خەيرىنىسانىڭ يۈرىكى تەرتىپسىز گۈپۈلدەپ كەتتى. توختىروزى چاققانلىق بىلەن بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئۈزىتىپ ئىككى كىشىلىك بىلەت سېتىۋالدى.

خەيرىنىسا ئاخىر ھەممە نەرسىلىرى ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىڭايان ياتقۇزۇلغان ئېشەك ھارۋىسىنىڭ كامارلىرى ئېلىۋېتىلگەن، چاقنىڭ يېنىدا يېرىم داس سۇ، نىمجان بولغان بىر دانە سېرىق ھەرە سۇدا توختىماي ئۈزۈپ يۈرەتتى. . .

خەيرىنىساغا تۆمۈر ئاكىلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ سومكىسىنى تامدىكى قوزۇقتا ئىلدۇرۇپ قويۇپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. تونۇش يول، تونۇش دەل ـ دەرەخ، تونۇش ئېرىق. . . ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىن تۇيۇلاتتى. ئۇ بىردەم ماڭغاندىن

كېيىن ئېتىزلىقتا باشلاپ بارىدىغان چىغىر يولغا چۈشتى، قولۇم ـ قوشنىلار نەمخۇش ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرەتتى. خەيرىنسانىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن سوقۇپ كەتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاسار چىپىپ يۈرۈشەتتى، خەيرىنسانى بىرىنچى بولۇپ ئىگانىڭ باغرىدا توپىغا مىلىنىپ ئويناپ يۈرگەن باقى كۆرۈپ قالدى.

خەيرىنسا ئائىلىدىكى بىر ھەپتە ۋاقتىنى تولىمۇ خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېتىزدا پاسار چىپىش، پاسار توشۇش، پاختا تېرىش دېگەندەك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ پېشانىسىدىن چىلىق ـ چىلىق تەر ئاققاندىمۇ قىلچە چارچاش ھېس قىلمىدى. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىن بەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىــــۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، خەيرىنسا خاتىرجەملىك ۋە كۆڭۈل ئازادىچىلىك ئىچىدە ئون كۈنلۈك بايرامنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىــ سەزمەيلا قالدى.

تۆمۈر ئاكا ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقــى ھەققىدە تونۇشتۇرۇشنى تولىمۇ تەستە ئالدى، لېكىن بوغالتىرنىڭ يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشىغا كەنت باشلىقى ئانايەت «تامغا مەندە يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ تامغا بېسىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى.

ــ سېكرېتارمۇ ئۇزاققا قالماي دوختۇرخانىدىن چىقار، بالام، ــ دېدى تۆمۈر ئاكا قىزىغا تەسەللى بېرىپ، ــ ئانايەت دېگەن بەچچىغەر يەنە ئوساللىــق قىلدى. كېلەر ھەپتە كېلىشىڭىزگە تامغا باستۇرۇپ قوياي، تامغىسى يوق خەتنى كۆتۈرۈپ بارسىڭىز ئىناۋەتكە ئالمايدۇ.

ــ بۇ خەقلەر بىزگە نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ؟ ــ دېدى خەيرىنسا ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ.

ــ ئانايەتنىڭ ئاچچىقى باشقا يەردە، بالام، ــ دېدى

نۇرنىساخان ئاچا، — ئۇنىڭ ھېلىقى قاشلىقچى قىزى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي سىز ئۆتكەندىكىن چىدىمىغان گەپ.

— مۇشۇنى يەتكۈزۈپ بىر ئىش قىلىڭ، بالام، — تۆمۈر ئاكا خەيرىنىساغا ئون بەش كوينى بەردى، — قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىنى ئۆزىڭىزگە ئايان. بەش كويغا مەكتەپكە بېرىۋالسىڭىز، بەش كوينى بىر ھەپتە خەج - خىراجەت قىلارسىز، بەش كوي يانچۇقىڭىزدا قالسا ئۆيگە كېلىۋالالايسىز.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، — دېدى خەيرىنىسا تۆمۈر ئاكىنىڭ كۆڭلىدىن - كۆڭگە جۇدەپ كېتىۋاتقان ياغاق چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — چوقۇم سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

## بەشىنچى باب

خەيرىنىسا مەكتەپكە كېلىپلا خورلۇققا پاتتى. ئەمەلىيەتتىغۇ ئۇنى بىرەرسىنىڭ خورلىغىنى يوق، چىرايلىق ۋە يېپيېڭى كىيىملەر بىلەن گۈلدەك ياسىنىپ كەلگەن ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ كونا كىيىم بىلەن قېلىشى ئۇنى ئاشۇنداق ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدى. ياتاقتىكى قىزلارمۇ باشقا گەپلەرنى قىلىش ھارامدەك كىيىم - كېچەكنىڭ گېپىنىلا قىلىشاتتى. بىر - بىرىنىڭ كىيىمىنى قايتا - قايتا تەرىپلەپ ماختىشاتتى.

— پاھ، سەلىمە، سەن پەرىزاتلارغا ئوخشاپ كېتىپسەن، كىيىمىڭ ئەجەب يارىشىپتۇ.

— ئانچە ئەمەستۇ.

— راست دەۋاتىمەن، ئىشەنمىسەڭ ئەينەككە قاراپ باققىنە. نەچچە پۇلغا ئالدىڭ؟

— بىر يۈز يەتمىش كويغا.

— چىرايىڭغا شۇنداقمۇ ماس كېلىدىغاننى تاللاپسەن.

— ھەي قۇندۇز، سېنىڭكىچۇ؟

— تىككۈزگەن.
— نەچچە پۇلغا تەييار بولدى دەۋاتىمەن.
— بىرەر يۈز كويغا بارارمىكىن، سىڭىلچۇ؟
— مېنىڭكىنى يۈز يىگىرمە كويغا ئېلىپ بەردى.
— سەنمۇ بوش ئەمەس جۇمۇ.
— بۇنىڭ دادىسى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن پۇل دېگەننى غازاڭدەك خەجلەيدۇ.
— نەدىكىنى، دادام دېگەن پىخسىق كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋېلىۋىدى، «بىر قۇر كىيىم ئېلىپ بەرمىسەڭ ئوقۇمايمەن» دەپ بىر يىغلاپتىكەنمەن، شۇ هامان ئېلىپ بەردى.
— ماۋۇ شەيتاننىڭ يامانلىقىنى.
— بۇمۇ بولىدىغان هۈنەركەن، ئۆگىنىپ قويساق بولغۇدەك.
— مېنىڭ دادام يىغلىمىساممۇ ئېلىپ بېرىدۇ.
— سىزنىڭ دادىڭىز يېزىنىڭ خوجايىنى بولغاندىكىن ئېلىپ بەرمىسە بولماس.
— هوي خېنىم، شۇجى دېگەنگىمۇ هۆكۈمەت پۇلنى ساناپ بېرىدۇ، مۇنداق.
— هۆكۈمەت ساناپ بەرگىنى بىلەن تۆۋەندىن كېلىدىغان سوۋغاتلارنى سانىماي ئەكېلىشىدىغاندۇ.
ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە شۇ گەپلەرنى قىلىشىپ ئۇخلاپ قالدى.

خەيرىنىسا تارتىنىپقىنا ئىشخانىغا كىردى، ئۇنى سىنىپ مەسئۇلى سائادەت مۇئەللىم چاقىرغانىدى.
— قاچان كەلدىڭىز؟
— تۈنۈگۈن كەچتە.

— كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتناشتىڭىزمۇ؟
— قاتناشتىم.
— ئائىلىڭىزنىڭ نامراتلىقى ھەققىدە ئىسپات ئەكەلدىڭىزمۇ؟
— ياق، بوغالتىرنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىگە دادۇيجاڭ تامغا ئۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى.
— ئىسپات بولمىسا ھېلىقى ئۇن كوينى قوشۇپ بەرگىلى بولمايدۇ.
— بىزنىڭ ئائىلىمىز راستىنلا نامرات، خانىم.
— بىراق ئىسپات يوق ـ دە، ئىسپات بولمىسا قۇرۇق گەپنى ھېچ كىشى ئاڭلىمايدۇ.
چۇشلۇك دەم ئېلىش ۋاقتى توشاي دەپ قالغانىدى. كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى قولتۇقلاپ سىنىپقا ماڭغان خەيرىنسا ۋاسكېتبول مەيدانىدا توپ ئويناۋاتقان توختىروزىنى كۆردى. ئۇ گارغا يېقىن كېلىپ قاراپ تۇردى. توختىروزىنىڭ پۈتۈن خىيالى توپتا بولغاچقا، خەيرىنسانى كۆرمىدى. خەيرىنسا ئۇنى چاقىرماقچى بولدىيۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. خەيرىنسا باشقا چاغدا ئۇچرىشارمەن دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىغا توختىروزى ئۇنى چاقىرىپ قالدى.
— قانداق ئەھۋالىڭىز؟
— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟
— توپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى كۆرمەپتىمەن، گەپ بارمىدى.
— باشقا گەپ يوق، ماۋۇ پۇلىڭىزنى، — خەيرىنسا قولىدا سىقىمداپ تۇرغان ئىككى كوينى توختىروزىغا ئۇزاتتى.
— نېمە دەۋاتىسىز؟
— قايسى كۈنى ماڭا بىلەت ئېلىپ بەرگەن پۇلچۇ. . .
— خىيالىڭىزدا مۇشۇ پۇلنى بەرسەم ئالىدۇ دەپ

ئويلىدىڭىزمۇ؟ نامرات بولساممۇ نامەرد ئەمەسمەن.

— ئېلىپ قويۇڭ، ھەممىمىز ئوقۇغۇچى، ئۇ كۈنى مەلىم راستتىنلا پۇل يوق ئىدى.

— پۇل يوقلۇقىنى مەن بىلگەن، بىراق ماۋۇ ئىشتىنىز پەقەت قاملاشمىدى.

— ئېلىڭ، — خەيرىنىسا ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ پۇلنى توختىروزىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويماقچى بولىۋىدى، توختىروزى ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىردى.

— ھېلى بىكار كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويىمەن، پۇلىڭىزنى ئۆزىڭىز خەجلەڭ، — توختىروزى ئارقىسىغا يانغىنىچە مەيدانغا كەتتى.

— پاھ، ئەجەب چىرايلىق قىزدىن بىرنى كەلتۈرۈۋاپسەنا، — دېدى مەيداندىكى بىر بالا تىلىنى تامشىپ، — كۆزۈڭ ھەقىقەتەن مال تونۇيدىكەن گۇي.

— توختىروزى بوش ئەمەس جۇمۇ.

— نەدىكى گەپنى قىلىشماڭلار، ئۇ دېگەن مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، — دېدى توختىروزى، — ئارىمىزدا باشقا ئىش يوق.

— يۇرتلۇق بولسا ئىش تېخىمۇ قولايلىق بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ قالايمىقان گەپلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە چىدىمىغان خەيرىنىسا مەيداندىن نېرى كەتتى.

دەرسلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈلۈشكە باشلىنىۋاتقاندا، خەيرىنىساغا نىسبەتەن ۋاقىت خېلى تېز ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئۇ دەرس، مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدا غەم - ئەندىشىدىن نېرى بولاتتى. بوش ۋاقىتلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال بولىدىغان ئىككى ئىش بار ئىدى. بىرى، دەرس ۋە مۇزاكىرە، يەنە بىرى، ئائىلىسىگە قايتىش. مەكتەپ ئىچىدە بىكار يۈرگەن

ۋاقىتلار، ياتاق تۇرمۇشى ھامان ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر خىل روھىي ئازاب. چۈنكى ئۇنى ساۋاقداشلىرى كۆزگە ئىلمايدۇ. ياتاق، ئاشخانىلاردا قەستەنگە ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئاتىسى ئەزان چىللاپ قويغان مۇبارەك ئىسمىنى چاقىرماي، «گۆشكە ئۈچ خېنىم» دەپ جېنىغا تېگىدۇ. بۇنداق چاغلاردا خەيرىنىسانىڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق. ئۇ كۆپ ھاللاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىنى ئەسلەيتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن ھازىرقى ساۋاقداشلىرىنى سېلىشتۇراتتى. ئۇ چاغدىكى ساۋاقداشلىرى باشقىلارنىڭ كىيگەن كىيىمىنىڭ يېڭى ـ كونىلىقىغا، پۇلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئەمەس، دەرسلەردىكى قابىلىيىتىگە، تىرىشچانلىقىغا، نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلاتتى. دەرستە ياخشى، تىرىشچان بالىلارنى ھەممىسى ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتا ئۇلار ياماق سېلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك ئىدى. بىر ـ بىرىدىن سىر يوشۇرىدىغان، گەپتە چېقىشۋالىدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىشمايتتى. خەيرىنىسا شۇ چاغدا مەكتەپ بويىچە ئەلاچى بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارمۇ خۇددى ئۆز سىڭلىسىدەك ئەتىۋارلايتتى.

خەيرىنىسا ئويلىغانسېرى خىيالى تېخىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

مەكتەپ مۇدىرى ھەپتىسىگە تۆت سائەت ماتېماتىكا دەرسى ئۆتەتتى. سىنىپتا مەشىق ئىشلەۋېتىپ بىر ھېسابنىڭ نەتىجىسىنى ھېچقايسى ئوقۇغۇچى توغرا چىقىرالمىدى. مۇدىرمۇ دېلىغۇل بولۇپ قالدى بولغاي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلەپ كېلىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇقلا قالدۇردى. توغرا ئىشلەپ كەلگەن

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىغا بىر گاڭبى، ئىككى خاتىرە بېرىلىدىغان پەۋقۇلئاددە تاپشۇرۇق ئىدى. خەيرىنىسا ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بۇ ھېسابنى ئىشلەشكە زادى پۇرسەت چىقىرالمىدى. ۋاقىت قىستاپ كېلىۋاتاتتى. يەكشەنبە كۈنى كەچتە خەيرىنىسا بەش قوينى ھەيدەپ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگالغا باردى. بۇ، تاپشۇرۇقنى ئىشلەش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى، شۇنداقلا كەتكۈزۈۋەتسە بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. خەيرىنىسا شىۋاقلىقتا ئوتلاۋاتقان قويلارنىڭ يېنىدىكى ئېگىز قاشادا ئولتۇرۇپ ھېسابنى ئىشلەشكە كىرىشتى. ھېساب خېلىلا مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنداق قىلىپمۇ، مۇنداق قىلىپمۇ توغرا ئىشلىيەلمىدى. ئىشلەش ئۇسۇلىنى تاپالمىغانسېرى تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى خەيرىنىسا بىلمەيلا قالدى. خەيرىنىسا ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. چۈنكى، ھېسابنى توغرا ئىشلەش ئۇسۇلىنى تېپىۋالغانىدى. ئۇ ھېسابنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى يېزىۋاتقاندا، نۇرنىساخان ئاچىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. خەيرىنىسا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ تاپشۇرۇق بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالغانىدى. خەيرىنىسا ئىنس ـ جىن يوق شىۋاقلىقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ دەپتەرنى يانچۇقىغا سېلىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قويلار قېنى؟

شۇ چاغدىلا خەيرىنىسا ئۆزىنىڭ جاڭگالغا قوي باققىلى كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمما، يېقىن ئەتراپتا بىرمۇ قوي كۆرۈنمەيتتى.

— ھازىر مەشەدە بار ئىدى، — دېدى خەيرىنىسا ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ.

— سىنى مەكتەپتىن بىر كۈنمۇ ئېلىپ قالمايمىز، دەم

ئېلىش كۆنلىرى ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ مەكتەپتە يېزىپ بولالمايدىغان شۇنچە كۆپ خەتمۇ ئۇ؟

— . . .

— ماڭە ئۆيگە، — ئانا بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— قويلارنى. . .

— قويلار سەندىن ئەقىللىقكەن، ئاللىقاچان ئۆينى تېپىپ باردى.

خەيرىنىسا ئۆيگە كەلگەندە قويلار قوتاندا ئىدى. ئۇنىڭ ھويلىغا كىرىشى بىلەن بىر قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن ئاق قوي مازاق قىلغاندەك مەرەپ قويدى.

دۈشەنبە كۈنىدىكى ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ماتېماتىكا ئىدى. ۋاقىتنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن «مۇكاپاتنى كىم ئالار» دېگەن سوئال ھەممە كۆڭۈللەرنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋەتتى. مۇدىر كىرىپلا تاپشۇرۇقنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرگىلى تۇردى. سىنىپ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ، مۇدىر قايسى پارتىنىڭ ئالدىغا بارسا، ھەممە كۆزلەر شۇ ياققا تىكىلەتتى، كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقى تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ توغرا جاۋاب يوق ئىدى. نۆۋەت خەيرىنىساغا كەلدى. خەيرىنىسا ئىشەنچ بىلەن دەپتىرىنى ئېلىپ ھېسابىنى مۇدىرغا كۆرسەتتى. ھېسابنىڭ يوللىرىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈۋاتقان مۇدىرنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى.

مۇدىر ئۈنىڭغا باركاللا ئوقۇدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزاق ماختاپ، ۋەدە قىلغان مۇكاپات بۇيۇمنى شۇ ھامان خەيرىنىساغا بەردى.

خەيرىنىسا ھەرقاچان ئاشۇ كۈنلىرىنى ئويلىسا، ئوتتۇرا مەكتەپكە، بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ئارىسىغا قايتقۇسى كېلەتتى. ئەمما، قانداقمۇ قايتقىلى بولسۇن، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىنى قانداق تاپقىلى بولسۇن!

تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتنى ئارقىغا قايتۇرۇش مۇمكىنمۇ. . .

خەيرىنىسا دەپتەر ـ كىتابلىرىنى ئېلىپ سىنىپقا كىردى. سىنىپ ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ھېچقايسى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش قىلغۇسى يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەتلىرى مۇزاكىرە ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈپ كىرگەندە، سىنىپ ئىچى بىردەمگىنە تىنچلاندىيۇ، بەش مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تەرتىپ يەنە بۇزۇلدى. ئالدى تەرەپتە تۆت ـ بەش قىز كالىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ پاراڭغا چۈشكەنىدى. قايسىدۇر بىرى سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. خەيرىنىسانىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان دوگىلەك، بودۇر چاچ ئوغۇل بالا يانچۇق ئۈن ئالغۇسىنىڭ تىڭشىغۇچىنى قۇلىقىنىڭ كانارىغا پاتۇرۇپ قويۇپ ناخشا ئاڭلاۋاتاتتى. ئىككى ئوغۇل تەتۈرىسىگە ئولتۇرۇۋېلىپ ئارقىسىدىكىلەر بىلەن قول قايرىشماقتا ئىدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇلارغا ھە ـ ھۇ دېيىشىۋاتاتتى. بېشىغا بادام دوپپا كىيىۋالغان ۋىجىك بىر ئوقۇغۇچى دوسكا ئالدىغا كېلىپ خەنزۇچە دەرستىن بۈگۈن ئۆتۈلگەن خەتلەرنى يېزىشنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. تويۇقسىز ئۇنىڭ دومبىسىگە بىرسى شاپتۇل ئۇرۇقچىسى بىلەن ئۇردى. ئارقىسىغا لەپپىدە بۇرۇلغانىدى، بىرنەچچە ئوغۇل قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ۋىجىك ئوقۇغۇچى ئۇلارغا كۆزىنى ئالايتىپ قاراپ قويۇپ خېتىنى يېزىۋەردى. ئەمما ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بولمىدى، بۇ قېتىم شاپتۇل ئۇرۇقچىسى ئۇنىڭ بېشىغا خېلى قاتتىق تەگدى. ۋىجىك ئوقۇغۇچى گەپ قىلمايلا قولىدىكى بورنى دوسكىغا تاراققىدە ئېتىۋېتىپ، ئۆز جايىغا ئولتۇردى.

خەيرىنىسا تېخىچە بىر ھېساب بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇ ھېلىغىچە ئىشلەپمۇ بولالار ئىدى. سىنىپنى بىر ئالغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ دەستىدىن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمىدى.

شۇ چاغدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى ئالدى تەرەپتىن پۇل يىغىپ كەلدى.

— ئىككى يۈەن تۆلەڭ.

— نېمىگە؟

— بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت VCD (ۋىسىدى) قويۇپ بېرىدىكەن، شۇنىڭغا ئىككى يۈەندىن پۇل تۆلەيدىكەنمىز.

— مەن VCD كۆرمەي ئۆگىنىش قىلىمەن.

— كۆرەمسىز، كۆرمەمسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەمما پۇل تاپشۇرۇش ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇيرۇقى.

— كۆرمىگەندىن كېيىن پۇل تۆلىمىسەمۇ بولار.

— ۋاي خۇدايىم، ئەجەب پىخسىقكەنسىز، قاچانلا پۇل تاپشۇرىدىغان ئىش چىقسا، باشقىلار كىرگەن كېچىككە كىرمەي ئادەم بىلەن تىركىشىۋاتقان.

خەيرىنىسا ئىككى كوي پۇلنى تۆلەپ بېرىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى. ئۇ ئەمدى كەچلىك مۇزاكىرىدىنمۇ بىزار بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالايمەن دەپ ئويلايتتى، ھەم مەۋسۇمنىڭ بېشىدا شۇنداقمۇ قىلالىغانىدى. مەۋسۇمنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئۇ مۇزاكىرە ۋاقتىدىن نەپ ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەكسىچە، باشقىلار ئۇنىڭدىن نەپ ئالاتتى. يانچۇقىدا خەجلەشكە كۆزى قىيماي ساقلاپ كېلىۋاتقان ئازغىنا پۇللىرىنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن يىغىۋالاتتى. خەيرىنىسا ھېسابلاپ كۆردى. مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى خېلى جىق پۇل تۆلەپ بولغانىدى. ئۇ بىرەر ھەپتىنىڭ پۇل يىغىلماي قالغانلىقى ئەسلىيەلمەيتتى. بىر ھەپتە بىر نېمە پۇلى يىغسا، يەنە بىر ھەپتە بىر نېمە پۇلى يىغاتتى. بىر ھەپتە سىنىپ ھەيئىتى يىغسا، بىر ھەپتە تۇرمۇش ھەيئىتى، يەنە بىر ھەپتىدە ئۇيۇشما ھەيئىتى يىغاتتى. بەزى

ھەپتىلىرى پۇل يىغىش نۆۋىتىنى تالىشىپمۇ قالاتتى.

خەيرىنىسا بارغانسېرى پۇلنى بەك تېجەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تولىراق كۈنىگە ئىككى ۋاخ قورۇق نان يەپ، بىر ۋاخ تاماق يەيتتى. چۈشلۈك تاماق يېسە ئاخشىمى قورۇق نان بىلەن قورسىقىنى ئالدايتتى. چۈشلۈكى قورۇق نان يېسە ئاخشىمى ئەرزانراق تاماقنىڭ ئالدىغا قاچا كۆتۈرۈپ باراتتى. چۈنكى مەكتەپنىڭ تارقىتىپ بەرگەن تاماق پۇلى ئايىنىڭ يىگىرمىسىگە تەسىرەك ئۇلىشاتتى. قۇۋۋەتلىك، ياخشى تاماق يېمەكچى بولغانلار ئائىلىسىدىن پۇل ئەكىلەتتى. بىراق خەيرىنىسا ئائىلىسىدىن پۇل ئەكىلمەيتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ھەر ھەپتىدە ئون بەش كويدىن ئۇشۇق پۇل بېرەلمەيتتى. دادىسىنىڭ قانداق قىلىپ تاپقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاشۇ ئون بەش كويىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقى قېلىپلىشىپ قېلىشۋاتاتتى.

خەيرىنىسانىڭ دوستى باھار باشقا ساۋاقداشلار بىلەن يامان ئەمەس چىقىشىپ قالدى. ئۇ دەرسلەردە خەيرىنىساغا يېتەلمىسىمۇ، خەيرىنىسادىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بەزى يەرلىرى بار ئىدى. ئۇ ئائىلىسىگە بارغاندا خەيرىنىسادەك ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقىغا قاراپ تۇرماي دادىسىنى قاقشىتىپ قەرز ئالدۇرۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيىەتتى. تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان بالىلارغا شاقىلداپ سۆزلەۋېرەتتى. شېرىن - شېكەر سۆزلەر بىلەن ياتاقتىكى قىزلارنى شامدەك ئېرىتىۋېتەلەيتتى. بىراق، خەيرىنىسا بولسا ئۆگىنىشتىن باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى.

خەيرىنىسانىڭ ئىككى ئارزۇسى بولۇپ تېخىچە بىرسىمۇ ھەل بولمىدى. بىرى چىش چوتكىسى، چىش پاستىسى سېتىۋېلىش؛ يەنە بىرى ياتاقلاردا كىيىدىغان سۆرىمە كەش سېتىۋېلىش ئىدى. بۇ ئارزۇلارنى ئۇ مەكتەپكە كېلىپلا كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ھەر

كۆنى ئاخشىمى ياتاقتىكى قىزلار چىشلىرىنى چوتكىلايتتى. پۇتلىرىغا سۇرىمە كەش كىيىپ، پاكىز يۇياتتى. بىراق، خەيرىنسا ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭ چىش چوتكىسى بولمىغاچقا، باشقا قىزلار چىش چوتكىلىغاندا خۇشياقمىسىمۇ كىتابقا قاراپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم پۇتىنى يۇدى، ئەمما چەمى تېشىلەي دەپ قالغان ئايغىنى پۇتىغا سىپىپ يۇغاچقا كارىۋاتقا چىققاندا كۆرپىسىنى بۇلغىدى.

خەيرىنسا ئائىلىسىگە بارغاندا، سىنىپىدىكى ئالۋان - سېلىقلار ھەققىدە بىرەر ئېغىز سۆز ئاچمايتتى. ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاتا - ئانىسىغا بىلدۈرمەيتتى. ئانىسى ئۇنىڭدىن «قىينالدىڭمۇ بالام» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ياق، مەكتەپتە خەجلىگىلى بەش كوي يېتىدۇ» دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

يەكشەنبە كەچلىكى ئىدى. سائادەت خانىم كۆك تاشلىق خاتىرىنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ سىنىپنىڭ ئىنتىزامى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە قىزىقىش ئەھۋالى توغرىسىدا بىردەم سۆزلىگەندىن كېيىن «شىنجاڭ ياشلىرى» ۋە «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ گېپىنى چىقاردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەممە باللار «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغاندىن سىرت، قىزلار بىر نۇسخىدىن «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشى شەرت ئىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇچىلارنى غەم باستى. ھەممىدىن بەك بىچارە خەيرىنسانىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. بىر ژۇرنال ئۈچۈن يىگىرمە كوي، ئىككى ژۇرنال ئۈچۈن قىرىق كوي كېتەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۈگۈن ئائىلىسىدىن ئېلىپ كەلگەن پۇللىرى شاراقلاپ سانالغىلى تۇردى. بەزىلىرى ساندۇقتىن پۇل ئەكېلىش ئۈچۈن ياتاقلىرىغا يۈگۈردى. بۇ خىزمەتنى سىنىپ

ھەيئەتلىرى ئەمەس، سىنىپ مۇدىرى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچقايسى ئوقۇغۇچى سەۋەپ كۆرسىتەلمىدى. يېنىدىكى پۇلى يېتىشمىگەنلىرى ئۆتنە ئالدى.

— قېنى خەيرىنىسا، — دېدى سىنىپ مۇدىرى ئۇنىڭغا قاراپ، — سىزمۇ پۇل تاپشۇرۇڭ.

— مەندە ئاران بەش كويلا بار، خانىم، — دېدى خەيرىنىسا يېنىدىكى بار پۇلىنى كۆرسىتىپ، — مەن مۇشتەرى بولماي باشقا باللارنىڭكىنى كۆرۈۋالاي...

— ئەسلى سىز ياش بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن «ياشلار ژۇرنىلى»غا، قىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن «ئاياللار ژۇرنىلى»غا مۇشتەرى بولۇشىڭىز شەرت ئىدى. قىيىنچىلىقىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ بىرىنگىلا يېزىپ قويايلى، يىگىرمە يۈەن تاپشۇرۇڭ.

سىنىپ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. ھەممە كۆزلەر خەيرىنىساغا تىكىلگەنىدى. خىجىللىق دەستىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولغان خەيرىنىسا سىنىپ مۇدىرىغا قايتا يېلىندى.

— ئەمىسە ماۋۇ بەش كوينى ئېلىپ قويسىلا، خانىم. قالغىنىنى كېلەر ھەپتە ئۆيگە بارغاندا ئالغاچ كېلەي.

— بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم ئەمەس، ئۇكام، — دېدى سىنىپ مۇدىرى قاپىقىنى سۈزۈپ، — ھېلىمۇ سىزگە ئېتىبار قىلدۇق. يانچۇقىڭىزدا بولمىسا باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس باھالاش بار. بىزنىڭ سىنىپ ئارقىدا چىقىپ قالسا قاملاشماس.

خەيرىنىسا گەپ قىلماي قاراپ تۇرىۋەردى.

— قېنى قايسىڭلار خەيرىنىسا تۆمۈرگە پۇل قەرز بېرىپ تۇرالايسىلەر؟ — سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى سەپسالدى.

— مەن بېرىپ تۇراي، — يۈزلىرىنى دانىخورەك بېسىپ

كەتكەن بىر ئوقۇغۇچى يانچۇقىنى كوچىلاپ سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ خەيرىنسا سىنىپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلا ئەمەس، قەرزدار ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئائىلىسىگە بارغاندا دادىسىغا دېمەكچىمۇ بولدىيۇ، يەنە ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىنى، دادىسىنىڭ جاپالىق ئىشلەپ يۈرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېغىزىدىن چىقىرىشقا خىجىل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۆيدىن ھەر ھەپتىدە كۆتۈرۈپ كېلىدىغان، ئۆزگەرمەس تۆمۈر تاۋاقتا ئايلىنىپ قالغان ئون بەش يۈەننىڭ بەش يۈەننى قەرز تۆلەپ ئۈچ ھەپتىدە ئۈزۈپ بولدى.

## ئالتىنچى باب

مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئىمتىھان ۋاقتى يازمىچە ئۇقتۇرۇش قىلىندى. ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپلا ئوقۇغۇچىلار خۇددى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك سەگەكلىشىپ كەتتى. مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدا بىكار پاراڭ قىلىشىپ، ناخشا توۋلاپ، كۇلۇشۇپ ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدىغانلار يوق ئىدى، ھەممىسى دەپتەر، كىتابلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۈن - تىنسىز ئوقۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇرۇن دەرسكە تولۇق قاتناشمايدىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنىڭ غېمىدە تىپىرلايتتى.

ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چۆيۈن مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. سىنىپ باشلىقى قۇربان يوتقاندىن قولىنى چىقىرىپ ئۇخلىسىغا يېتىپ كونسپېك دەپتىرىنى كۆرمەكتە ئىدى. دەل شۇ چاغدا ياتاققا كىرىپ كەلگەن غېنى قۇربان بىلەن چېقىشتى.

— مۇنداق جاپا تارتقۇچە ئۇخلىساڭ بولمامدۇ؟
— نېمە؟ «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك ئارتىپتۇ» دېگەندەك، بىز ئىمتىھاننىڭ قورقۇنچىسىدا قالساق غېمىڭىزدە يوق گەپ قىلىسىنا، بىر - ئىككى كۈندە ھەممىنى بىلىپ بولدۇڭمۇيا؟
— بىلىپ بولدۇم.
— پو ئاتمىغىنا، شۇنچە كۆپ دەرسنى بىلىپ بولالامتىڭ، — دېدى ئاستىنقى كارىۋاتتا كىيىملىرىنى سېلىۋاتقان سىمىز بالا لوقما سېلىپ.
— دەرسلەرنى بىلىپ بولالماساممۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىپ بولدۇم.
— قانداق بىلدىڭ ئاداش؟ بىزگىمۇ دەپ بەرگىنە.
— بۇ مەخپىي.
— ھەي، ھەي! گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ قىز بالىدەك ئەركىلىمەي، گەپنى ئوچۇق قىلە.
ھەممەيلەن بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ غېنىنى گەپ قىلىشقا قىستىدى.
— كونا سىنىپتىكى بالىلارنىڭ دېيىشىچە، — دېدى غېنى ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىرەر رېستورانغا باشلاپ راسا بىر مېھمان قىلساق، ئىشىمىز ھەل بولغۇدەك.
— يارايسەن ئاداش، — دېدى قۇربان يوتقان ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، — كونىلاردا «قولنى يۇساڭ، قول قويۇپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ پىلان ناھايىتى ياخشى بولدى.
— پۇلنى نەدىن تاپارمىز؟ — دېدى يەنە بىر ئوقۇغۇچىمۇ يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ قوپۇپ.
— ئۇنىڭ ئامالى ئاسان، — قۇربان چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ

كارىۋاتتىن چۈشتى ـ دە، قىزىل سۇلياۋ داسىنى بىر تېپىك بىلەن كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ ھەممەيلەن يىغىش قىلىپ جەملەيمىز.

ـــ خانىم بىلىپ قالسىچۇ؟

ـــ خانىمغا سەزدۇرمەيلى، يولىمىزنى توسۇپ قويسا ئىشنىڭ سۇغا چىلاشقىنى شۇ.

ـــ ئاۋۋال خانىمنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزەيلى، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى رېستورانغا چىللىساق، خانىمنى ئايرىپ قويغىلى بولماس.

ـــ ھەي ئاغىنىلەر، مېنىڭچە رېستورانغا چىللىمايلى.

ـــ نېمىشقا؟

ـــ رېستوراندا قىلغان ئىش دېگەننىڭ مەخپىيەتلىكى بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى رېستورانغا خەجلەيدىغان پۇلغا باشقا نەرسە ئېلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيىگە ئاخشىمى غىپپىدە كىرگۈزۈۋەتسەك ئوبدانراق بولارمىكىن دەيمەن.

ـــ راست، بۇ پىلان مۇۋاپىقراقكەن.

ـــ ماۋۇ گەپ ياتاقنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىسۇن جۇمۇ، ئاغىنىلەر، ـــ دېدى قۇربان ھەممە كارىۋاتتىكىلەرگە تەكشى قاراپ، ـــ كىمىكى سىرتتا دەپ يۈرىدىكەن، بىزدىن ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.

ھەممەيلەن تېپتىنچ مۇزاكىرە قىلىشۋاتاتتى. قۇربان دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ دىققەتكە چاقىردى.

ـــ ساۋاقداشلار، بۇياققا قاراڭلار! ئوقتۇرىدىغان ناھايىتى مۇھىم گەپ بار.

قۇرباننىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ياتاقداشلىرىنىڭلا كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى. باشقىلارمۇ قۇربانغا قارىدى.

ـــ بۇ مەكتەپكە كەلگىنىمىزدىن بىرى ئوقۇتقۇچى ـ

ئۇستازلار ئىلىم ـ پەن دۇردانىلىرى بىلەن دىل خەزىنىمىزنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇلارنىڭ ئەجرىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇش بىز ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان پەرھىزدۇر. شۇڭا، بىز مەۋسۇم ئاخىرلاشقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھال سورىماقچى.

خەيرىنىسانىڭ كۆڭلىگە يەنە ئەندىشە كىرىۋالدى، ئۆزىگە ئىلىم ـ مەرىپەت ئاتا قىلغان قەدىردان ئۇستازلارغا ئىخلاسى ھەممىدىن چىڭ ئىدى. ئۇلاردىن ھال سوراشنى قوللايتتى. بىراق، ھال سوراش دېگەننى چىرايلىق گەپلەر بىلەن، قۇرۇق چاۋاك بىلەن ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ ـ دە.

— بەك كۆپ يىغساقمۇ ساۋاقداشلارغا ئېغىر كېلىدۇ، — قۇربان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تۆۋەن چەك ئون يۈەن بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق تاپشۇرىدىغانلار چىقسا تېخى ياخشى، ئەمما ئون كويدىن كەم تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئىشقا قارشى پىكىر بارمۇ؟

— يوق!!! — قۇرباننىڭ ياتاقداشلىرى سىنىپنى ئۆرۈۋەتكۈدەك يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاشتى.

قۇربان گېپىنى توگىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا تونۇش بولغان، ئالدىغا كۆتۈرۈپ كەلگەن ھامان يۈرىكى جىغىلدايدىغان كۆك تاشلىق خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ پۇل يىغىشقا باشلىدى.

خەيرىنىسا بۇ قېتىم پۇلنى قاقشىمايلا تاپشۇردى. لېكىن دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھەرقانچە قاتتىق ئازابلانسىمۇ باشقىلار ئالدىدا دادلاشنى خالىمايتتى. ئۇ يەنە ئۆيگە قايتىشنىڭ غېمىگە چۈشتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى بار ـ يوق پۇلى توگىگەندى. مەۋسۇمنىڭ بېشىدا بايرامغا قويۇپ بەرگەندە كېتەلمەي قېلىشنىڭ غېمىگە چۈشكەن بولسا، ئەمدى تەتىلگە قويۇپ بەرگەندە قانداق كېتىشنىڭ غېمىنى قىلىدىغان بولدى.

ئۇ چاغدا يېرىم يولنىڭ پەقەت «قوشماق تاغ» دىن ئۆيىگە



www.uyghurkitap.com

بىرنۆۋىلىشىنىڭ غېمىنى يېگەن بولسا، ئەمدى مەكتەپتىن ئۆيىگە بارىدىغان پۈتۈن يولىنىڭ غېمىنى يېمەي بولمايتتى. شۇنچە يولنى پىيادە بېسىپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ . خەيرىنىسا كونسپېكلىرىنى ھەرقانچە كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغاندەك قىلسىمۇ ئۆيگە قايتىشنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى ئۇستىگە قاچاتتى. .

شۇ ئاخشىمى قۇربانلارنىڭ ياتىقىدا يەنە مەسلىھەت بولدى. باشقا ياتاقتىن ئۆگىنىش باشلىقى بىلەن تۇرمۇش باشلىقىمۇ كىرگەندى.

— بىر قۇردىن سارجا ئالايلىمىكىن.

— قويە سارجاڭنى، بۇ كۈندە كىم سارجا كىيەتتى؟

— ئەمىسە نېمە ئالساق بولار؟

— پوپايكا، ھازىر سوغۇقمۇ تازا بولۇۋاتىدۇ. ياخشى پوپايكىدىن بىردىن ئالىدىغان بولساق، يۈز نومۇر ئالغىنىمىز شۇ.

— پوپايكىنىڭ ياخشىراقىدىن ئالايلى دېسەك، بەك قىممەت. ناچارراقىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارغىلى بولمايدۇ .

— كىم ـ كىمگە ئالىمىز؟

— ھازىر بىزگە يەتتە پەن ئۆتۈۋاتىدۇ. سىنىپ مۇدىرىمىزنى قوشقاندا سەككىز بولىدۇ. يىغىلغان پۇل تۆت يۈز كوي.

— ئۇنداقتا ھەربىر ئوقۇتقۇچىغا ئەللىك كويدىن توغرىلىساق بولىدىكەن.

— مەن پوچتىخانىنىڭ يېنىدىكى ماگىزىننىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر چامادان كۆرگەن. باھاسى دەل ئەللىك كوي ئىدى.

— رەڭگىچۇ؟

— رەڭگى ھەرخىل، خۇددى تۆمۈردەك قاتتىق،

چاققانغىنىدا.

— ئەمىسە شۇنى ئالامدۇق؟

— بولدى، مەسلىھەتنى كۆپ قىلماي شۇنى ئالايلى.

سىنىپتا خېلى ئۇزاق ئۆگىنىش قىلىپ ياتاققا قايتقان خەيرىنىسا ياتاق ئىچىدە ئۆزى توغرۇلۇق بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىدىلا توختاپ قالدى.

— بۇ خەيرىنىسا دېگەن بىرنېمە بىلەن بىر ياتاقتا بولۇپ قالغىنىمغا ئەجەب تويدۇم.

— مەنمۇ شۇ، ياكى ئادىمىگەرچىلىكىنىڭ تايىنى يوق، ھە دېسىلا كىتابنى قولتۇقلاپ سىنىپقا ماڭغان.

— راستىنى دېگەندە، خەيرىنىسانىڭ قاپاق كاللىسى دەرسكە ئىشلىگەن بىلەن باشقا ئىشلارغا پەقەت ئىشلىمەيدۇ.

— خانىمغا دەپ كېلەر مەۋسۇم ئۇنى باشقا ياتاققا قوغلىۋېتەيلى.

— خۇدا ئۇنىڭغا ئاشۇ چىرايىنى ئادىشىپ بېرىپ سىپتىكەن. ئۇنىڭدىكى قاش-كۆز مەندە بولسىچۇ.

— قويە ئاداش، سېنىڭ قاش-كۆزۈڭمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. بولمىسا يانچۇقۇڭغا ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەت خەتلىرى توشۇپ كېتەمتى.

— شۇنى دېگىنە، ئۇ ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ قايسى ئوغۇل قارايتتى؟ ئوغۇللارمۇ ئۇنداق پىتلىق جەندىگە يۆگىنىپ يۈرىدىغان نېمىگە نەزەرىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

قولتۇقىغا كىتاب قىستۇرۇۋالغان خەيرىنىسا شەپىسىز تۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتقاندا، كارىدوردىن قايسىدۇر بىر ئىشىك غىچچىدە ئېچىلدى. خەيرىنىسا چاندۇرمايلا ياتاققا كىردى، ئۇ چاندۇرمايمەن دېگىنى بىلەن كۆزلىرى چاندۇرۇپ قويغانىدى. ياتاق ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. قىزلار بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر-بىرىنى شەرەتلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— يۇرۇڭلار، خانىمنىڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەيلى، مۇنداق گۆردەك ياتاقتا سىقىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەي.

— راست، شۇنداق قىلايلى.

ياتاق ئوبدانلا ئىسسىغانىدى. قايسى بىرىنىڭ ھېلىلا يۇيۇپ ئېسىپ قويغان تەنتەربىيە كىيىمىدىن چېپىلداپ سۇ تېمىپ تۇراتتى. خەيرىنىسا كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىنىدىن ئەمەس، تونۇگۇن كەچتىكى ئون يەن ئۇچۇن يۈرىكى تېخىچە ئېچىشاتتى. «ئىسىت، ئەمدى ئۆيگە قانداق كېتەرمەن. . . خانىمغا دېسەم بەش كوي قەرز بېرىپ تۇرارمۇيا، ھازىر بىردىنبىر ئامال شۇ. قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن خانىمدىن بەش كوي ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ. . . خەيرىنىسا كارىۋاتتىن چۈشۈپ كىيىمىدىن سۇ ساقىۋاتقان يەرگە قويۇپ قويۇش ئۇچۇن داس ئىزدەۋاتقاندا، كۆڭلىگە باشقا بىر خىيال كىرىۋالدى. باياتىن ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان شەرۋانە ئىسىملىك قىزنىڭ ساندۇقىنىڭ قۇلۇپى ئىلدۇرۇكلۇك تۇراتتى.

شەرۋانە ئېگىز بوي، قاپقى ئىششىق، ئىككى ئېڭىكى قوش مۇشتەك يوغان قىز ئىدى. يۈز - كۆزلىرىنى بوياپ كۆنىگە بىر نۆۋەت كىيىم ئالماشتۇراتتى. دادىسىنىڭ قايسىدۇر بىر يېزىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ سىنىپتىكى نامرات باللارنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتى. ھەممىدىن بەك خەيرىنىساغا ئۆچلۈك قىلاتتى. خەيرىنىسانى يامان كۆرۈشى خەيرىنىسانىڭ نامرات بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، چىرايلىق بولغانلىقىدا ئىدى. خەيرىنىسانىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، گۈزەل رۇخسارى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەسەت ئوتىنى يالقۇنجىتىپ تۇراتتى. بۇ ئىشلار خەيرىنىساغىمۇ ئايان ئىدى. خەيرىنىسانىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇنىڭغا شەرۋانىنىڭ ئۆزىگە ئۆچلۈكى ئەمەس، نامراتلىق سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ساندۇقتا

يېقىنلاشقان خەيرىنسانىڭ پۇت - قوللىرى تىترىپ كەتتى. ئۇ كۆكرىكىنى چىڭ قامالالپ كارىدورغا چىقتى، ياندىكى ياتاقتىن ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى. خەيرىنسا ياتاققا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەش كوي پۇل ھەريان ئۇچۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئەقلىدىن ئاداشقان سەۋدايىدەك ۋۇجۇدىدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ياۋايى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ساندۇقنى ئاچتى. سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان بىر كىلودەك ناۋات، نان - توقاچ، قىزىل گۈللۈك پاكىز لۆڭگە، خەيرىنسا لۆڭگىنى شۇنداق كۆتۈرىۋىدى، بىر سىقىم پۇل كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇ ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، ساندۇقنى گۈپلا ياپتى. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتقاندىمۇ يۈرىكىنىڭ رىتىمسىز تېخىچە ئىززىغا چۈشمىگەنىدى.

ئىمتىھاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھەممەيلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ بىردەم بىكار ۋاقتى يوق ئىدى. ھەتتا بىر - بىرىگە سالام قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايسىبىرى مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ قەغەز تەكشۈرسە، قايسى بىرى جەدۋەل توشقۇزاتتى. قايسىبىرى پەلەمپەيدىن تاقلاپ - تاقلاپ يۇقىرىغا چىقسا، يەنە بىرى تاراقشىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشەتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆگىنىش قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئەمەلىيەتتە دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشخانىسىنى مارىلايتتى. كۆزنەكلەردىن، قىيا ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن ئېھتىيات بىلەن قاراپ مۇئەللىملەر ئىشخانىدا يالغۇز قالغان ھامان غىپپىدە كىرەتتى، ئۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە دېيىشقانلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا، دەرس ئۆتكەندە كېسەل بولۇپ قېلىپ قاتنىشالمىغانلىقىنى، ئىمتىھان مەيداندا تۇيۇقسىز بېشى

ئاغرىپ كېتىپ ياخشى جاۋاب يازالمىغانلىقىنى. . . ئېيتىپ كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈردەك تۆكەتتى. بەزىلەر ئاخشاملىرى دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە سوغا ـ سالام. . . قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئىشنى ئوڭشايتتى، ئۇنداقمۇ قىلالمىغان بەزى «گالۋاڭلار» كېلەر مەۋسۇم قايتا ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇلاتتى.

ئەمما خەيرىنسانىڭ سىنىپدىكىلەر بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ئۇنداق قىلمىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپمۇ يۈرمىدى. كۆز ياشلىرىنى شەبنەم تامچىسىدەك پارقىرىتىپ يالۋۇرمىدى. ئۇلار باشتىلا ئىلىشنى توغرىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، پەقەت شەرۋانە ئىككى پەندىن لاياقەتسىز چىققاندىن باشقا، ھېچقايسىسىنىڭ نومۇرى ئاتمىشتىن چۈشمىدى. سىنىپ بويىچە يۇقىرى نەتىجە يەنىلا خەيرىنسانىڭ ئىدى.

تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ يېغىشقا باشلىغان تۈنجى قار بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كەتتى. تاشتەك قېتىپ ياتقان كەڭرى زېمىننىڭ مۇبارەك جامالى ئاستا ـ ئاستا كۆمۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. كەچكە يېقىن ئىمتىھانلىرىنى تۈگىتىپ غەمدىن خالاس بولغان باللار ئاياغلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىگە قارىماي قار سەيلىسىنى باشلىۋەتتى. نەگىلا قارىسا شادىمان باللارنىڭ خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ئويۇنلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. كاككۇكىنىڭكىدەك جاراڭلىق كۈلكىسىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. بىرنەچچە ئوقۇغۇچى قارلارنى غاراسلىتىپ دەسسەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئارچا تۈۋىدە رەسىمگە چۈشۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزىلىرى ئۈستىدە پاختىدەك ئاپئاق قار توختاپ قالغان ياپپېشىل ئارچىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ چۈشسە، بەزىلىرى قېلىن قار ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ چۈشەتتى. يەنە نۇرغۇن باللار توپ مەيداندا قار چېچىشىپ ئوينىماقتا ئىدى،

قارلارنى كاللەكلەپ بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا ئاتاتتى.
ئويۇن راسا قىزىۋاتقاندا، بويىنىغا قىزىل شارپا ئورىغان كۆل رەڭ قىسقا پەلتوسى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىر قىز قىزلار ياتاق بىناسىدىن ئوغۇللار ياتاق بىناسىغا تۇتىشىدىغان چىغىر يول بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئىككى قولىنى پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ سالماق قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان قىزنىڭ ئاياغ ئاستىدىن غىچ ـ غىچ. . قىلىپ ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىنانىڭ ئالدىدا سايىدىكى قورام تاشلاردەك يوغان قار قېتىشمىسىنى دومىلىتىپ ئويناۋاتقان ئوغۇللارغا ئون ـ يىگىرمە قەدەمچە قالغاندا توختىدى ـ دە، بىرىنى چاقىردى.
ـــ ھەي ناسىر، مەيەرگە كېلىڭا.
ئوغۇل ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركىگەچ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرى، قۇلاقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ـــ مۇئەللىمگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى، يېزىپ تەييارلاپ قويدۇم، خاپا بولماي ئاپىرىپ بېرىڭا، ـــ قىز سۆزلىگەچ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن پۈكلەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى.
ـــ ماقۇل، ـــ ئوغۇل خەتنى يانچۇقىغا سېلىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىغا قىز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.
ـــ قارلىق كەتتى! ـــ قىز توۋلىغاچ ئۆز ياتىقى تەرەپكە قاراپ قاچتى.
خەتنى ئوقۇشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن يىگىت ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن چاپتى. ئەتراپتا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ مەكتەپ سەيناسى باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى. قىز توشقاندەك چاققانلىق بىلەن قاچاتتى، يىگىت ئوۋ ئىتىدەك چەبدەسلىك بىلەن قوغلايتتى. ئارىلىق



www.uyghurkitap.com

:

بارغانسېرى يېقىنلاشقىلى تۇردى. ياتاقلاردا بىرمۇ بالا قالماي ھەممەيلەن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى، قىزلار ياتىقى تەرەپتىن: «تېز قاچ، چاپسان يۈگۈر! . . .» دېگەن ئاۋاز كەلسە، ئوغۇللار ياتىقى تەرەپتىن: «تېز قوغلا! تۇت! » دېگەن ئاۋاز كېلەتتى. ھېچنەرسىگە قارىماي قېچىۋاتقان قىز شارتتىدە تېيىلىپ دۈم چۈشتى. ئەتراپتىكى قىيقاس ـ چۇقان تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

بىر دەمدىن كېيىن مەكتەپ بويىچە قارلىق تاشلاش باشلىنىپ كەتتى. بىر ئوقۇغۇچى يەنە بىر ئوقۇغۇچىغا، بىر ياتاقتىكىلەر يەنە بىر ياتاقتىكىلەرگە، بىر سىنىپنىڭ بالىلىرى يەنە بىر سىنىپنىڭ بالىلىرىغا قارلىق تاشلايتتى. خۇددى باشقىلارغا قارلىق تاشلىمىسا چوڭ بىر خاتالىق يۈز بېرىدىغاندەك ھەممەيلەننىڭ قولىدا، ياكى يانچۇقىدا قارلىق خېتى بار ئىدى. قىسقىسى ئاسماندىن قار ئەمەس، قارلىق يېغىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

خەيرىنسا توختىروزىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ ياتاقتىن چىقتى. ئۇ توختىروزىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى.

ـــ قىشلىق تەتىلدە نېمە ئىش قىلىسىز؟ ـــ سورىدى توختىروزى ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قىز تەرەپكە ئاستا سىلجىپ.

ـــ سوغۇقتا نېمە ئىش قىلاتتىم، ئانامنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ دەرس تەكرارلارمەن.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ يېقىن كېلىپ قالغانىدى. توختىروزى خەيرىنسانىڭ يانچۇقىغا بىر پارچە خەتنى قىستۇرۇپ قويۇپلا قاچتى. ئۇلارغا ھېچ كىشى دىققەت قىلمىدى. توختىروزى قېچىپ كېتىۋاتقاچ «قارلىق كەتتى» دەپ پەسرەك توۋلاپ قويدى. ھودۇقۇپ كەتكەن خەيرىنسا بىر قولىدا خەتنى تۇتقان پېتى يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان توختىروزىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىر پەس تۇرۇپ قالدى.
— ساڭمۇ قارلىق كەپتىمۇ؟
خەيرىنىسا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ يېنىدا باھار بىلەن شەرۋانە قاراپ تۇراتتى.
— ئەكىلە، كۆرۈپ باقاي.
خەيرىنىسا خەتنى باھارغا بەردى.
— ۋۇي، بۇ سالام خەتكەنغۇ.
خەيرىنىسانىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ باھارغا قارىدى. باھارنىڭ چىرايىدىن يالغان سۆزلىگەنلىكى ئەمەس، راست گەپ قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— ئەكىلە يالغان گەپ قىلماي، — خەيرىنىسا خەتكە ئېسىلىپ.
باھار خەتنى خەيرىنىسادىن قاچۇرۇپ نېرى تارتىۋىدى، شەرۋانە شارتتىدە ئېلىۋالدى. ھەمدە ئىككى تاقلاپ ئۇلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ خەتنى ھەييارلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.
«قەدىرلىك خەيرىنىسا، ئىككىمىز بىر يەردە تۇرۇپمۇ ئىشقىمىزدا كۆيگەن يۈرىكىمنىڭ پىنھان سىرلىرىنى ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي، خەت ئارقىلىق ئىزھار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم...»
خەيرىنىسا يۈگۈرۈپ كېلىپ خەتكە ئېسىلدى. شەرۋانە بىر قەدەم قاچتى. بۇ ئارىدا خەيرىنىسا خەتنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ راستتىنلا قارلىق خېتى ئەمەس، مۇھەببەت خېتى ئىدى. خەيرىنىسا يۈزىنى چاڭگاللىغان پېتى ياتاققا قاراپ قاچتى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ ئىش سىنىپ بويىچە ھەممەيلەننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولدى. شەرۋانە بىلەن باھار ياتاقمۇ ياتاق قاتراپ يۈرۈپ «قارلىق»نى ھەممەيلەنگە كۆرسەتكەنىدى. خەيرىنىسانىڭ «گۆشكە ئۆچ خېنىم» دېگەن لەقىمى «قارلىق خەت» كە ئالمىشىپ ئۈلگۈردى.

— ئەجەب پۇختا باللار باركىنا،— دەيتتى شەرۋانە كارىۋات ئۇستىدە يىغلاپ ياتقان خەيرىنساغا قەستەن ئاڭلىتىپ،— خەتنىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ يېزىپتۇ. ئۇ بالىنى سەن تونۇمسەن باھار؟

— تونۇيمەن، بىز بىر يەرلىك.

— خېلى قاملاشقان بالىمۇ؟

— يامان ئەمەس.

— ئەتە ماڭا كۆرسىتىپ قويغىنا.

مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئەخلاق باھالاشقا ئۇلگۇرۇپ يۈز بەرگەن بۇ ئىش بەزى ساۋاقداشلارنىڭ خەيرىنسادىن ئۆچ ئېلىشىغا، سىنىپ مۇدىرى ئالدىدا ئۆزىنى تازا بىر كۆرسىتىۋېلىشىغا تۇتۇرۇق بولۇپ بەردى. خەيرىنسا نېمە يېزىلغانلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئاشۇ بىر ۋاراق «قارلىق» خەت تۇيەيلىدىن ئاز بولمىغان ئاھانەتلەرنى ئاڭلىدى.

— خەيرىنسا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزىنى يۇمۇپ يۈرسە ھېچقانداق ئىش يوق دەپتىمىز، ئەمەلىيەتتە «مياڭلىمايدىغان مۇشۇك تۆت سەر گۆشنى زىيادە يەپتۇ» دېگەندەك، ئىشنىڭ چوڭى مۇشۇنىڭدىن چىقتى. مەن بۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا بولۇپ قالغىنىمغا قاتتىق نومۇس قىلىۋاتىمەن،— دەيتتى شەرۋانە يامان ئەلپازدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،— ئۇ بالا بىلەن قاچاندىن بېرى مۇناسىۋەت ئورناتقان؟ ئوتتۇرىدا نېمە ئىشلار يۈز بەرگەن؟ بىرنىمۇ قالدۇرماي دېسۇن!

— ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى،— دېدى خەيرىنسا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ،— «قارلىق» دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويىۋىدى، ئاپتىمەن. قالايمىقان خەتلىكىنى بىلگەن بولسام ئالمايتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللار خەت بەرسە ھەرگىز ئالمايمەن.

— ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغانغا بولامدىكەن؟—

www.uyghurkitap.com

دېدى خەيرىنسانىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان قارا شەپكىلىك بالا ــ ھەممە مەسىلىنى تولۇق تاپشۇرمىسا بولمايدۇ.

ــ دىققەت قىلىڭلار! ــ دېدى سىنىپ مۇدىرى ئاربىغا چۇشۇپ، ــ سىنىپىمىزدا راستتىنلا ئىشەنچ قىلغان تاغدا كېيىك ياتماپتۇ دېگەندەك ئىش يۈز بەردى. ئەمما، مەن بۇ خەتنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ئىككىلى تەرەپتىن تەكشۈرۈپ باقتىم. ھازىرچە چوڭ مەسىلە سادىر بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلمىسا، مەن خەيرىنسا تۆمۈرنى دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى دەپ ئاياپ ئولتۇرمايمەن. سىلەرنىڭ تېخى ئىككى يېرىم يىللىق ئوقۇشۇڭلار بار. بىر مەۋسۇم بولا ـ بولمايلا يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتسەڭلار، ساق ـ سالامەت ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيسىلەر. شۇڭا، سىنىپىمىزدىكى ھەممە ساۋاقداش بۇ ئىشتىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىپ كاللاڭلارنى سەگەك تۇتۇڭلار!

سىنىپ مۇدىرىنىڭ گېپىدىن كېيىن ھېچ كىشى گەپ قىلمىدى. شەرۋانە خەيرىنساغا قاراپ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ئوغۇلمۇ خەيرىنساغا تۆگىمەس قورساق كۆپۈكى باردەك چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

## يەتتىنچى باب

خەيرىنسا ھەر قېتىم مەكتەپتىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە كۆڭلى يايراپ كېتەتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى. نۇرنىساخان ئاچىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشقانىدى. مەشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ، ئۆي ئىچى خېلىلا سوۋۇپ كەتكەن، ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرى تىتىلغان ئاق كىگىز نېپىز بىر قات توپا ئاستىدا قالغاچقا، چوڭ ـ كىچىك

ئاياغ ئىزلىرى قەغەزگە بېسىلغان مۆھۈردەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەكيىنىڭ يىرتىقىدىن چېچىلغان سامان توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن، يېرىمدالغان بىر كاسا تاۋۇزنىڭ ئىچىدە دەستى ئۆزۈنغىنا تۆمۈر قوشۇق تۇراتتى. ئانىغا كونىرىغان قىزىل يوتقان، يوتقان ئۈستىگە تاشلانمىغان ئاق جۇۋا يېپىپ قويۇلغانىدى. تېنى بۈرۈنقىدىن بىلىنەرلىك كىچىكلەپ كەتكەن ئانا يوتقان ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

— قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ، ئانا؟ — خەيرىنىسا تەكيىنىڭ بېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

— خەيرىنساخانمۇ سىز؟ — ئانا چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى.

— مەن خەيرىنىسا، ئانا.

— يولىڭىزغا قاراۋاتقىنىمىزغا بىر ھەپتە بولدى، بالام، — ئانا ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، ئۆرە بولالمىدى، — تىنچ ئامان تۇردىڭىزمۇ؟

— مەن ساق تۇردۇم، ئانا، — خەيرىنىسانىڭ گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك بولۇپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى، — بىراق سىز يېتىپ قاپسىز.

— خۇدا سالغان كېسەلگە ئامال يوقكەن، بالام.

— قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

— بېشىم ئاغرىيدۇ. بەك قاتتىق ئاغرىيدۇ. بىردەم قويۇپ بېرىدۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە. . . — ئانا ھاسىراپ يۆتىلىپ كەتتى.

دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇستەھكەم نەرسىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياكى رەڭگى ئۆچىدۇ، ياكى ئۇپرايدۇ، ياكى چىرىيدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى كۈنسېرى كۈچىيىپ، روشەنلىشىپ بارىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئوتكى، ئۇنىڭ تەپتىنى پەقەت ئاتا ـ ئانا بولۇپ باققان كىشىلەرلا

ھېس قىلالايدۇ. نۇرنىساخان ئاچا كېسەل ئازابىدا قىينىلىۋاتقاندىمۇ خەيرىنسانى يادىدىن چىقىرالمىدى، ئۇ ئەھۋالىدىن بەكرەك خەيرىنسانىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلدى.

— ئۆي بەك مۇزلاپ كېتىپتۇ، ئانا، مەن مەشكە ئوت قالاي، — خەيرىنسا مەشنىڭ ئالدىدىكى كونا داسنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. خەيرىنسانىڭ كۆڭلى ئاجايىپ پەرىشان ئىدى. ئۇ سوقما تامنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قوناق مەدىكىنى داسقا ئېلىۋاتقاندا، ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— ئاھ شەپقەتلىك ئاللا، مۇشۇ بىچارە ئانامغا سالغان كېسەلنى ماڭا سالساڭ بولماسمۇ، ئانام ئائىلىمىزنىڭ چىرىغى ئىدى. پۈتۈن بىر ئائىلە ئاشۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا ياشاپ كەلگەندۇق، ئەمدى سەن بۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ بىزنى مەڭگۇ قاراڭغۇدا قويماقچىمۇ؟...

مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، ئۆي سەل ئىللانلاشتى. ئانا ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ تەكيىدىن بېشىنى كۆتۈردى.

— ئورنىڭىزدىن قوپامسىز، ئانا؟

— بىردەم ئولتۇرايمىكىن، بالام، سىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

— ماقۇل ئەمىسە، — خەيرىنسا ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ جۇۋىنى كىيگۈزدى - دە، مەشكە يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئانىنىڭ تەمەچتەك بولۇپ قالغان ئاپئاق بىلىكىنىڭ تېرىسى ئورۇقلۇقتىن لىپىلدايتتى.

— دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىمۇ؟

— ئاپاردى بالام، ئۇ دوختۇرلار ياتاقتا ياتسۇن دەيدىكەن. پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا ياتاقتا ياتقۇزۇشنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەن.

— يېتىپ داۋالانسىڭىز بولمامدۇ، ئانا؟

— يېتىپ داۋالانسا، بەك جىق پۇل كېتىدىكەن. بىزدە ئۇنچىۋالا جىق پۇل نەدە دەيسىز، بالام.

خەيرىنىسا ئانىسىغا يەنە بىر نۆۋەت سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئانىسىنىڭ چاچلىرىنى تولۇق ئاقارتىپ بولغانىدى. چىرايىدىكى قورۇقلارمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. ئىمتىھاننىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئۈچ ھەپتىدىن بېرى ئۆيىگە قايتالمىغان خەيرىنىسا ئانىسىنىڭ بۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغىنىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە «مەن ئوقۇيمەن دەپ ئاتا - ئانامنى جاپاغا قويدۇم، كېسىلىنىمۇ كۆرستەلمىگۇدەك دەرىجىدە قەرزگە بوغۇۋەتتىم. دۇنيادا مەندەك ۋاپاسىز پەرزەنتمۇ بولامدۇ» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئانىسىنىڭ يېتىپ قېلىشىدىكى سەۋەبنى باشقا يەردىن ئەمەس، ئۆزىدىن ئىزدەيتتى.

— نېمە يىگۇڭىز بار، ئانا؟ مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تارتقان غىزانى ئېتىپ بېرەي.

— مېنىڭ گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ، بالام، ئۆزىڭىز بىلىپ ئېتىۋېرىڭ.

يېرىقلىرىغا ماز تىقىپ ھىمدالغان كونا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ خەيرىنىسانىڭ ئىنىسى باقى ئىككى دانە ياغاچ ساپلىق ئۇزۇن زىخ بىلەن مۇز تېيىلىش كاڭكىسىنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. باقىغا خەيرىنىسا ئۆتكەن يىلى كىيگەن پاختىلىق چاپاننى كىيگۈزۈپ، ئاق يۇڭدا ئىشلىگەن شويىنىدا بېلىنى باغلاپ قويۇشقانىدى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ، ئاچا؟ — بالا خەيرىنىساغا يېقىن كېلىپ بويىنىنى قۇچاقلىدى.

— ھەئە، ئاياغلىرىڭىز ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى خەيرىنىسا ئىنىسىنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — بۇ سوغۇقتا سىرتقا قاچماي ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ، ئاپئاق

ئۇ كام؟

— ئانام ماقۇل دېگەن.

— بۇمۇ بەك ئەسقاتتى، — دېدى ئانا ماجالسىز ئاۋازدا، — كۆنگە نەچچە قېتىم سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. مەشنىڭ ئوتى ئۆچكىلى قوپسا مەدەك سالىدۇ. ئىشقىلىپ مۇشۇ بالا بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلاتتىمكىن.

— سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئانا.

— ئۇسسۇزلۇقۇم بەك يامان، قايناقسۇ ئىچسەم قانمايدىكەنمەن.

ئانا سۆزلەۋېتىپ يەنە يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يىگىلەپ كەتكەن ئاجىز تېنى جۇۋا ئىچىدە قاتتىق سىلكىنەتتى. خەيرىنسا ئانىسىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. ئۇنىڭ پېشانىسى مۇزدەك تەرلەپ كەتكەنىدى.

— مەن يېتىۋالاي، بالام، — دېدى ئانا ئاغزىدىكى بەلغەمنى پەگاھقا تۈكۈرۈپ.

خەيرىنسا ئانىسىنى ئاۋايلاپقىنا يانقۇزۇپ يۆگەپ قويدى.

ئىللىق كۆلۈمسىرەپ باققان قۇياشنىڭ نۇرى مۇز بولۇپ قاتقان ئاپئاق قارنىڭ يۈزىدە ۋىل - ۋىل جۇلالىناتتى. تۆمۈر ئاكا قوتاندىن قارا ئېشەكنى يېتىلەپ چىقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇۋرۇككە باغلىدى - دە، ئۆيگە قاراپ چاقىردى.

— خەيرىنساخان!

— مېنى چاقىردىڭىزمۇ، دادا؟

— بىر چۆگۈن سۇ ئىسسىتىپ بېرىڭا، بالام، ئېشەكنى سۇغىرىۋالاي.

— ئىسسىق سۇ بار.

خەيرىنسا ئۆيگە كىرىپلا توم سىمدا باغ بېكىتىلگەن قاپقارا چەينەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

تۆمۈر ئاكا چەينەكنىڭ سۈيىنى داسقا قۇيۇپ بېرىۋىدى،

ئېشەك ئازراق ئىچىپ توختاپ قالدى.

— ئۇسسىماپتۇ قوتۇر، — ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىدى تۆمۈر ئاكا داسنىڭ سۈيىنى پاكار تامنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىققا تۆكۈپ.

— ئازراق قوناق ئېلىپ چىقىڭا، بالام، — تۆمۈر ئاكا داسنى خەيرىنساغا ئۇزاتتى.

— قانچىلىك ئاچىقىمەن، دادا؟

— بىر چىنە بولسا بولىدۇ.

تۆمۈر ئاكا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، تۈكلىرىنىڭ ئارىسىدا توختىۋالغان توپىلارنى ئىرغىتىۋەتتى. بۇ چاغدا ئۆيدىن قوناقنىڭ داسقا تۆكۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئېشەك قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ خىتىلداشقا باشلىدى.

تۆمۈر ئاكا هارۋىنى سۆرەپ ئەكېلىپ ئېشەككە قوشتى. قاتتىق جاپالارغا كۆنۈپ كەتكەن بۇ ئىتائەتمەن جانىۋار بىغەم هالدا قوناق يەپ تۇرىۋەردى. تۆمۈر ئاكا قىزىل خەت يېزىلغان ئوغۇت خالتىسىدىكى قوناقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ هارۋىغا باستى. ئارقىدىن يەنە بىر خالتا بۇغداينى قوناققا يۆلەپ پۇختا ئورۇنلاشتۇردى - دە، هارۋىنى يېتىلەپ هويلىدىن چىقتى.

ئانا يۆتىلىپ - يۆتىلىپ ئۇخلاپ قالدى. خەيرىنسا تەكچىگە تىزىپ قويۇلغان دەپتەر - كىتابلىرى ئارىسىدىن مەشهۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانىنى قولىغا ئالدى. بۇ كىتابنى مەكتەپ كۈتۈپخانىسىدىن ئارىيەت ئەكەلگەنىدى. ئۇ رومانىڭ تۇنۇگۈن ئوقۇپ قاتلاپ قويغان يېرىنى تاپتى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رومانىدىكى دەهشەتلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. خەيرىنسا ئىتتىك ئانىسىغا قارىدى. ئانا بەخىرامان ئۇخلاپ ياتاتتى. خەيرىنسا تەشلىگە كەلگەندىن بېرى ئانىسىنىڭ ئارامىدا ئۇخلاپ يېتىپ ئۇخلىغانلىقىنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى.

ئىشىك بوشقىنا چېكىلدى. خەيرىنىسا قولىدىكى كىتابنى ساماان تەكچىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا سومكا كۆتۈرگەن توختىروزى قاراپ تۇراتتى. خەيرىنىسانىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنى چاچرىدى. چىرايى تاتىرىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئەمما، شۇ مىنۇت ئىچىدە «نىمىلا بولمىسۇن ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئەمەسمۇ» دېگەن پىكىر خىيالىدىن كەچكەندە، چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى.

— نىمىدەپ كەلدىڭىز؟

— ئانىڭىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ. . .

خەيرىنىسانىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ توختىروزىنىڭ جانجان ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغانىدى. گەرچە ئۇ ئۆتكەندىكى قارلىق ماجىراسىدىن كېيىن توختىروزىدىن قاتتىق رەنجىپ يۈرگەن بولسىمۇ، قەلبىنىڭ يوشۇرۇن بىر بۇلۇڭىدا توختىروزىغا ئورۇن بارلىقىنى، ئۇنى يەنىلا سېغىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ نازۇك تۇيغۇلارنى توختىروزىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئامال بار توختىروزىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق قارارىغا كەلدى.

— ئانىڭىز نىمە كېسەلكەن؟ — دېدى توختىروزى پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ.

— تازا ئېنىق ئەمەس. . . — خەيرىنىسا توڭلا جاۋاب بەردى.

— قورۇقلا كېلىپ قالدىم، خەيرىنىسا، — توختىروزى سومكىدىكى ئالما، كونسېرۋا. . . قاتارلىق نازۇ نىمەتلەرنى داستىخانغا تىزدى.

— ئاۋارە بولمىغان بولسىڭىزمۇ بولاتتى.

ئۇلار يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى. لېكىن، ئاشۇ جىمجىتلىق

ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئورۇنغاندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مارىلاپ قارىشاتتى.

— ئۆتكەنكى ئىشتا مەن ئەيىبلىك، خەيرىنسا، — دېدى توختىروزى پەس ئاۋازدا.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق خىيالدا بولماڭ.

خەيرىنسا ئىچىدە شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە توختىروزىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇمىغانلىقىدىن، ئۆزىنى قوغلىشىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. «بىر قىز ئۈچۈن دۇنيادا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ سېنى قوغلىشىشىدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ راستىنى دېگەندە مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس» دەپ ئويلايتتى خەيرىنسا.

— مەن قايتاي، — توختىروزى ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— بىردەم ئولتۇرۇڭ، تاماق ئېتىپ بېرەي، — دېدى خەيرىنسا. ئەمما بۇ گەپنى ئالدىراپ دېگەنلىكىدىن سەل پۇشايمان قىلدى.

— رەھمەت، تامىقىڭىزنى يېگىلى يەنە كېلەرمەن.

خەيرىنسا توختىروزىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، يەنە كىتابنى قولىغا ئالدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچ نەرسە كىرمىدى. خىيالىدا توختىروزىنىڭ «تامىقىڭىزنى يېگىلى يەنە كېلەرمەن» دېگەن گېپىلا ھۆكۈمران ئىدى. خەيرىنسا داستىخاندىكى ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ يۈزىگە تەگكۈزدى. قىپقىزىل ئالما ئۇنىڭغا خۇددى توختىروزىنىڭ ساپ، سەمىمىي مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق يۈرىكىدەك تۇيۇلاتتى.

— قازاننىڭ تۈزىنى تېتىپ بېرىڭا، ئانا، — خەيرىنسا پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازاندىن كىچىككىنە چامغۇر شورپىسىنى ئېلىپ ئانىسىغا ئۇزاتتى.

— سىزمۇ تېتىيالايتتىڭىزغۇ، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا قىزنىڭ قولىدىن قوشۇقنى ئېلىۋېتىپ.

— ھېچ بىلمەيۋاتىمەن.

خەيرىنىسا يالغان سۆزلىگەنىدى. ئۇ قازاننىڭ تۇزىنى تېتىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئانىسىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈلۈپ قالارمىكىن دەپ شۇنداق قىلىۋاتاتتى.

— تېتىپتۇ، — دېدى ئانا ئاغزىنى سۈت ئەمگەن بوۋاقتەك مىلىچلىتىپ.

خەيرىنىسا قوناق خېمىرى يۇغۇرۇلغان داسنى سۈپىنىڭ لېۋىگە قويۇۋېلىپ، قازانغا شۇڭغۇتماق تاشلاشقا باشلىغاندا، تۆمۈر ئاكا بىلەن قاما دوپپىلىق، بۇرنى سەل پاناقراق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ كەنتتىكى تېۋىپ ئوسمان قارىم ئىدى.

ئوسمان قارىمنىڭ ئۆيى ئوق يولنىڭ بويىدا بولۇپ، مەھەللىدە بىتاب بولۇپ قالغانلارنىڭ تولىسى ئالدى بىلەن ئوسمان قارىمغا كۆرۈنەتتى — دە، ئۇنىڭ خام قەغەزگە ئوراپ بەرگەن قاپقارا كومىلاچ دورىسىنى يەپلا ياخشىلىنىپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئوسمان قارىمنىڭ مۇشۇ مەھەللىلىك بولغىنى ھۆكۈمەتنىڭ دوختۇرخانىسىغا پۇل چىقىرىشتۇرالمايدىغان نامرات دېھقانلار ئۈچۈن كاتتا ئامەت ھېسابلىناتتى.

ئوسمان قارىم نېپىز قولياغلىقىنى ئالىقىنىغا قويۇپ نۇرنىساخاننىڭ تومۇرىنى تۇتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن تەكشۈرۈشنى باشقا نۇقتىغا يۆتكىدى.

— تىللىرىنى چىقارسىلا.

نۇرنىساخان ئاچا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ سارغايغان چىشلىرى ئارىسىدىن ئاپئاق گەز باغلاپ كەتكەن تىلىنى ئۇزۇن سوزۇپ كۆرسەتتى.

— كەم قۇۋۋەتلىكتىن بوپتۇ، — قارىم بېشىنى ئىككى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يانغا مەيۈسقىنا چايقاپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭا بالا قوشۇپ قويسىلا، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىككى تومۇز كۆرگەن كونا گۈلقەنت بار. شۇنىڭدىن ئاز ـ ئازدىن يەپ بەرسە ئىنشائاللا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

— مەن ئۆزۈم بىرگە باراي، قارىم، — دېدى تۆمۈر ئاكا بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن.

— جۇرسىلە ئەمىسە، — قارىم ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— بىردەم ئولتۇرسىلا قارىم، تاماق پىشسۇن.

— بۇ يېمىگەن ئۆي ئەمەس، تۆمۈر ئاخۇن، يەنە بىر يەرگە كېسەل كۆرگىلى بارماقچى ئىدىم. لەۋزىمگە ئەمەل قىلمىسام بولماس.

ئوسمان قارىمنىڭ بەرگەن دورىسى نۇرنىساخان ئاچىنىڭ كېسىلىگە خېلى تېز مەنپەئەت قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقى پەسىيىپ، يېرىم چىنە تاماقنى يەپ بولالايدىغان، باشقىلار قولتۇقىدىن يۆلىمىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەتكە چىقالايدىغان بولدى. يۆتەلمۇ بۇرۇنقىدەك قاتتىق تۇتمايتتى. خەيرىنسانىڭ تەتىلگە كەلگىنىگە بىرەر ئايدىن ئاشتى. ئۇ بۇ ۋاقىتنى ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. نۇرنىساخان ئاچىنىڭ ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى خەيرىنسا ئۈچۈن كاتتا بىر خۇشاللىق ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى تۈگىگەنسېرى ساۋاقداشلىرىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تولىراق توختىروزى بىلەن باھارنى ئويلايتتى. باھار گەرچە ئۇنىڭغا ئانچە ۋاي دەپ كەتمىسىمۇ يەنىلا ساۋاقداش ـ دە.

— مەن باھارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيمىكىن، ئانا، — ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى خەيرىنسا ئانىسىدىن ئىجازەت سورىدى.

— بېرىپ كېلىڭ، بالام. مەكتەپتىن كەلگەندىن بېرى

ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپمۇ قالغانسىز.

خەيرىنىسا پىيادە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. خەيرىنىسا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن جاڭگاللىققا چىقتى. جاڭگالنىڭ بىر تەرىپىدە تەكشى مۆزلۈك بولۇپ مەھەللىدىكى ئۇششاق باللارنىڭ ھەممىسى مەشەگە توپلىنىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۆز تېيىلىپ ئوينىسا، بەزىسى كاڭكى ئويناۋاتتى، بەزىسى قامچا بىلەن ۋاسىلدىتىپ ئۇرۇپ نۇر چۆرگىلىتىپ ئوينىماقتا ئىدى. خەيرىنىسا ئاشۇ باللار ئارىسىدىن ئىنىسى باقىنى تونۇدى. باقى كاڭكا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇياق — بۇياققا غۇيۇلداپ يۈرەتتى. خەيرىنىسا بۇ غەمسىز باللارغا قىزىقىپ كېتىۋاتقاندا، قاغىنىڭ ئەنسىز قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. خەيرىنىسا ئاسمانغا قارىدى. پاھ، نېمىدېگەن كۆپ قاغىلار بۇ، سان — ساناقسىز قاغىلار خەيرىنىسانىڭ بېشى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇزۇن قاناتلىرىنى ئاستا سىلكىپ ئۈزسە، بەزىسى ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىنى چوقۇلاش ئۈچۈن تاشلىناتتى. قاغىلار توپىنىڭ بېشى نەدە، ئايىغى نەدە بۇنى بىلىپ بولمايتتى. بىرى بىر تەرەپكە ئۇچسا، يەنە بىرى بىر باشقا ياققا ئۇچاتتى. ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ سانى يوقتەك، مەنزىلى نائېنىقتەك كۆرۈنەتتى.

خەيرىنىسا ئاشۇ ئەركىن جانىۋارلارنىڭ بوشلۇقتىكى ئۇچۇشلىرىنى تاماشا قىلغاچ، باھارنىڭ ئۆيى جايلاشقان كوچىغا كىلىپ قالدى. بۇ يەردە ئەھۋال باشقىچە ئىدى. باھارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا خۇددى ئاسمان قەھرىدە لەرزان ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قاغىلاردەك بىر توپ ئادەم تۇراتتى. خەيرىنىسانىڭ يۈرىكى چىم قىلىپ قالدى. «باھارنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟» خەيرىنىسا ئادەملەر توپى ئارىسىغا كىلىپ قاراپ باقتى. باھارنىڭ ئاكىسى مەڭلىك بىر توپ تېرەكنى قۇچاقلاپ

زوڭ ئولتۇراتتى. ئۇ سوغۇقتىن تىترەيتتى. كۆل رەڭ چاپاننىڭ ياقىسى تىك كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى. خەيرىنىسا كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك يەنە بىر نۆۋەت قارىدى. مەڭلىككە تېرەكنى مەھكەم قۇچاقلىتىپ قولىغا كويزا سېلىنغانىدى. بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ساڭگىلاپ قالغان مارجاندەك سۇ تامچىسى يالتىرايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يىگىرمە دىيۇيملىق رەڭلىك تېلېۋىزور بىر پارچە گۈللۈك كىگىزگە ئوراپ شوينا بىلەن تېڭىلغان ھالەتتە تۇراتتى. ئوتتۇرا ياشلاردىكى ياداڭغۇ ساقچى ئۇنىڭ ئىككى قەدەم نېرىسىدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ياش بىر ساقچى ئادەملەر توپىنىڭ نېرىسىدا تۇرغان ئۈچ چاقلىق موتسېكلىتنى ئوت ئالدۇردى. ئوتتۇرا ياشلىق ساقچى مەڭلىكنى تېرەكتىن ئاجرىتىپ موتسېكلىتقا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، تېلېۋىزورنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېلىپ بەردى. مەڭلىك كويزا ۋالىلداپ تۇرغان قوللىرىدا تېلېۋىزورنىڭ ئۇستىدىن بىسىپ ئولتۇراتتى. موتسېكلىت گۇرۇلدەپ يۈرۈپ كەتتى. ئادەملەر بىر ـ بىرلەپ تارقاشتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىشاتتى.

— خوپ بولدى، ئوغرى دېگەننىڭ جاجىسىنى ئاشۇنداق بەرسە بولىدۇ.

— توۋا دېسىلە، سىلىنىڭمۇ باللىرى بارغۇ، ھەرگىز سۆز قويمايدىغان ئىش.

خەيرىنىسا چاندۇرمىغان، بىلمىگەن قىياپەتتە باھارنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۆي ئىچى پاراكەندە، نەرسە ـ كېرەكلەر ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىلگەنىدى. باھارنىڭ ئانىسى نىيازخان ساندۇقتا يۆلىنىپ بىر قولىنى يانغا تاشلاپ، بىر قولىنى تىزىغا قويۇپ خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. باھارمۇ سۇپىنىڭ بۇرجىكىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ يىغلىماقتا ئىدى. خەيرىنىسانىڭ كىرگىنىنى باھار سەزمىدى، نىيازخان سەزدىمۇ،

ياكى سەزسىمۇ سەزمىگەنگە سېلىۋالدىمۇ ئىشقىلىپ قاراپ قويمىدى. خەيرىنسا ئارقىسىغا يانغىنىچە چىقىپ كېتىشنى ئويلىدىيۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ساۋاقدىشى يامان كۈنگە قالغاندا بىرەر ئېغىز تەسەللى بەرمەيلا كېتىپ قېلىش تاش يۈرەكلىك ئەمەسمۇ.

— باھار! — خەيرىنسا باھارنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

باھار چۆچۈپ ئالىقىنىنى يۈزىدىن ئالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا كىشى ئەمەس، دەل ئۆزى كۆزگە ئىلماي يۈرگەن خەيرىنسا قاراپ تۇراتتى. باھار ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— نېمە بولدى، ئاداش؟

— ئاكام باشقىلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ. . . — باھار خەيرىنسانىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ سىلكىنىپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما، ئاداش، — دېدى خەيرىنسا باھارنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

— ئەمدى مەن بۇ يۇرتتا يۈزۈمنى نەگە قويارمەن؟ — دېدى نىيازخان بىر ياندىن قوپۇپ، — ئۇرۇق ئەجدادىمىزدىن ئۇنداق قولى قىيىق ئادەم يوق ئىدى. بۇ كاپىرنىڭ بالىسىنى قايسى شەيتان ئازدۇرغاندۇ ئەمدى.

— ھېچقىسى يوق، ئاچا، — دېدى باھار نىيازخاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بولغۇلۇق بوپتۇ، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا.

— ئەمدى مەن مەكتەپكە نېمە دەپ بارارمەن؟ — باھار يەنە يىغلاپ تاشلىدى.

— خاتىرجەم بول. بۇ ئىشلارنى مەكتەپتىكى باللار ئۇقمايلا قالىدۇ.

— جېنىم ئاداش، — دېدى باھار خەيرىنساغا يېلىنىپ، — مەن سەندىن خۇش بولاي، بۇ ئىشنى ئاغزىڭدىن چىقىرىپ سالمىغىن.



www.uyghurkitap.com

— ماڭا ئىشەنگىن، باھار، مەن مۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرمەيمەن.

— بالا دېگەننىڭ ئۆزىنى تۇغقۇلۇقكەن، — دېدى نىيازخان، — خۇي - پەيلىنى تۇغقىلى بولمايدىكەن، ئۇنداق پوقىنى يەپ سالار دەپ ھەرگىز ئويلىماپتىمەن. ئادىشىڭىزنىڭ يۈزىنى ئاياپ قىلىڭ، بالام، بۇ گەپلەرنى مەكتەپتە ھەرگىز دەپ يۈرمەڭ. تۇمۇر ئاخۇن ئاكاملار بىلەن ئەزەلدىن كۆڭلىمىز يېقىن ئىدى. ئەمدى باھار بىلەن بىر يەردە ئوقۇۋاتىسىلەر، سىزدىن خۇش بولايلى، بالام.

— خاتىرجەم بولسىلا، نىيازخان ئاچا، مېنىڭ مىجەزىمنى باھار ئوبدان بىلىدۇ، مەن باھارغا يامانلىق قىلمايمەن.

خەيرىنسا باھارنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرمايلا ئۆيىگە قايتتى.

## سەككىزىنچى باب

تاشتەك قېتىپ ياتقان قارا تۇپراق ئېرىپ، ئېرىق بويلىرىدا چىم - قىياقلار ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي قۇدرەت بىلەن بىخلىنىپ چىقىشقا باشلىدى. مانا بۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. شۇنىڭغا يارىشا باھارنىڭ خەيرىنساغا بولغان پوزىتسىيىسىدىمۇ قىزغىن مېھىر - مۇھەببەت ئىپادىلىنىدىغان بولدى. باھار ئەمدى بۇرۇنقىدەك شەرۋاننىڭ دېپىنى چالماي خەيرىنسا بىلەن ھال - مۇڭ بولىشاتتى. خەيرىنسا ياتاققا كەلسىمۇ، سىنىپقا بارسىمۇ بىللە ئىدى. بىرەرسى خەيرىنسانىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلغۇدەك بولسا، تەڭ بولۇشۇپ بەرمەي رەددىيە بېرەتتى. خەيرىنسا ئۆزىگە كەلگەن تازىلىق نۆۋىتىدە سۇپۇرگىنى قولىغا ئالسا، باھار بىر ياندىن قوپۇپ چېلەك ياكى

داسىنى ئالاتتى. ھەتتا ئاشخانىلاردا تاماق ئېلىشقىمۇ ياردەملىشەتتى. بۇنداق دوستلۇق خەيرىنسانىڭ ئۇرمۇشىغا ئۇزاقتىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ياتسىراش، غېرىبسىنىش، ھەسرەت چېكىشلەرگە خاتىمە بېرىپ بىر خىل خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى بەخش ئەتتى.

خەيرىنسا يول بويىدىكى تاش ئورۇندۇقتا مىسىر يازغۇچىسى ئېھسان ئابدۇقۇددۇسنىڭ «يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا» ناملىق رومانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئوقۇتۇش بىناسىدىن ئائىلىكلەر قورۇسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا بوي، كۆزەينەكلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— سىز قايسى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى؟

— باغۋەنچىلىك 98 - يىللىق سىنىپنىڭ، — خەيرىنسا ئورنىدىن تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئوقۇۋاتقىنىڭىز قايسى كىتاب؟

— رومان، — خەيرىنسا كىتابنى مۇئەللىمگە ئۇزاتتى.

— نېمە ئۈچۈن كەسپىي كىتاب ئوقۇماي رومان ئوقۇيسىز؟

— . . .

— ھەر كۈنى مەشەدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرسىڭىز ناھايىتى تىرىشچان بالىكەن دەپتىمەن. ئەسلىدە سىز ئۆگىنىش قىلماي، رومان كىتابلارنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپتىكەنسىزدە.

خەيرىنسا مۇئەللىمنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— مانا تېخى يىگىت توغرىسىدىكى كىتابكەن، — مۇئەللىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ كەتتى، — نېمانچە قىزىقىپ ئوقۇيدىكىن دېسەم، ئەسلى سىزنىڭ قىزىققىنىڭىز كىتاب ئەمەس، يىگىتكەن - دە.

— مۇئەللىم، بۇ.

— مانا بۇ مەكتىپىمىزدە ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئوبدان ئىشلەنمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. قىزلار ھېلىتىن يىگىت غېمىگە چۈشسە، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىدىكىلەر نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ سىنىپ مۇدىرلىرى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟

— بۇ كىتابتا باشقا گەپ يوق، مۇئەللىم.

— قويۇڭ ئۇنداق گەپىڭىزنى، سىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىڭىزنى ئاقلىيالمايسىز. مەخسۇس يىگىت توغرىسىدا يېزىلغان كىتابتا نېمە گەپ بارلىقىنى، سىزنىڭ نېمە ۋەجىدىن مۇشۇ كىتابنى تاللاپ ئوقۇغانلىقىڭىزنى مەن بىلمەمدىم؟

— مەندە باشقا مەقسەت يوق، مۇئەللىم.

— باشقا مەقسەت بولمىسا، نېمە ئۈچۈن باغۋەنچىلىك توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇمايسىز؟ باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ بالىلىرى «مېۋە سورتلىرىنى يېڭىلاش»، «ئالمىنىغا قۇرت چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دېگەندەك كىتابلارنى ئوقۇسا، ماشىنىسازلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «تراكتور رېمونت قىلىش» توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇسا، مانا بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ باشقا مەقسىتى يوق دېگىلى بولىدۇ. باغۋەنچىلىك سىنىپىنىڭ بالىسى تۇرۇپ «يىگىت» دېگەندەك كىتابلارنى ئوقۇسا، ئۇنىڭدا باشقا مەقسەت يوق دېگىلى بولامدۇ؟ سىزنىڭ بۇ كىتابىڭىز مۇسادىرە قىلىنىدى.

— بۇ مېنىڭ كىتابىم ئەمەس، مۇئەللىم، — دېدى خەيرىنىسا كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ماڭغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارقىسىدىن.

— سىزنىڭ بولماي كىمنىڭ؟ — مۇئەللىم ئارقىسىغا شارتتىدە بۇرۇلۇپ چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن خەيرىنىسانىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن ئارىيەت ئالغان، — دېدى

خەيرىنسا سەل قورقۇمسىراپ.

— مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ؟! — ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاق ئەينەك بىلەن توسۇلغان كۆزلىرى چاناقتا پاتمايلا قالدى، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىمۇ مۇشۇنداق كىتابلار بارمۇ؟

— بار.

— يىگىت تونۇرىسىدىكى كىتابلارنى قىزلارغا بەرگىنىنى قارىمامدىغان ئۇ كالۋالارنىڭ. شۇنچە چوڭ كىتابخانىدىن قىزلارغا ئۆز لايىقىدا بىرەر كىتاب تېپىلماپتىمۇ؟ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن مۇھەببەت باغلايدىغان ئىشلار كۆپكىن دېسەم، كۇتۇپخانىدىكىلەر كىتابنى نامۇۋاپىق تارقىتىپ يامان تەسىر پەيدا قىلغان گەپكەن — دە.

مۇئەللىم غودۇڭشىغاچ تېز — تېز يۈرۈپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن خەيرىنسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالغانىدى. ئوقۇتقۇچى قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىرەر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى — دە، يېنىپ كېلىپ باشتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيى ئىدى.

— خەيرىنسا، خۇش خەۋەر!

خەيرىنسا ئارقىسىغا قارىدى. باھار ناھايىتى خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمە خۇش خەۋەر؟

— سەن مۇكاپاتلىنىدىكەنسەن.

— مۇكاپات.

— ھەئە، سەن ئەلاچى چىقىپسەن.

— راستمۇ؟

— راست. ياتاقتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى شۇ گەپنى قىلىشىۋاتىدۇ.

خەيرىنسا خۇشاللىقىنى باسالمايلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز



www.uyghurkitap.com

ئالدىدىن بىر بولاق پۇل ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇشقىلى تۇردى.

ـــ خانىم ئۆيىدە بارمىدۇ؟

ـــ بار ئوخشايدۇ، باشقىلارمۇ بۇ گەپنى خانىمنىڭ ئۆيىدە ئاڭلاپ كەپتۇ.

ـــ ماڭە، بېرىپ كېلەيلى.

ـــ جۇر ئەمىسە، خانىمنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلىمىساڭ كۆڭلۈڭ تىنمايدىغان ئوخشايدۇ.

سائادەت مۇئەللىم ئاپتاپقا سېلىنغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، خەيرىنسا بىلەن باھار ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ھويلىغا كىردى.

ـــ كېلىڭ، خەيرىنسا، ـــ دېدى سائادەت مۇئەللىم سېرىق چاقماق رەختتە ئەستەرلەنگەن كۆرپىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ـــ سىزنى تەبرىكلەيمەن.

خەيرىنسا بىلەن باھار سىمدا قالغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاجرىتىپ ئېلىپ ئۆيگە ئەكىرىشىپ بەردى.

ـــ ئۇچىنچى دەرىجىلىك ئەلاچـــى بوپسـىـــز، ـــ دېدى مۇئەللىمە قولىدىكى كۆرپىنى كارىۋاتقا تىزغاچ، ـــ يەتمىش كوي ئالىدىكەنسىز. ناۋادا بىرىنچى بولالىغان بولسىڭىز، بىر يۈز ئەللىك كوي ئالالايتتىڭىز.

خەيرىنسا لېۋىنى بوشقىنا چىشلەپ قويدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى شادلىققا ئايلانغانىدى.

يەتمىش يۈەننىڭ خۇشاللىقى خەيرىنسانـــى كېچـــچە ئۇخلاتمىدى. «بىر قۇر كىيىم ئالسام نەچچە پۇلغا كېلەر، باھار ئۆتكەندە ئالغان كىيىمنى قىرىق كوي دېگەندەك قىلغان، قىرىق كويغا كىيىم ئالسام يەنە ئوتتۇز كوي قالىدۇ. ئۇنىڭغا بىر دانە سۆرىمە كەش، چىش پاستىسى، چىش چوتكىسى. . . ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئالماسلىق كېرەك. بىرەر ھەپتە ئۆيدىكىلەردىن پۇل ئالماي جان باقسام ئاتا ـ ئانام چوقۇم خۇش

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. شەرۋانە دېگەن دوقا پېشانە مىنىڭمۇ يېڭى كىيىم كىيەلەيدىغانلىقىمنى بىلىپ قويسۇن. رەڭگىنى قانداقسىگە تاللىسام بولار؟ باھارنىڭ كىيىمنىڭغۇ نەرقى يامان ئەمەسكەن بىراق، ياۋا ئۆردەكنىڭ قانىتىدەك ئالىچىپار يەرلىرى سەل چاكىنىراقكەن...

خەيرىنىسا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالدى.

بىرەر ئايدەك ۋاقىت تىپتىنچلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا خەيرىنىسانىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇرۇنقىدەك دەرس ئوقۇش، ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيىگە قايتىش، كەچلىك مۇزاكىرىلەردە قاقشاپ كۆزى قىيمىغان ھالدا ھەر خىل ئالۋان ـ سېلىقلار ئۈچۈن پۇل تۆلەش.. بۇلار خەيرىنىسا ئۈچۈن يېڭى ئىش ئەمەس ئىدى.

مەۋسۇم ئوتتۇرىلاشقاندا، خەيرىنىسانىڭ تېنىدە يۈز بەرگەن يېڭى بىر ئالامەت ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. خەيرىنىسانىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەزگىنىگە بىرەر ھەپتىدەك بولغانىدى. بۇ ئۆزگىرىش دەممۇ دەم روشەنلەشكىلى تۇردى. ئۇنىڭ بېشى توختىماي ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆزى ئۈيقۇغا بارغان ھامان باش ـ ئاخىرى يوق قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرەتتى. ئەمما، ئويغانغاندا بىرىنىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىز ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشەتتى. بۇرۇن بىر نۆۋەت ئاڭلاپلا شۇنداق ئېنىق ئەستە قالدۇرالايدىغان دەرسلەرنى ئەمدى قايتا ـ قايتا ئاڭلاپمۇ، كونسپېكتىنى نەچچە نۆۋەت ئوقۇپمۇ ئەستە قالدۇرالمايتتى. ئۇ ئۆگىنەلمىگەنسېرى جىددىيلىشىپ قولىدىن كونسپېك چۈشمەيدىغان بولدى. قانچە جىددىيلەشكەنسېرى بېشى شۇنچە بەك ئاغرىيتتى. مۇنبەردىكى ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا غۇۋا كۆرۈنۈپ، ئاۋازى يىراقلاردىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. باسقۇچلۇق سىناقتىن كېيىن بۇ ئىش سىنىپتىكى بارلىق

باللارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار خەيرىنىسا ھەققىدە خىلمۇ خىل قىياسلارنى قىلىشاتتى.

— كىتابنى تولا ئوقۇپ مېڭىسى ھېرىپ قاپتۇ.

— ياقەي، مۇھەببەت قايىنىمىغا شۇڭغۇپ كەتكەن گەپ، — دەيتتى شەرۋانە ھەممىدىن بەكرەك جاۋىلداپ، — ئالدىنقى مەۋسۇمدىكى قارلىقنىڭ تەسىرى. ئولتۇرسا - قوپسا ئاشۇ «قارلىق»نى ئويلاپ دەرس كاللىسىغا چۈشمىگەن گەپ.

خەيرىنىساغا ياماشقان كېسەل ئاخىر ئۇنى يىقىتتى. ئۇ بەزىدە بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي چىشلىرىنى كاراسلىتىپ، باشلىرىغا ئۇرۇپ يىغلايتتى. باھار ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ تاھارەتكە ئېلىپ باراتتى. تامىقىنى ئەكېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئەمما، باھار دەرسكە چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئۇ يەنىلا يالغۇز قالاتتى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ يېتىشنىڭ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق غېرىب بولۇپ يالغۇز يېتىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تولا ھاللاردا تورۇسقا قاراپ يېتىپ خىيال سۈرەتتى. مەكتەپ ئىچىنى زىلزىلىگە سالىدىغان قوڭغۇراق ئاۋازىغا قاراپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە كىرگىنىنى، دەرستىن چۈشكىنىنى پەرەز قىلاتتى. ھازىر نەچچىنچى سائەتلىك دەرس ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ، مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋاتقان مۇئەللىمنىڭ ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭ خىيالى قومدەك چېچىلاتتى.

كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغان خەيرىنىسا ئىشىكنىڭ غارتىدە ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ياتاقتىكى قىزلار دەپتەر - كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ كىرىشكەنىدى.

— ۋاي ئانام، بۇ ياتاقنىڭ سەت پۇراپ كەتكىنىنى، — دېدى ئالدىدا كىرگەن شەرۋانە چىرايىنى غورا يېگەندەك پۈرۈشتۈرۈپ، — خۇددى ئۆلۈك ئېشەكنىڭ تاپىدەك پىخسىپ

كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

شەرۋاننىڭ بۇنداق ئاچچىق گەپلەرنى قىلىشى ئۇنىڭغا قىيىن ئەمەس ئىدى. خەيرىنىسا يېتىپ قالغاندىن بۇيان ئۇ پاك - پاك مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئازار بېرەتتى. ئەمما باشقا قىزلار قاچا - قومۇچلىرىنى تاراقشىتىپ ساندۇقىنى جالاقشىتىپ ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ ئوچۇق گەپ قىلمىغانىدى. بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى، ھەممىسى شەرۋاننىڭ گېپىگە ئۇلاپلا بىرنەچچە ئېغىزدىن قاتتىق گەپ قىلىۋېتىشتى.

— نېمە تاماق يەيسەن؟ — دېدى ياتاققا ھەممىدىن كېيىن كىرگەن باھار ساندۇقىنىڭ قۇلپىسىنى ئېچىۋېتىپ.

— نېمە تاماق بولسا بولىۋېرىدۇ.

— ۋۇي، يىغلاپسەنغۇ، نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە، خانىمغا ئەھۋالىمنى دېدىڭمۇ؟

— بۈگۈن خانىمنى تاپالمىدىم، ئاداش، كەچتە ئۆيىگە بېرىپ دەي.

— مەن بۇ يەردە يېتىۋەرمەي ئۆيگە كېتەي، باھار. خانىمغا ئەھۋالىمنى تېزراق دېگىن.

— ماقۇل، بۈگۈن چىداپ تۇرغىن، ئاداش، ئەتە بىر گەپ بولۇپ قالار.

بىزەك چىۋىنلار خەيرىنىسانىڭ يۈز - كۆزلىرىگە قونۇۋېلىپ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويدى. ئۇ كۆزىنى ناھايىتى ئەستە ئاچتى. ئاغزى خۇددى تېرەك شېخى چاينىغاندەك ئاچچىق بولۇپ كەتكەنىدى. دېرىزە قىيا ئوچۇق بولۇپ قىزىل دۇخاۋا پەردە بوشقىنا يەلپۈنەتتى. بىرنەچچە چىۋىن گىژىلدىشىپ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى. ئۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئوڭدىسىغا ياتتى. دۇتار تەڭكەش قىلىنغان قايسىدۇر بىر ئەر ناخشىچىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى يىراقلاردىن كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرى ناخشىغا مەركەزلىشىپ بېشىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ



www.uyghurkitap.com

بەرگەندەك بولدى. لەرزان ناخشا ساداسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گاھى تىپتىنچ كۆل سۈيىنى، گاھىدا كۆك بىلەن بوي تالاشقان قامەتلىك تاغلارنى، گاھىدا ياپيېشىل ئوتلاقلارنى كەلتۈرەتتى.

كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى ھەمدە بىر قىزنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. نامەلۇم قىز قوشنا ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ياتاقتا كىردى. ئەمدى تاراق ـ تۇرۇق ئاياغ تىۋىشى قوشنا ياتاقتىن ئاڭلىناتتى. يەنە بىر قىزمۇ كارىدورغا كىردى، بەلكىم بىر ئەمەس، بىــــرنەچچە بولسا كېرەك. ئاياغ تىۋىشى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى ياتاق كارىدورىنى بىر ئالدى. قوشنا ياتاقنىڭ ئىشىكى جاققىدە ئېتىلدى. كېيىن كىرگەن قىزلار خەيرىنىسانىڭ ياتىقىنــىڭ ئالدىدىن كۈلۈشكەن پېتى ئۆتۈپ كەتتى.

«ئاھ، ياراتقان ئىگەم؟ ھەممە پېشكەللىــك ماڭــلا كېلەمدۇ. ماڭا سالىمىغان مۇشۇ كېسەللىك قالغانمىدۇ. تەن ساغلاملىق دېگەن بەخت ئىدىغۇ، سەن ماڭا ئاشۇ بەختنىمۇ راۋا كۆرمىدىڭغۇ» خەيرىنىسانىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنــى بويلاپ ئېقىپ ياستۇققا تامدى.

كارىدوردا يەنە ئاياغ تىۋىشــى ئاڭلاندى ۋە بارا ـ بارا يېقىنلىشىپ ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. خەيرىنىسا بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. باھار سائادەت مۇئەللىمنى باشلاپ كىرگەنىدى.

ــ قانداقراق، خەيرىنىسا؟ ــ سائادەت مۇئەللىم كارىۋاتقان يېقىن كېلىپ ئەھۋال سورىدى. خەيرىنىسا سىنىپ مۇدىرىنىڭ گېپىگە سۆز بىلەن ئەمەس، كۆزى يېشى بىلەن جاۋاب بەردى.

ــ ئۆيىڭىزگە بېرىپ داۋالىنىپ كېلىڭ، ــ دېدى سائادەت مۇئەللىم، ــ باھار سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويسۇن.

خەيرىنىسا ناھىيىگە بارىدىغان ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ مۈزدەك تەرلەپ كەتتى. پۇت ـ قوللىرى ماجالسىز تىترەيتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇ ئەينەكنى ئارقىسىغا

سۇرۇپ سىرتقا قارىدى. بۇغدايغا سۇ تۇتقان تەلپەكلىك دېھقانلار پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۇرۇۋېلىپ ئالدىراش يۈرۈشەتتى. يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ سۈزۈك سۈيى ئويناقلاپ ئېقىپ باراتتى. خەيرىنىسانىڭ سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىۋالغۇسى كەلدى. ئاپتوبۇس غۇيۇلداپ ئۇزۇپ بارماقتا ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى بىردىن ئاستىلاشتى. بەش ياشلاردىكى ئوغۇل بالا ئېرىق بويىدا ئۆرە تۇرۇپ سۇغا جورقىرىتىپ سىيىۋاتاتتى. كۆڭلى غەش بولغان خەيرىنىسا ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە قارىۋالدى.

— چىرايىڭ بەك تاتىرىپ كېتىپتۇ، ئاداش، — باھار ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، — ئۆيگە بارغۇچە چىداشلىق بېرەلەرسەنمۇ؟

— ئۇدۇل جەمە يولىغا بارايلى، دادام بەزىدە شۇ يەرگە شور ساتقىلى چىقاتتى. بۇگۈنمۇ چىققان بولسا. . .

يېقىندىن بېرى تۆمۈر ئاكا جاڭگالدىن شور ئەكېلىپ ناھىيە بازىرىدا ساتىدىغان بىر ئىشنى تېپىۋالدى. ئۇ ھارۋىغا خالتا-خۇلتىلارنى تاشلاپ بىر كۈن جاڭگالغا ماڭسا، بىر كۈن بازارغا ماڭاتتى. شىۋاقلىقتا شور تاتىلاپ يۈرۈپ قوللىرى چاك-چاك يېرىلىپ قاناپ كەتسىمۇ چىداشلىق بېرەتتى. ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىرەر ئىشنى قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان بۇ دېھقان ئۈچۈن قولىغا پۇل كىرگەنىنىڭ ئۆزى غەنىيمەت ئىدى.

خەيرىنىسا بىلەن باھار بىر-بىرىنى يۆلەشتۈرۈپ جەمە يولىغا كەلدى. بۇ يەرگە ناۋاي، قاسساپ، باققال، لەڭپۇڭچى. . . دېگەندەك ئۇششاق تىجارەتچىلەر كۆپ توپلاشقاچقا، ھەپتە ئارىلىقىدىكى كۈنلەردىمۇ شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئىدى.

— دادام، — دېدى خەيرىنىسا بىردىن روھلىنىپ.

— قېنى؟

— ئەنە ئاۋۇ قارا ئېشەك قوشۇلغان ھارۋا بىزنىڭ، دادام مەشەدە باركەن.

خەيرىنسا يول ياقىسىدىكى تۆۋرۈككە باغلانغان ئېشەك ھارۋىسىغا يامىشىپ چىقتى ـ دە، داق شالىنىڭ ئۈستىدە چوقالغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بېشى توختىماي پىرقىرايتتى. ئەتراپتىكى ئادەملەر، دەل ـ دەرەخ، ھەممىسى بىر گەۋدە بولۇپ پىرقىراپ كېتىۋاتاتتى.

تۆمۈر ئاكا خەيرىنسانى ئۇدۇل ئوسمان قارىنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئوسمان قارىم دۇكىنىدا كۆزەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا ئىلدۇرۇۋېلىپ ئاللىكىملەردىن مىراس قالغان كونا كىتابلارنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۆمۈر ئاكىنى كۆرۈپ كىتابنى ياپتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە، تۆمۈر ئاخۇن.

— ماۋۇ بالامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويسىلا، قارىم.

ئوسمان قارىم كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى بويىچە ئاۋۋال خەيرىنسانىڭ تومۇرىنى تۇتتى. ئۇنىڭدىن تىلىغا قاراپلا بېشىنى تەتۈر چايقىدى.

— بۇ بالا كەم قۇۋۋەتلىكتىن يىقىلىپتۇ. يەنە بىر مەزگىل مۇشۇ ھالەتتە تۇرسا چالاش بولۇپ قالىدۇ. بالىنى شۇنداقمۇ تاشلىۋېتىپلا، تۆمۈر ئاخۇن.

— بۇ بالام خوتەندە ئوقۇيتتى، قارىم، ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قاپتىمىز.

— خوتەندە ئوقۇيدىغان قىزلىرى مۇشۇمۇ؟ — ئوسمان قارىم خەيرىنسانى باياتىن كۆرمىگەندەك قايتا سەپسالدى، — چىرايلىق بالىكەن.

— ئوبدانراق دورىدىن ئىلتىپات قىلسىلا، قارىم.

— بۇ كېسەلنىڭ دورىسى ئۆيلىرىدە.

— ئۆيدە؟

— ھەئە، بىر قوينىڭ مەرىدىن كەچىسلا بالا ساقىيىدۇ.

تۆمۈر ئاكا بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويدى. ئوسمان قارىم خەيرىنساغا يەنە بىر نۆۋەت قاراپ قويۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— گۆشنى بىسىپ يېگۈزسىلە، ئۈزاقىقا قالماي ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. ھەرگىز كەينىگە سۆرىمىسىلە.

— ماقۇل، قارىم، — دېدى تۆمۈر ئاكا ئوسمان قارىمغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئەقىل كۆرسەتكەنلىكلىرىگە رەھمەت.

باشقا چاغلاردا بىر توخۇنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئائىلىسى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش ھېسابلايدىغان تۆمۈر ئاكا بۇ قېتىم ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى. شۇ كۈنىلا خەيرىنسانىڭ بۇ يىللىق ئوقۇش خىراجىتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بېقىپ سەمرىتكەن قويىدىن بىرىنى بوغۇزلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. تۆمۈر ئاكا «چالاش» نىڭ ئادەمگە رودۇپايدەك چاپلىشىپ ئاسانلىقچە ئاجرىمايدىغان كېسەللىكىنى، پەقەت گالنى ئوبدان باققاندىلا ئاشۇ رودۇپايغا يولۇقۇشتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

خەيرىنسانىڭ ئۆيىگە كەلگىنىگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. نۇرنىساخان ئاچا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپمۇ، زورلىشىپمۇ يېگۈزدى. ئەمدى ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغانىدى. بېشى ئاغرىمايتتى. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، پۇت - قولى تىترەيدىغان ئالامەتلەرمۇ قايتا تەكرارلانمىدى. كېچىسى ئۇزاققا سوزۇلغان باش - ئاخىرى يوق گادىرماچ چۈش ئىلكىدە ھەريان كېزىپ يۈرمەي تىپتىنچ ئۇخلاپ تاڭنى كۈتۈۋالاتتى...

خەيرىنسا ھويلىدىكى سۇپىدا ئۇخلاپ ياتاتتى. قۇلاق تۈۋىدە توختاۋسىز ئۆمىلەپ ماڭغان «چۈمۈلە» ئۇنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ھە دېگەندە كۆزىنى ئېچىپ ئۆلگۈرمىگەن خەيرىنسا

«چۈمۈلە» ماڭغان يەرنى سىلاپ، بوشقىنا قاشلىدى. ئەمما، چۈمۈلە چۈشۈپ كەتمىگەنىدى. ئەمدى بىر ئەمەس، بىرنەچچە «چۈمۈلە» ئۇنىڭ مەڭزىدە، بويۇنلىرىدا يۈگۈرگىلى تۇردى. خەيرىنىسانىڭ قولى يەنە ھەرىكەتكە كەلدى ۋە ۋىلىقلىغان كۈلكە ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا باھار قومۇشنىڭ ئۇزۇن پۆپۈكىنى تۇتۇپ تۇراتتى. باھارنىڭ يېنىدا قارا سومكا كۆتۈرۈۋالغان توختىروزىمۇ بار ئىدى. خەيرىنىسا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ، ئاداش؟

— ھازىر يامان ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— ياخشى، ئۇيقۇڭ ئەجەب قاتتىقكىنا سىنىڭ.

— نەدىكىنى، مەن ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغاننىڭ ئارىلىقىدا ياتقان.

— مۇنداق دە، ناۋادا رەسمىي ئۇخلىغان بولساڭ، بېشىڭدا ناغرا چېلىپمۇ ئويغىتالمىغۇدەككەنمىز.

— چىرايىڭىزمۇ تولۇلۇپلا قاپتۇ، — دېدى توختىروزى چوڭلاردەك سالماقلىق بىلەن.

— ھەئە، ئاساسەن ساقايدىم دېسەممۇ بولىدۇ. دۈشەنبە كۈنى مەكتەپكە كېتەيمىكىن دەيمەن.

— ئەڭ ياخشىسى تولۇق ساقىيىپ بولۇپ بارغىن، ئاداش، — دېدى باھار خەيرىنىسانىڭ چىرايىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ، — كېيىن يەنە قوزغىلىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن.

ياغاچلىرى قۇرتلاپ كەتكەن كونا دەرۋازا «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، قىزىل چاقماق گۈللۈك داستىخانغا يۆگەلگەن لېگەننى قولتۇقلىۋالغان نۇرنىساخان ئاچا ھويلىغا كىرىپ كەلدى ھەمدە يېزا ئاياللىرىغا خاس بولغان بىر خىل سەممىيلىك بىلەن سالام قىلدى.

www.uyghurkitap.com

— تىنچلىقمۇ، بالىلىرىم؟

— تىنچلىق. ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇپلا.

توختىروزى نۇرنىساخان ئاچا بىلەن ئەھۋاللىشىۋاتقاندا، يۈزلىرىگە ۋىللىدە قىزىللىق ئۇلاشتى.

— توۋا، ماۋۇ بالىنىڭ ئىشلىرىنى، — نۇرنىساخان ئاچا خەيرىنساغا كايىشقا باشلىدى، — ئاداشلىرىڭىز بىر چىرايلىق كەلگەندە نېمىشقا ئۆيگە باشلىمىدىڭىز؟ داستىخانمۇ سالماي ئولتۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان تېخى.

— بىزنىڭمۇ ھازىر كېلىشىمىز ئىدى، — دېدى باھار، — شامال يېگەچ مەشەدە ئولتۇرايلى دېدۇق.

— جۇرسىلە، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا ئۆينىڭ ئىشىكىنى چوڭ ئېچىپ.

— مەشەدە ئولتۇرايلى، — دېدى توختىروزىمۇ تىلغا كىرىپ، — مەكتەپتە دەرۋازىدىن چىقالماي يېشىل مەنزىرىلەرنى سېغىنىپمۇ قاپتىكەنمىز.

— بەك تۇتمىدىم ئەمىسە، — نۇرنىساخان ئاچا خەيرىنسانىڭ كۆرپە، تەكىيىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— بەك كۆپ دەرستىن قالدىم، ئاداش، — دېدى خەيرىنسا مەيۈسلەنگەندەك، — قاچان تولۇقلاپ بولارمەن؟

— غەم قىلما، ئەڭ مۇھىمى سالامەتلىك، تەن ساق بولسا، باشقا ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

نۇرنىساخان ئاچا سۇپىغا داستىخان سالدى.

— قېنى، ئېلىشسىلا بالىلىرىم.

توختىروزى تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا بىر بۇردا زاغرىنى چايغا چۆكۈرۈپ راسا ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. باھار توختىروزىغا قاراپ كۈلۈۋەتتى.

— مەن زاغرىغا ئامراق، — دېدى توختىروزى باھارغا جاۋابەن.

— بەلكىم بۇگۈن شۇنداق بولۇپ قالغانسىز.

— كىمنىڭ نېمىگە ئامراقلىقى بىلەن كارىڭ نېمە؟ — دېدى خەيرىنىسا.

— خاپا بولما، ئاداش، — دېدى باھار خەيرىنىسانىڭ ساغرىسىنى چىمداپ، — كۆڭلۈڭگە كېلەرنى ئويلىماپتىمەن.

— ھۇ شەيتان! سېنىڭ مۇشۇ ئېغىزىڭنى - زە. . .

ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭدىشىپ، كەچ كىرگەندە بىر - بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

## توققۇزىنچى باب

باغۋەنچىلىك مەكتەپىنىڭ خىزمەتلىرى تۈگمەن تېشىدەك بىر خىل رىتىمدا چۆرگىلەپ، يەنە بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئاياغلاشتى. خەيرىنىسامۇ شىددەتلىك ئېقىندا بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ كېتىۋاتقان ياپراقتەك گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش ھاياتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاماملىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خەيرىنىسانىڭ ئىلمىي نەتىجىسى بۇ مەۋسۇمدا كۆرۈنەرلىك چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئالدىنقى مەۋسۇمدىكىدەك مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكتەك يامان ئاقىۋەت بىلەن ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇردى.

ئەسلىدە قارا يارىتىلغان نەرسە ھېچ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغىنى بىلەن ئاق نەرسىنىڭ رەڭگى بىر كىچىككىنە ئۆزگىرىپ قارا ياكى قىزىل تۇسكە كىرىپ قالسا، ھەممە كىشى ھەيران بولىدۇ. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ كالىسى بىر مۈڭگۈزلۈك موزاي تۇغۇپ قويسا، ئاڭلىغانلا كىشى كۆرگىلى كېلىشىدۇ. ئەمما، ئىككى مۈڭگۈزلۈك موزاي تۇغسا، ھېچ كىشىنىڭ كارى بولمايدۇ. چۈنكى، كالىنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ ئىككى بولۇشى

ئەلمىساقتىن بىرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنە. باغۋەنچىلىك 98 ـ يىللىق سىنىپتىكى ساقداشلارنىڭ ئېغى بويىچە بولغاندىمۇ خەيرىنسا داۋاملىق يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ شەرەپ سەھنىسىگە چىقىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، گويا ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە توساتتىن بۇزۇپ تاشلانغاندەك، يۇرۇقلاش دەرياسىنىڭ سۈيى تەتۈرىسىگە ئېقىۋاتقاندەك ئىش بولىدۇ. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىش بىلەنلا سىنىپ ئىچىدە غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى.

— خەيرىنسا تۆمۈر ماتېماتىكىدا ئوتتۇز نومۇر ئاپتۇ.

— خىمىيە، فىزىكىدىمۇ ئەھۋالى چاتاقمىش.

— بىچارە كېسەل سەۋەبىدىن بىر ـ ئايدەك دەرسكە قاتنىشالمىدى ئەمەسمۇ. تولۇق قاتناشقان بولسا ئۇنداق بولمايتتى.

— «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە» دېگەن گەپ شۇ، — دەيتتى شەرۋانە، — ئەسلى ئاساسى يوق ئادەم دېگەن بىرەر مەۋسۇم شىرىقلىغىنى بىلەن ھامان چۇشۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىر مەۋسۇمغىلا بولالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

يىغىن زالى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولدى. ھاۋا دىمىق، تورۇستا چاقپەلەكتەك قاناتلىرىنى كېرىپ توختاۋسىز ئايلىنىۋاتقان توك يەلپۈگۈچىدىنمۇ ئىسسىق شامال چىقىپ ئۇرۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلار يىغىننىڭ تېزرەك باشلىنىشىنى، تېزرەك تۈگەپ، بۇرۇنراق قويۇپ بېرىلىشىنى ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتەتتى.

يىغىن باشلاندى. ئىلمىي بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى ئىككى قولىنى ئۈستەلگە تىرەپ، مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئالدىغا سوزۇپ ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى بىر قارىدى ـ دە، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.



www.uyghurkitap.com

— ساۋاقداشلار ! — مەكتەپ مۇدىرى مىكرافوننى سەل ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇپ گەپ باشلىدى، — بۈگۈن سىلەر تەتىلگە تارقاش ئالدىدا تۇرىسىلەر. ھازىر سىلەرگە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى ئۇقتۇرىمىز. بىرىنچى، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل يامان غەرەزلىك كىشىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئائىلىدە دەم ئېلىش، تولىشىپ ئۇياق - بۇياقلارغا قاترىماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنى تولۇق ئېلىپ كېلىش. . .

پۇلنىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا خەيرىنىسانىڭ خىيالى يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. «بۇ يىل مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان پۇللارنى قانداق قىلىپ جايلارمىز؟ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇق، ئوغۇت، سۇ پۇلىدىن ئاشمىسا، يا بىزنىڭ باشقا تاپاۋىتىمىز بولمىسا، قوتاندىكى تۆت - بەش قوي قانچىلىك پۇلغا يارار؟ بىچارە دادامنىڭ شور سېتىپ يىغقان ئازغىنا پۇلى نېمىگە ئارا تۇرار؟ ! يەنە پۇل ئۈچۈن كىشىلەر ئالدىدا سارغىيارمىزمۇ؟ . . . ئاھ پۇل! سەن تولىمۇ ئادالەتسىز ئىكەنسەن.

قاتتىق تاراسلىغان چاۋاك ئاۋازى خەيرىنىسانىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. خەيرىنىسا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ ئۆزىگە قايتتى. مۇدىرنىڭ قانچىلىك داۋاملاشقانلىقى نامەلۇم بولغان نۇتقىغا توچكا ئۇرۇلغانىدى. باللار خۇشال ھالدا پەشلىرىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇلارنى ئىللىق ئائىلىسىگە قايتىشنىڭ ۋەسۋەسىسى ئالدىراتماقتا ئىدى.

سەلكىن شامال دەرەخ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى. ئۇرنىساخان ئاچا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئۈرۈك تۈۋىگە كونىرىغان قىزىل ئەدىيالنى يېيىپ قويۇپ بۇغداي سورۇماقتا ئىدى. ئۇ غەلۋىرگە ئېلىنغان بۇغداينى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاز -

ئازدىن سىلكىپ ئەدىيالغا تۆكەتتى. خەيرىنسا ئەدىيالىنىڭ بۇرجىكىدە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ چىچىلغان بۇغدايلارنى يىغاتتى. بۇغداي ئارىسىدىكى ھەر خىل ئەخلەتلەرنى ئىلغايتتى. دەم ئۆتمەي نۇرنىساخان ئاچا بىر تاغار بۇغداينى تولۇق سورۇپ بولدى. ئەمدى ئەدىيالدا خېلى چوڭ بۇغداي دۆۋىسى پەيدا بولغانىدى. نۇرنىساخان ئاچىمۇ خەيرىنساغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ بۇغداينى خىللاشقا باشلىدى ۋە ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىدى.

— خاماننىڭ ئۇلىدىن تاسقىغان بۇغداينى ئىرىغداپ بولماقنىڭ تەسلىكى ئىگەكىم.

خەيرىنسا ئانىسىغا قاراپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا باشقا گەپ خۇشياقمايتتى. مۇشۇ كۇنلەردە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ئىدى. ھەرقاچان ئانىسىغا دېيىشنى ئويلاپ، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالماي يۇرگەن بىر گەپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى قىيناپ كېلىۋاتاتتى. تەقدىر بۇگۇن ئۇنىڭغا يېڭىدىن بىر شىجائەت ئاتا قىلدىمۇ ياكى ئۆزى مۇشۇ ۋاقىتنى ئەڭ ئەپلىك پۇرسەت دەپ تاللىدىمۇ تاڭ، مەقسىتىنى ئوچۇقلا دەۋەتتى.

— ئاداشلىرىمنىڭ ھەممىسى تەتىلدىن يىغىلغاندا بىر قۇردىن يېڭى كىيىم كىيىپ بارىدىكەن، ئانا. پەقەت مەنلا. . . — خەيرىنسانىڭ گېپى بوغۇزىدىلا توختاپ قالدى. كۆزلىرىنى بىر قات ياش پەردىسى قاپلاپ ئالدىدىكى بۇغداي يىراقلاردا تەۋرىنىپ تۇرىۋاتقاندەك كۆرۇنۇپ كەتتى.

ئەمما بۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىغىنى بىلەن، كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك ئانا قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغانىدى.

— مەن دادىڭىزغا دەي، بالام. مەكتەپكە ماڭغۇچە سىزگىمۇ بىر قۇر كىيىم تىككۇزۇپ بېرەيلى. قولىمىز قىسقا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بولغاچقا لايىقىڭىزدا كىيىم بېرەلمىدۇق. سىز گە ئەجىر بولار، بالام، — نۇرنىساخان ئاچا يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئۇچمە دەرىخىدە ۋىسىلداپ سايراۋاتقان كاككۇك بالىسىغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كونىلاردا هازىر جاپا تارتقىنىڭىز بىلەن كېيىنكى ئۆمرىڭىزنى خالىغانىنى كىيىپ، خالىغاننى يەپ خاندەك ئۆتكۈزەرسىز.

تەتىل ۋاقتى توشاي دەپ قالغانىدى. ئائىلىدە خەيرىنىساغا يېڭى كىيىم تىككۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى گەپ قايتا تىلغا ئېلىنمىدى. نۇرنىساخان ئاچىمۇ ئۆز ۋەدىسىدىن يادىدىن چىقىرىپ قويغاندەك بەخىرامان كۆرۈنەتتى. خەيرىنىسا تىنىم تاپماي ئۆزى ئۇچۇن ئىشلەپ يۈرگەن ئاتا - ئانىسىغا بۇ گەپنى قايتا دېيىشتىن خىجىل بولاتتى. ئەمما، تەتىلدىن كېيىن ساۋاقداشلىرىنىڭ قانداق ياسىنىپ كېلىشلىرىنى، سىنىپ - ياتاقلاردا نېمىلەرنى دېيىشىپ، قانداق قىلىقلارنى قىلىشلىرىنى ئويلىسا يۈرىكى ئۆرتىنەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن خەيرىنىسانىڭ بېشىدىكى كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان غەم - ئەندىشە يۈكى بىراقلا ئىرغىتىپ تاشلاندى.

سىرتتىن ئالدىراش كىرگەن خەيرىنىسا تۈمۈر ئاكىسىنىڭ «تىككۈزەمدۇق ياكى تەييارنى ئالامدۇق؟» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدى.

— تەييار كىيىم ئالساق بولارمىكىن، — دېدى پەگادا تۇزلۇق قاپىقى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان نۇرنىساخان ئاچا، — رەخ ئەرزان بولغىنى بىلەن سەيپۇڭ مانجۇسى بەك قىممەتكەن.

— ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە شور سانقىلى بارغاندا خەيرىنىسامۇ بىرگە بارسۇن. مەن لايىقىدا بىر نېمە تالليالمايمەن.

خەيرىنىسانىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. يوتقانغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان تۆمۈر ئاكىسىنىڭ ئاخىرقى گېپى ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان يېرىدىن چىققانىدى.

قۇياشنىڭ نۇرلۇق جامالى كەڭرى جاڭگاللىرى ئۈنەك كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئەتراپنى شىۋاق، يانتاقلار ئوراپ تۇرغان ئەگرى - بۈگرى يولدا ئىككى دانە ئېشەك هارۋىسى ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئالدىدىكى هارۋىدا چوقالغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان تۆمۈر ئاكا خۇددى ئايىغى چىقمايدىغان خىياللارغا باغلىنىپ قالغاندەك كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇراتتى. ئارقىسىدىكى هارۋىدا ئاق خەي كىيىۋالغان پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان خەيرىنسا جاڭگالنىڭ تولىمۇ يىراق چېتىگە ئاپتاپنىڭ تەپتى بىر خىلدا ۋىلىلداپ گويا ئاسمان بىلەن زېمىن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يەرلىرىگە تويماي قارايتتى. ياپيېشىل شىۋاقلىق، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئۆسكەن قومۇشلۇق، قومۇشلار خۇددى بويىسېرى تىزىلغان ئەسكەردەك يىراقلاشقانسېرى ئېگىز ئىدى. «ئاشۇ قومۇشلۇقنىڭ ئارقىسىدا نېمىلەر باردۇ؟ ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىچۇ؟! ئاھ زېمىن سەن ھەقىقەتەن چەكسىز ۋە خاسىيەتلىك، سېنىڭ قوينۇڭ تالاي سىر - ھېكمەتلەرگە تولغان، سېنىڭ باغرىڭغا ھەددى - ھېسابىنى ئېلىپ بولمايدىغان بايلىق كۆمۈلگەن».

— ئەمدى مەشەدە توختايلى، بالام.

خىيالىنىڭ قۇيرۇقى كېسىلگەن خەيرىنسا دادىسىغا قارىدى. تۆمۈر ئاكا قارا ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىنى تارتىپ توختىتىپ، هارۋىدىن چۈشتى.

— سىز شورنى ھەمىشە مەشەدىن يىغامسىز، دادا؟ — خەيرىنسا هارۋىدىن دىككىدە سەكرەپ چۈشۈۋالدى.

— ھەئە، مۇشۇ ئەتراپنىڭ شورى بەك ياخشى.

تۆمۈر ئاكا ئېشەكلەرنى بىر - بىرلەپ هارۋىدىن چىقىرىپ ئۆزلىرى سۆرەپ كەلگەن هارۋىنىڭ چاقىغا باغلىدى. خەيرىنسا تاغار، ئۆتكەملىرىنى هارۋىنىڭ سەل نېرىسىدىكى كىچىكرەك دۆمبەلچەككە ئاپىرىپ قويدى.

— سۇنى يۆگەپ قويۇڭ، بالام، — تۆمۈر ئاكا سۇلياۋ باكنى تاغارنىڭ ئۇستىدىلا قويغان خەيرىنساغا جېكىلىدى، — ئۇچۇقچىلىقتا بىردەم قالسا قايناپ كېتىدۇ.

— ماقۇل، — خەيرىنسا باكنىڭ ئۇستىنى تاغار بىلەن پۇختىلاپ يۆگىدى.

تۆمۈر ئاكا يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئالىقىنىغا تۈكۈردى - دە، شور تاشلاشقا باشلىدى. خەيرىنسا يىغىلغان شورلارنى ئۆتكەمىدە تاسقاپ تاغارغا قۇياتتى. ئۇزاق ئۆتمەي تاغاردىن ئىككىسى ئۆرە بولدى. تۆمۈر ئاكا بىردەم دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىشقا كىرىشتى. دەل شۇ چاغدا تۆمۈر ئاكا خەيرىنسانىڭ دەھشەتلىك چىقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى.

— ئانا! . . .

تۆمۈر ئاكا لەپپىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى. خەيرىنسا قولىدىكى ئۆتكەمنى چۆرۈۋېتىپ تۆمۈر ئاكىغا تاشلاندى.

— نېمە بولدى؟!

— كەسلەنچۈك، كەسلەنچۈك.

كۆزلىرى چەكچەيگەن خەيرىنسا ھېلى شور تاسقىغان يېرىگە قولىنى چېنەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر كەسلەنچۈككە دەسسىۋالدىم.

تۆمۈر ئاكا بىرىپ قارىۋىدى، ئاغزىنى ماكىلىدىتىپ جان تالىشىۋاتقان بىر دانە پاتمىچۇقنى كۆردى.

— قورقماڭ، بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا خەيرىنسانىڭ گۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىگە تۈكۈرۈپ، — پاتمىچۇق دېگەن ئادەمنى ھېچنېمە قىلمايدۇ.

تۆمۈر ئاكا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ باكنىڭ سۈيىنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچكىنلى تۇردى. ئۇ سۇنى ھەربىر يۇتقاندا، ئاسمانغا دىڭگىيىپ قالغان چار ساقىلى لىك - لىك مىدىرلايتتى. ئەمگەك قايتا باشلاندى. خەيرىنسانىڭ يۈرەك سوقۇشى تېخىچە

www.uyghurkitap.com

رىتىمغا چۈشمىگەنىدى.

چىڭقى چۈش بولغاندا، ئۇلار شور بېسىلغان ھارۋىلارنى ھەيدەپ جاڭگالدىن ئايرىلدى. خەيرىنىسا تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ شور باسقان دالىدا ئۇياقتىن بۇياققا ھارغۇچە يۈگۈرگۈسى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا توۋلاپ تازا بىر يايرىۋالغۇسى كېلەتتى.

تۆمۈر ئاكىنىڭ ھويلىغا كىرىپلا جۇدۇنى ئۆرلىدى. ھەرقاچان نامراتلىقنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ئۆكسىمەيدىغان غېرىب ھويلىغا يۇرت كاتتىلىرى توپلاشقان بولۇپ، ئانايەتنىڭ قوتاندىكى تولۇپ سەمرىگەن قويلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى چەكچەيگەن؛ بوغالتىر قاسىم بىلەن ئامانلىق قوغداش مۇدىرى لاپاسىنىڭ تۈۋرۈكىگە يېنىچە يۆلىنىپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان، خۇپىدىن سېكرېتار سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە قونۇۋېلىپ پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. سېكرېتار ئالدىدا بويۇن قىسىپ گەپ قىلىۋاتقان نۇرنىساخان ئاچىنىڭ تۇرقىدىن نېمە توغرىسىدا يالۋۇرىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

— خىتە قوتۇر!

تۆمۈر ئاكا بارلىق ئاچچىقىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تايانچىسى ھېسابلىنىدىغان قارا ھاڭگىسىدىن ئالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ ساغرىسىغا قاتتىق ئۇرۇۋەتتى.

— تۆمۈر ئاخۇننى ياۋاش ئادەممىكىن دېسەم ئاچچىقى بوش ئەمەسكەن.

— بىزنى كۆرۈپ ئاچچىقى كېلىپ قالغان چېغى...

تۆمۈر ئاكا ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئۆزىگە ئالاقىسىزدەك بىرەر ئېغىز جاۋاب بەرمەي ئېشەكلەرنى ھارۋىدىن چىقىرىشقا كىرىشتى.

— تۆمۈر ئاخۇن ئوبدان بىر كەسپىنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالدى

مانا، ــ دېدى تۆمۈر ئاكىنىڭ ئەلپازىنى مۆلچەرلىگەن خۇپىدىن سېكرېتار، ــ دەسمى كەتمەيدۇ. جاپا چېكىشتىن قورقمىسا، يانچۇقىغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل كىرىپ تۇرىدىغان گەپ. بۇ يىللىق پۇلنى يىغىپ كېلىۋىدۇق، تۆمۈر ئاخۇن، ــ دېدى ئانايەت چىرايىغا ياسالما كۈلكە يامىرىتىپ، ــ باشقا ئەزالاردىن ئېلىپ بولدۇق، ئەمدى ئۆزلىرىمۇ. . .

تۆمۈر ئاكا گەپ قىلماستىن بىر ئېشەكنى يېتىلەپ قوتانغا ماڭدى. هايال ئۆتمەي قايتىپ چىقىپ يەنە بىر ئېشەكنى ئېلىپ ماڭدى. هويلىنى تىمتاسلىق باستى. ئۆزلىرىنى يولۋاس چاغلايدىغان ئەمەلدارلار خۇددى دەڭدە ئېشەك باغلايدىغان قوزۇقتەك ئېزىدىن مىدىرلىماي بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا مەنىلىك قاراشماقتا ئىدى.

ــ نەچچە پۇلكەن؟!

قوتاندىن ئاستا چىقىۋاتقان تۆمۈر ئاكىنىڭ قەتئىي تەلەپپۇزدىكى سوئالى جىمجىتلىقنى بۇزدى. بوغالتىر قاسىم دەپتەرنى ۋاراقلىغاچ ئالدىراپ زۇۋانغا كەلدى.

ــ دېهقان بېجى 230 يۈەن، سۇ هەققى 190 يۈەن، تراكتور كىرا. . .

ــ جەمئىيسىنى سوراۋاتىمەن!

غەزەپتىن ساقاللىرى تىترەپ كەتكەن تۆمۈر ئاكىنىڭ بۇيرۇقى قاسىم بوغالتىرنى تەمتىرىپ قويدى.

ــ جەمئىيسى، هى، هى، 780 يۈەن ئىكەن.

ــ ماۋۇلارغا پۇل ئاچىقىپ بەرسىلە، ــ دېدى تۆمۈر ئاكا بىر ياندا قوللىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ قاراپ تۇرغان خوتۇنىغا بۇرۇلۇپ.

كەنت باشلىقلىرى تۆمۈر ئاكىنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە قارىتا هېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇلار ئۆتكەن يىلقىدەك ئىزا ئاڭلىشىدىن قورقتىمۇ ياكى «نېمىدەپ توۋلىساڭ توۋلا،

بىزگە سىنىڭ شاراقلاپ تۇرىدىغان پۇلۇڭلا كېرەك، دەپ ئۇيلاشتىمۇ، ئىشقىلىپ يەردىن ئۇستۇنگە قارىماي چىقىپ كېتىشتى.

خەيرىنسا بىر يانغا سەل تولغىنىپ تۇرۇپ چىچىنى تاراۋاتاتتى. ئۇ ھەربىر تارغاقلىغاندا چاچنىڭ ئۇچىدىن ئۇششاق ـ ئۇششاق سۇ تامچىلىرى چاچراپ چۈشەتتى. خەيرىنسا خىلى ھەپىلىشىپمۇ چىگىلىكتەك چىرمىشىپ كەتكەن ئۇزۇن چىچىنىڭ چىگىلىكلىنى چىقىرالمىدى.

ــ ئەجەبمۇ تويدۇم بۇ چاچتىن، ــ دېدى خەيرىنسا ئۆزگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىپ، ــ تۈۋىدىن كېسىۋەتسەمغۇ مۇنداق خاپىلىقمۇ بولمايتتى.

ــ ئۇخلاپ چۈشىڭىز، ــ سۇپىدا نىمىدۇر بىر ئىش بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن نۇرنىساخان ئاچا قىزىنىڭ قولىدىكى تارغاقنى ئالدى، ــ كۆزۈم مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، ھەرگىز كەسكىلى قويمايمەن.

نۇرنىساخان ئاچا بىر قولىدا چاچنىڭ تۈۋىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ بىر قولىدا تارغاق سالغىلى تۇردى. نۇرنىساخان ئاچا چاچقا ھەربىر تارغاق سالغاندا، خەيرىنسانىڭ كۆزلىرى چىم ـ چىم قىلىپ يۇمۇلۇپ كېتەتتى. بىردەمدىن كېيىن چاچ دانىمۇ دانە بولۇپ ئايرىلدى. نۇرنىساخان ئاچا گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتكەن چىنىگە چىلانغان يىلىمنى ئىككى بارمىقىغا ئىلدۇرۇپ چاچقا تەكشى سۈۋىدى ـ دە، يەنە تارغاقلاشقا باشلىدى.

تۆمۈر ئاكا ئىشەكنى ھارۋىغا قېتىپ بولغانىدى. خەيرىنسا قارا سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھارۋىغا سالدى. تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان تۆمۈر ئاكا قول ياغلىقتا ئورالغان مۇشتتەك تۈگۈنچەكنى چىقاردى ـ دە، ئىككى تىزىغىلا قويۇپ يەشتى. قول ياغلىقتا تۈگۈلگىنى پۇل ئىدى.

ــ بۇ پۇل سەل كەم، بالام، ــ دېدى تۆمۈر ئاكا يۈز

كويلۇقتىن بىر موچەنگىچە بولغان پۇللارنى يەنە بىر نۆۋەت ساناپ، — قالغان قىسمىنى كېلەر ھەپتە كېلىشكىنىمىزگە تەييارلاپ قويايلى. ئاڭغۇچە بوز يەر ئېچىش ئەمگىكى تۈگىسە بىر ئامالى بولۇپ قالار.

خەيرىنىسا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ پۇلنى قولىغا ئالدى.

— نەگە سالىسىز؟

— سومكامنىڭ يانچۇقىغا سالايمىكىن.

— ئۇ يەرگە سالماڭ بالام. باشقا سالغۇدەك يەر يوقمۇ؟

— ئەمىسە ماۋۇ چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سالاي.

خەيرىنىسا پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋىدى، تومپىيىپلا چىقىپ قالدى.

— بۇ تازا ئوبدان بولمىدى، بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا پۇلغا قاراپ، — مانا مەيەردە پۇل بار دېگەندەكلا تۇرۇپ قالدى.

— يېشىپ باشقا رەتلەيلىمۇ يا، — دېدى خەيرىنىسا ۋىللىدە قىزىرىپ.

— شۇنداق قىلماي بولمىغۇدەك.

نۇرنىساخان ئاچا قول ياغلىقنى يېشىپ پۇلنى رەتلەپ خەيرىنىسانىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— بوز يەرگە بارىدىغان ئىش بولمىغان بولسا، ئۆزۈم ئاپىرىپ قويۇپ كېلەتتىم، — دېدى خاتىرجەم بولالمىغان تۆمۈر ئاكا ئىشەكنىڭ باش بېغىنى تۇۋرۇكتىن يەشكەچ.

— خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى نۇرنىساخان ئاچا قايتا جېكىلەپ، — مەكتەپكە بېرىپلا پۇلنى تەشكىلگە تاپشۇرۇۋېتىڭ. يولدا بارغۇچە بىر قولىڭىز يانچۇقىڭىزدا بولسۇن.

— ماقۇل ئانا، خوش، خۇداغا ئامانەت.

قارا ئىشەك ئىرىنچەكلىك بىلەن مېڭىپ كەتتى. خەيرىنىسا ھارۋا ئۈستىدە ئەپچىللىك بىلەن ئولتۇرۇپ نوغۇچتەك قېتىپ كەتكەن ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى بىر باشتىن ئۇۋۇلاپ

يۇمشىتىشقا باشلىدى. تۆمۈر ئاكىمۇ هارۋىغا چىقىپلا ئىشەكنىڭ ساغرىسىغا قامچا ئۇردى. دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار تەڭلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. نۇرنىساخان ئاچا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر ئاكا هارۋىنى توختاتتى.

— مانا ماۋۇنىڭدا يانچۇقىڭىزنىڭ ئېغىزىنى تىكىۋېلىڭ، — نۇرنىساخان ئاچا كۆڭلەكنىڭ مەيدىسىنى چېتىپ قويىدىغان ئىلغاقنى ئاجرىتىپ قىزىغا بەردى.

— شۇنداق قىلىڭ، بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا، — تىكىپ قويسىڭىز ئىشەنچلىكرەك بولىدۇ.

هارۋا يەنە يولغا چۈشتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇنداق كۆيۈمچانلىقىدىن سۆيۈنگەن خەيرىنىسا ئاستا بۇرۇلۇپ دادىسىغا قارىدى. پاتتىڭىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر پىيالە سۇ توختىغۇدەك چوڭقۇر كاتەك، گۆشسىز ئېڭەكلىرىدىن بويۇنلىرىغىچە سوزۇلغان يول - يول قورۇقلار، سىنچىلاپ قارايمۇ قارىسىنى تاپقىلى بولمايدىغان چاچ - ساقال تۆمۈر ئاكىنى كۆنىسىرى هالىدىن كېتىۋاتقاندەك، ھېلىلا يىقىلىپ چۈشۈپ قايتا ئورنىدىن تۇرالمايدىغاندەك ئاجىز كۆرسەتتى. كۆڭلى بۇزۇلغان خەيرىنىسا «ئى رەھىم - شەپقەتلىك خۇدا، ئاتا - ئانامنىڭ تېنىنى ساق، ئۆمرىنى ئۇزاق قىلغايسەن» دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

## ئونىنچى باب

خەيرىنىسانىڭ ياتىقىدىكى قىزلار ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن پۇلنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن سائادەت مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى.

خەيرىنىسا ياتاقتا يالغۇز قالدى. ياتاق ئىچى دىمىق ئىدى. ئۇ سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدىيۇ، پۇلنى كەم

ئەكەلگەنلىكىنى ئويلاپ بارالمىدى. ئۇ مەقسەتسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقتى. ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلانغان گۈللۈكتىكى گۈللەر باراقسانلىشىپ، بەزى گۈللەرنىڭ يان شاخلىرى ۋادەكىنىڭ سىرتىغىمۇ بويۇن سوزۇپ چىقىشقانىدى. گۈللۈكلەردە، گۈللۈك ئەتراپلىرىدا كېپىنەكلەر ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. خەيرىنىسا گۈللۈكنىڭ نېرىسىدىكى تۇرۇبا ئالدىغا كەلدى. تۇرۇبىدىن سۇ پۇركىلىپ چۇشۇۋاتاتتى. تۇرۇبا ئالدىدا ھېلىلا بىرى بېلىق ئادالىغان بولۇپ، بېلىقنىڭ ئىچ - باغرى، كۇمۇشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان قاسىراقلىرى ھەررەڭ - سەررەڭ تاشلانغانىدى، بىر توپ سېرىق ھەرىلەر ئاشۇ تاشلاندۇقلارنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ يېيىشمەكتە ئىدى. تۇرۇبا ئالدىدىكى چۆجۈگۈنلەر يېرىم مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئۆسكەن، تۇرۇبىنىڭ سەل نېرىسىدا ئۈنۈپ قالغان تاۋۇزنىڭ پىلىكى تۇپراقنى باغاشلاپ خېلى يەرلەرگىچە سوزۇلغانىدى. بالدۇر چۈشكەن بىر دانە تاۋۇز كۆك ياڭاقتەك چوڭايغانىدى. خەيرىنىسا بۇ مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇپ قاراۋاتقاندا، ئارقا تەرەپتىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— نېمىگە شۇنچىۋالا قاراپ كەتتىڭ؟

خەيرىنىسا لاپ قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئون نەچچە قەدەم نېرىدا باھار كېلىۋاتاتتى.

— قويە، بىز بولمىساق مەكتەپنىڭ مەيدانلىرى سەتلىشىپ كېتىدىكەن.

— راست دەيسەن، مەكتەپ دېگەن ئوقۇغۇچى بىلەنلا ئاۋات بولىدىكەن.

— خانىمنىڭ ئۆيىگە نېمىشقا بارمىدىڭ؟

— باشقىلار قايتقاندا باراي دېگەن.

— ماڭ ئەمىسە، ھەممە باللار ياتاقلىرىغا كېتىشتى.

— ماقۇل.

www.uyghurkitap.com

باھار گېپىنى دەپ بولۇپلا دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىنى قارارلاپ ماڭغان خەيرىنسا بىر نەچچە قەدەمدىن كېيىن توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— سەن نەگە ماڭدىڭ؟

— دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كىرەي.

خەيرىنسا سائادەت مۇئەللىمنىڭكىگە سەل ھودۇققاندەك بولۇپ كىردى. ئالدىغا كۆك دوخاۋا پەشتاما تارتىۋالغان سائادەت مۇئەللىم ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى گاز ئوچاقتا كۆكتات قورۇۋاتاتتى. قازاندىكى كۆكتاتنىڭ ۋاژىلدىغان ئاۋازىدا سائادەت مۇئەللىم خەيرىنسانىڭ ھويلىغا كىرگىنىنى سەزمىدى. سائادەت مۇئەللىم چۆمۈچنى قويۇپ ئاسمانغا قارىدى ـ دە، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى دىگۇدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەۋرىشىم بەللىرىنى ئاستا تولغايتتى. ئاخىر بېلىنى تولغاشتىن بېشىنى تولغاشقا ئۆتتى. ئۇ بېشىنى ئىككى يانغا ئالدىرىماي بۇراۋاتقاندا، ئارقىسىدا قاراپ تۇرغان خەيرىنسانى كۆرۈپ قالدى.

— قاچان كەلگەنىدىڭىز؟

— ھە، مەن، ھازىرلا كېلىشىم.

— ئەتىلىكىڭىز ياخشى ئۆتتىمۇ؟

— ھەئە، بەك كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

— ئاتا ـ ئانىڭىز تىنچلىقتۇ؟

— تىنچلىق. . .

سائادەت مۇئەللىمنىڭ مۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن سورىغان سوئاللىرىدىن خەيرىنسانىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇقۇتقۇچىسىغا ئىچ ـ ئىچىدىن بىر خىل سۆيۈنۈش، ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى.

— پۇلنى ئەكېلىۋىدىم، خانىم، — خەيرىنسا قولياغلىقىغا ئورالغان بىر بولاق پۇلنى سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

سائادەت مۇئەللىم پۇللارنى تۇر بويىچە ئايرىپ رەتلەپ چىققاندىن كېيىن بارمىقىنىڭ ئۇچىغا تۈكۈرۈپ ساناشقا باشلىدى. خەيرىنسانىڭ كۆڭلىگە سىنىپ مۇدىرىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى، ھېچ بولمىغاندا نېمە مەنىدە گەپ قىلىدىغانلىقى ئايان ئىدى. گەپ ئاخىر تېشىلدى.

— كەم ئەكەپسىزغۇ؟

— ھەممىنى تەييارلاپ بولالمىدۇق، خانىم، قالغىنىنى دادام كېلەر ھەپتە تەييارلاپ قويىدىغان بولدى.

— ئامال بار كېلەر ھەپتىدىن قالدۇرماڭ.

— ماقۇل، خانىم، كېلەر ھەپتە چوقۇم ئەكېلىمەن.

خەيرىنسا سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ باھارنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدىمۇ قىزلار ئارىسىدا ئۇنىڭ گېپى بولۇپ ئۆتتى. ھەر كىم ئۆز قىياسى بويىچە بىرنېمىلەرنى دەپ باقاتتى. ھەتتا ناھايىتى قورقۇنچلۇق رەسۋا ئىشلاردىن گۇمانلانغانلارمۇ بولدى. لېكىن، خەيرىنسا ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. ئۇ دوستىنى باشقىلاردەك ئەيىبلىمىگىنى بىلەن كۆڭلى ھەر خىل گۇمانلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئەتىسى سەھەردە ھېچ كىشى باھار توغرىسىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ھەممىسى ئالدىراش چېيىنى ئىچىپلا سىنىپقا مېڭىشتى. پەقەت خەيرىنسالا ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى.

چۈشلۈك تاماققا قايتىپ كېلىپلا ئۇلار ھەيران قېلىشتى. باھار يوتقانغا پۈركۈنۈپ بەخىراман ئۇخلاپ ياتاتتى.

— باھار، باھار!

باھار خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ خەيرىنساغا قارىدى.

— تاماققا بارامسەن؟

— خاپا بولماي ئالغاچ كەلگىنە، ئاداش، مېنىڭ پەقەت

www.uyghurkitap.com

مىجەزىم يوق.

— كېچىدىن نەگە باردىڭ؟

— شەھەردىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ جاۋابىغا خەيرىنىسا ئىشەنمىدى. ئەمما، ئوشۇق گەپ كوچىلىمايلا چىنە ـ قاچىلارنى كۆتۈرۈپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن باھارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىغا قارىماي، كىيىمنى كۆپ كىيەتتى. ياتاقتا دوستلىرى بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئولتۇرماي، ھە دېسىلا بازارغا قاترايتتى. بۇرۇنقىدەك پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرماستىن شاراقشىتىپ خەجلەۋېرەتتى. سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپلا ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، يۈزىنى ھەر خىل بوياقلار بىلەن پارقىرىتىۋېتەتتى. بەزىدە دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئائىلىسىگە قايتماي شەھەردىكى «تۇغقان»لىرىنىڭ ئۆيلىرىدە بولاتتى. ياتاق ـ سىنىپلاردا، ئاخشاملىرى مۇزاكىرىدىن قايتىپ ماڭغاندا، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ئىشق ـ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى توۋلاپ كېتەتتى. بەزىدە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپ قالسا، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆز قارىچۇقىغا نېمە سىرلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئوقۇتۇش بىناسىدىن چۈشۈۋاتقان خەيرىنىسا كارىدورنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بىرمۇنچە باللارنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار يان تامدىكى قارا دوسكىغا قاراپ نېمىدۇر غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى. خەيرىنىسامۇ توپقا قوشۇلۇپ دوسكىغا قاراپ باقتى. ھەر خىل جىددىي ئۇقتۇرۇشلار ئاسمىشىپ تۇرىدىغان دوسكىغا ئالدىنقى مەۋسۇمدا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايتا ئىمتىھان بېرىش جەدۋىلى چاپلانغانىدى. خەيرىنىسا ھەربىر بەت تورى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسىم - شەرىپى بەش يەرگە يېزىقلىق تۇراتتى. دېمەك ئۇ بۇ قېتىم بەش پەندىن قايتا ئىمتىھان بەرمىسە بولمايتتى.

خەيرىنىسا ھودۇقۇشقا باشلىدى. يېنىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئۇنى مازاق قىلىشۋاتقاندەك، كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق «خەيرىنىسا تۆمۈر دېگەن مانا مۇشۇ» دەپ بىر - بىرىگە كۆرسىتىشۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ باللار ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ياتاقتىكى قىزلار بىر كارىۋاتقا تىقىلىشىۋېلىپ قارتا ئويناۋاتاتتى. خەيرىنىسامۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ كارىۋاتنىڭ جازىسىغا يۆلەنگىنىچە قاراپ تۇردى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. پۈتۈن پىكىر - خىيالىنى ئىمتىھاننىڭ غەم - ئەندىشىسى مالىمان قىلاتتى.

— ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئۇققانسىز؟ — دېدى شەرۋانە سانالغان قارتىلارنى بۇدرۇق بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرغاچ.

— ئۇقتۇم.

— بەش پەندىن بېرىدىكەنسىز.

— سەن نەچچە پەندىن بېرىدىكەنسەن؟ — سورىدى باھار شەرۋانىگە قاراپ.

— مەن ئاران ئىككى پەندىن بېرىدىكەنمەن، بىر پەن ئۈچۈن ئون كوي تۆلەيدىكەنمىز. باياتىن خانىمغا يىگىرمە كوينى تاپشۇرۇپ بەردىم.

— سېنىڭمۇ بەش پەن ئەمەسمىدى؟

— مېنىڭ نەدە بەش پەن بولىدۇ؟ ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمىگىنە، بەش پەندىن قايتا ئىمتىھان بېرىدىكەن دېسە،

باشقىلار بىغەم يۈرگىنى بىلەن مەن يۈزۈمنى كۆتۈرەلمەيمەن.

خەيرىنىسانىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى. ئۇ ئىمتىھان بېرىشتىن كۆرە ئەللىك كويدىن بەكرەك ئەنسىرەيتتى.

ھەممەيلەن كەچلىك تاماققا مېڭىشتى. ئەمما، باھار ياتاقتا يوق ئىدى. خەيرىنىسا بىلەن باھارنىڭ تاماق بېلىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، خەيرىنىسامۇ تاماققا بارالمىدى. ئۇ باھارنى ئىزدەپ سىنىپقا چىقتى. بىنا ئەتراپىدىكى باھار پات ـ پات خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئورۇندۇقلارغا قاراپ باقتى. لېكىن، باھارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. خەيرىنىسا باھارنى بىر سائەت بۇرۇن سائادەت مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرغانلىقىنى ئۇقۇپ، يەنە ئوقۇتۇش بىناسىغا كەلدى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق، سائادەت مۇئەللىم باھارنى قاتتىق تەنقىدلەۋاتاتتى. باھار بېشىنى ئۇستەلگە قويۇۋېلىپ دوم يېتىپ يىغلىماقتا ئىدى. سائادەت مۇئەللىمنىڭ تۇرۇلغان چىرايى، مۇشتىنى ئۇستەلگە ئۇرۇشلىرى مەسىلىنىڭ ئۇنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيتتى. خەيرىنىسا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئارقىغا ياندى.

كەچلىك مۇزاكىرىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كېڭىشى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، سىنىپ ئىچى پاتىپاراق ئىدى. قايتا ئىمتىھاننىڭ غېمىدە ئالدىنقى مەۋسۇملۇق دەرسلەرنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتقان خەيرىنىسا سىنىپنىڭ بىردىن تىنجىغانلىقىنى بايقاپ بېشىنى كۆتۈردى. مۇنبەردە سائادەت مۇئەللىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار ئەيمىنىپ سائادەت مۇئەللىمگە ئودۇل قارىيالمايۋاتاتتى. شۇ تەرزدە بىرەر مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتتى. سىنىپنىڭ بۇ تەرەپتىكى بۇلۇڭىدا چىۋىن ئۇچسا نېرىقى بۇلۇڭىدا تۇرۇپ بىلگىلى بولاتتى.

— سىلەر مۇزاكىرىنى مۇشۇنداق قىلامسىلەر؟ — دېدى سىنىپ مۇدىرى ئاخىر زۇۋانغا كېلىپ، — ۋاقىتنى مۇنداق ئىسراپ قىلىشتىن نومۇس قىلمىدىڭلارمۇ؟! دەرسنى بەك بىلىپ كەتتىمىكىن دېسەم ھالىڭلار تايىنلىقكەن. قايتا ئىمتىھان بېرىدىغانلار مەكتەپ بويىچە نىسبەتلەشتۇرگەندە بىزنىڭ سىنىپتىن كۆپ چىقىپسىلەر. ئاتا - ئاناڭلار سىلەرنى مەكتەپكە ئوقۇغىلى ئەمەس، بىكار ئويناپ كۈن ئۆتكۈزگىلى، پۇل بۇزغىلى ئەۋەتكەنمۇ؟ قايتا ئىمتىھان كېلەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئېلىنىدىكەن. قايتا ئىمتىھان بېرىدىغان ساۋاقداشلار ھەر نېمە قىلىپ مۇشۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار. ناۋادا بۇ قېتىممۇ شاللىنىپ قالساڭلار، دىپلوم ئالالمىغىنىڭلار شۇ. بەزى ساۋاقداشلار قايتا ئىمتىھان ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇلنى تاپشۇرۇپ بولدى. لېكىن، بەزىلەر تېخىچە سوت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايۋاتىدۇ. شۇڭا، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنى ھازىر يىغىمىز.

قايتا ئىمتىھان بېرىدىغان باللار ئۆيەر - بۇيەردىن قوپۇپ سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. خەيرىنسادا پۇل بولمىغاچقا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئوقۇشقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى. «ئىسىت، بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام ئىمتىھاننى شۇنداقلا بېرىپ قويماسمىدىم. مەھەللىمىزدە دېھقانچىلىق قىلغان بولسام بىرەرسى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىدى. ئاتا - ئانامنى قەرزگە بوغۇپ بۇ مەكتەپكە نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن. ئەسلى مەكتەپ دېگەن نامراتلار ئۈچۈن ئەمەس، بايلار ئۈچۈن ئېچىلغانىكەن ئەمەسمۇ؟!»

— خەيرىنسا تۆمۈر!

خەيرىنسا چۆچۈپ سىنىپ مۇدىرىغا قارىدى.

— سىز ئەللىك كويچەن تۆلەيدىكەنسىز، پۇل بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مەندە پۇل يوق، خانىم، شەنبە كۈنى ئۆيگە بارغاندا ئالغاچ كېلەي.

— ئامالىنى قىلىپ بېقىڭ، ئۇكام، پۇلنى ئەتىدىن قالدۇرماي خوجىلىق بۆلۈمىگە تاپشۇرىدىكەنسىز.

خەيرىنىسا گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرىۋەردى، نېمىمۇ دېيەلەيتتى. ئۇ دەيدىغىنىنى دەپ بولدى ئەمەسمۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پىچىرلىشىش باشلاندى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇ ئارىدا باھارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى:

— مەن تۆلەپ بېرەيىيا، خانىم.

— ھە، سىز خەيرىنىساغا ئەللىك كوي ئۆتنە بەرمەكچىمۇ؟

— ھەئە، — باھار يانچۇقىنى ئاختۇرغاچ سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ئۇنىڭدا ھازىر پۇل يوقكەن.

— سىنىپىمىزدا قىيىن ئەھۋالدا قالغان دوستلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنالايدىغان مۇنداق ياخشى ساۋاقداشىمۇ بار، — سائادەت مۇئەللىم باھارنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قېنى ساۋاقداشلار، باھارنىڭ بۇ پەزىلىتىنى بىر تەبرىكلىۋېتەيلى.

سىنىپ ئىچىنى تاراسلىغان چاۋاك ئاۋازى لەرزىگە سالدى.

— ماڭا قاراڭ، خەيرىنىسا، — سىنىپ مۇدىرى خەيرىنىساغا يۈزلەندى، — باھارنىڭ ئەللىك يۈەن پۇلنى كېلەر ھەپتىدىن قالدۇرماي ئالغاچ كېلىڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— مۇزاكىرە تۈگىگەندىن كېيىن سىنىپ ھەيئەتلىرى مېنىڭ ئىشخانامغا چىقىڭلار، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، — سائادەت مۇئەللىم ئاخىرقى گېپىنى دېگەچ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

كۈنلەر بىر - بىرىگە ئورۇن بوشىتىپ، ئۆكتەبىر ئېيىمۇ

بىر يەرگە بېرىپ قالدى. گۈللەر سولىشىپ، دەل ـ دەرەخنىڭ يېشىل ياپراقلىرى سارغىيىشقا باشلىدى. لېكىن، خەيرىنىسا مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان پۇلنى تېخىچە تۆلىيەلمەيۋاتاتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى هامان ئۇنىڭ بېشىدا بىرسى تاياق تەڭلەۋاتقاندەك ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىر جۇپ كۆز «پۇلنى قاچانغىچە تاپشۇرمايسىز» دېگەن مەنىدە تىكىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان غەم ـ ئەندىشە دەستىدىن كالالىسىغا دەرسمۇ چۈشمەيتتى. ئوقۇتقۇچى مۇنبەردە دەرس سۆزلىگەندە، ئۇ بىرىلىپ تىڭشاۋاتقاندەك قاراپ ئولتۇرسىمۇ پىكىر ـ خىيالى ئاشۇ پۇللارنى قانداق تۆلەش ئۈستىدە بولاتتى. هەر قېتىم ئۆيگە بارغاندا، دادىسى ئامال قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، هېلىقى ئۆزگەرمەس ئون بەش يۈەن بىلەن يولغا سالاتتى. دىلى يۇمشاق ئانا بولسا قىزىنىڭ كۆرىۋاتقان كۈنلىرىگە چىدىماي يۇم ـ يۇم يىغلايتتى.

— يەنە بىر هەپتە چىداڭ، بالام، — دېدى تۆمۈر ئاكا يەكشەنبە كۈنى خەيرىنىساغا مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا، — ئاكىڭىز يېرىنى تاشلاپ نا شاگجاڭنىڭ قويلىرىنى بېقىپ بېرىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كەتتى. نا شاگجاڭ مۇشۇ هەپتىدىن قالدۇرماي مىڭ كوي بېرىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ئاشۇ پۇلنى ئېلىپلا يەكشەنبە كۈنى ئۆزۈم باراي، سىز كەلمەي مېنى بېكەتتە ساقلاڭ.

خەيرىنىسا ماقۇل بولۇپ قايتىپ كەلدى. گەرچە ئۇ بۇ قېتىم پۇل ئەكېلەلمىگەن بولسىمۇ ئۈمىد ئېلىپ كەلگەنىدى.

خەيرىنىسا سىنىپ مۇدىرىنىڭ چاقىرغانلىقىنى باشقا بالىلار ئارقىلىق ئاڭلاپ ئىشخانىغا چىقتى. ئىشخانىدا سائادەت مۇئەللىمدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

— مەن سىزنىڭ ساق ـ سالامەت ئوقۇش پۈتتۈرەلىشىڭىزدىن سەل گۇمانلىنىۋاتىمەن، خەيرىنىسا، — سائادەت مۇئەللىم

گەپنى ئەنە شۇنداق قوپال ئىبارىلەر بىلەن باشلىدى. — مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان پۇلنى تېخىچە ئەكېلەلمىدىڭىز، بۈگۈن خوجايىنلىق بۆلۈمىدىكىلەر يەنە پۇل تۈتتى.

— يەكشەنبە كۈنى دادام ئېلىپ كېلىدۇ، خانىم.

— سىزنىڭ يەكشەنبىڭىزمۇ تۈگىمەيدىكەن، ھېلىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يەكشەنبە، يەكشەنبە دەپ بۈگۈنگە ئەكەلدىڭىز.

— يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاكامغا مىڭ كوي بېرىدىغان بوپتىكەن. شۇ پۇل قولىغا تەگسىلا دادام ئۆزى ئېلىپ كېلىدۇ.

— قولىغا تەگمىسىچۇ؟

— . . .

خەيرىنىسانىڭ يۈرىكىنى مۇزدەك بىر نەرسە مۇجۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭمۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنى ئاشۇ سوئال ئىدى.

## ئون بىرىنچى باب

خەيرىنىسا ئاپتوبۇس بېكىتىدە يېرىم كۈن ساقلىدى. ھەربىر ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرگەندە، ئۇ ئىختىيارسىز ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ چۈشۈۋاتقان يولۇچىلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسالاتتى. يولۇچىلار ئارىسىدا تۆمۈر ئاكىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاستا ئارقىسىغا يېنىپ كېيىنكى ئاپتوبۇسنىڭ يولىغا تەلمۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۈستىگە تاغار سومكا. . . ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەر بېسىلغان ئاپتوبۇسلار كەينى ـ كەينىدىن بېكەت سەيناسىغا كىرىپ كېلىۋەردى. ئەمما تۆمۈر ئاكا كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ قۇياش غەربكە قىيسايدى. ھارغىنلىق ۋە ئاچلىقتا ھالىدىن كەتكەن خەيرىنىسا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئەمما كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە «دادام ئەمدى كېلەلمەيدىكەن» دېگەن ئۈمىدسىزلىك قوترىسا، يەنە بىر

يەرلىرىدە «كېلىپ قالارمۇ يا» دېگەن ئىشەنچمۇ غۇۋا يېلىنجايتتى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇستىگە تۆت دانە توخۇ كاتىكى بېسىلغان بىر ئاپتوبۇس بېكەتكە يېقىنلاپ كەلدى. كۆزنەكلەردىن قاراپ يولۇچىلارنى چالا - بۇلا كۆرۈشكە ئۈلگۈرگەن خەيرىنسانىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ كەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆشنىسىگە خۇرجۇن ئارتىۋالغان تۆمۈر ئاكا ئالدىغا سەل ئېگىلىپ قاراپ تۇراتتى. خەيرىنسا ئاپتوبۇسقا ئەگىشىپ بېكەت ئىچىگە كىردى. ئاپتوبۇس تېگىدىن زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان بېكەت سەيناسىنى بىر چۆرگىلەپ توختىدى. ئادەملەر بىر - بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىغاندا، خەيرىنسانىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئىزناسى ئاستا - ئاستا ئۆچتى. باياتىن خەيرىنسا تۆمۈر ئاكا دەپ پەرەز قىلغان ئالدىغا ئېگىشەڭگۈ ئادەم باشقا بىر يولۇچى بولۇپ چىققانىدى. ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ كۆپۈككە ئايلانغان خەيرىنسا خۇددى يارىلانغان ئاق قۇشقاچتەك بىچارە قىياپەتتە بېكەت ئالدىدىن كەتتى.

رەستىدە ئادەملەر مىغ - مىغ ئىدى. ئەمما، خەيرىنسا ئۆزىنى ئادەمسىز چۆل - جەزىرىلەرگە كېلىپ قالغاندەك يالغۇز ھېس قىلاتتى. كۆزلىرىگە ھېچ كىم كۆرۈنمەيتتى. قۇلىقىغا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. پەقەت دۇنيادىكى بىردىنبىر غەمگۇزارى تۆمۈر ئاكىنىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غىل - پال پەيدا بولاتتى - دە، يەنە يوقاپ كېتەتتى. «ئاھ، مېھرىبان دادا، سىز ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باققان ئەمەس، سىزنىڭ راستچىللىقىڭىز ماڭا ئۈرنەك بولۇپ يالغانچىلىقتىن يىرگىنىدىغان پەزىلەتنى ئاتا قىلغانىدى. ئەجەبا، سىز مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتىڭىزمۇ؟ قىزىڭىزنىڭ يولىڭىزغا قانچىلىك ئىنتىزار بولغانلىقىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىدىڭىزمۇ؟ !» خەيرىنسا ئەنە

شۇنداق خىياللارنى قىلغاچ دېھقان بازىرىغا كەلدى.

شەھەرنىڭ شەرقىدە «دېھقان بازىرى» دېيىلىدىغان قاتناق رەستە بولۇپ، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ قوشۇق، ئۆتكەمە ـ غەلۋىر، مىس چۆگۈن، ئارغامچا ـ توقۇناق، ئاشلىق، كىگىز، بورا. . . ئىشقىلىپ ئىنساننىڭ تۇرمۇشىدا ئەسقاتىدىغان لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى مەشەدىن تاپقىلى بولاتتى. يەكشەنبىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئادەم شالاڭ بولغىنى بىلەن يەكشەنبە كۈنى قىستىلاڭچىلىق دەستىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىتتا يۈز مېتىر يەرگىمۇ تەسلىكتە بارغىلى بولاتتى. بىر قەدەم ئالدىغا چامدىسا باشقىلار ئىككى قەدەم ئارقىغا تۈرتۈۋېتەتتى.

خەيرىنىسا ئىنقا ـ ئىنقا بولۇپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتەلمەيۋاتقاندا، بۇرنىغا شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئاچلىقتىن ئىگىلىپ قالغان خەيرىنىسا ئەتراپقا قارىدى. يېقىنلا يەردە بىر ئايال ئۈچ دانە قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قازان ئېسىپ قوي كالللىسى قاينىتىۋاتاتتى. قازاننىڭ ئەتراپىدا تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان دېھقانلار قاتتىق زاغرىسىنى شورپىغا چىلاپ يەۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر دېھقان خەيرىنىسانىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ۋىجىك، چىرايى چۆيۈندەك قارا كىشى بولۇپ، چوققىسى تۆشۈك تەلپىكىدىن چىقىپ قالغان تۇتام قارا يۇڭ خۇددى ھۆپۈپنىڭ تاجىسىدەك دىڭگىيىپ تۇراتتى. مازلىرى ساڭگىلاپ قالغان ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن كونىرىغان كۆك چىت پوتا باغلىۋالغان، ھارۋىدىن چىقارمىغان سۇر ئىشەكنىڭ باش بىغىنى پوتىسىغىلا چىگىپ قويغانىدى. ئىشەك ئۇنىڭ بىر قەدەم نېرىسىدا قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ ئۆگدەپ تۇراتتى. دېھقان ئالدىغا سەل ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ شورپىغا چىلانغان زاغرىسىنى راسا ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى.

خەيرىنىسا بۇ يەردىن تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى. ئەمما، ئانچە

ئۇزاقلارغا بارمايلا توختاپ قالدى. تۆت كوچا كېسىشكەن دوقمۇشتا ئىككى ئادەم كىچىك تراكتورنى توختىتىپ قويۇپ چامغۇر سېتىۋاتاتتى. تراكتورنى يولنىڭ ياقىسىغا قانچە قىستاپ باققان بولسىمۇ توچەينىڭ بىر پېشى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغاچقا، ئادەم ۋە ئېشەك هارۋىلىرى ناهايىتى تەستە ئۆتۈشەتتى. ئېشەك هارۋىسىغا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ بېسىلغان ئۈچ تاغار گۇرۇچ قارشى تەرەپتىن كەلگەن هارۋىدىكى ئوتتۇنغا تېگىپ كېتىپ شارقىراپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئوتۇن سۇلياۋ تاغارنى خۇددى قاسساپ قوينىڭ قارنىنى يارغاندەك پىچىپ تاشلىغانىدى.

— هەي، ئېشىكىڭنى توختات، توختات!

— هۇچچىش، قارىغۇ.

ئوتۇنچى ئېشەكنىڭ نوقتىسىنى قامانلاپ توختاتقاندا، گۇرۇچ تېخى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ئاستىراق هەيدىسەڭ بولمامتى، پاقە تەلپەك.

— ئاغزىڭنى بۇزما پوق ساقال، ئوتۇننى كۆرگەندىكىن ئۆزۈڭمۇ نېرىراق تارتساڭ بولىدىغۇ.

— بۇ تارچىلىقتا نەگە تارتاتتىم؟

— سەن تارتمىساڭ مەن تارتالامتىم؟

يول بويىدا تاش تۇز سېتىپ ئولتۇرغان چار ساقال دېهقان ئارىغا چۈشتى.

— بولغۇلۇق بولدى، تۇغقانلار، كۆڭۈلنى كەڭ قىلىشمايلى، بازار كۆنلۈك دېگەندە بىسمىللا دەپ ئۆيگە تىنچ كېتىۋالدىغان ئىش.

— هەي، قاراپ تۇرماي ماڭە ئالدىڭغا!

كىمدۇر بىرى قامچىسىنى تەڭلەپ ئوتۇنچىغا ۋارقىرىدى. ئوتۇنچىمۇ ئېشىكىنى خىتىلدىتىپ ئاستا ماڭدى. تۇزچىنىڭ هە ـ هۇ دېيىشى بىلەن قاراپ تۇرغانلاردىن بىرقانچىسى گۇرۇچ

ئىگىسىگە ياردەملىشىپ، يەردە ئاپئاق چېچىلىپ ياتقان گۆرۈچنى تاغارغا ئېلىشىپ بېرىشكە باشلىدى. دەسلەپىدە پاكىز گۆرۈچنى ئوچۇملاپ ئالدى. ئاخىر شور توپا ئارىلىشىپ كەتكەن ئەخلەت گۆرۈچنى تەلپەكتە سۈپۈرۈپ ئايرىم بىر تاغارغا قاچىلاشتى. كۆز ئالدىدا تۆكۈلگەن گۆرۈچ خەيرىنساغا خۇددى ئىچ باغرى يەرگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ گۆرۈچلەرنى تاغارغا ئېلىشىپ بەردى. قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەيۋاتقان خەيرىنسانىڭ مۇشۇ قاتتىق گۆرۈچلەردىن ئوچۇملاپ ئېلىپ ئاغزىغا سالغۇسى كېلەتتى. هارۋىلار گىرەلىشىپ توختاپ قالغانىدى. بىرمۇ ئادەم ئالدىغا ماڭالمايتتى. كەينىگە يېنىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر هارۋا ئالدىغا بىرەر قەدەم سىلجىسا بوشىغان يەرگە ئىككى هارۋىنى تەڭ ئەكىلىپ كەپلەيتتى ــ دە، نەتىجىدە هەر ئىككىلىسى ماڭالماي قالاتتى.

ــ هەي، ئېشەكىڭنىڭ بېشىنى نېرى تارت! پىچاننى ئېزىۋەتتى.

ــ نەگە تارتىمەن، بوش يەر بولمىسا؟

ــ هەي گاداي، يول ئاناڭدىن مىراس قالمىغاندىكىن كەچكىچە ئولتۇرماي قوپە ئورنۇڭدىن!

ــ ماۋۇ گۆرۈچلەرنى ئېلىۋېلىپ بىكارلىمامدىمەن؟

خەيرىنسا شىددەتلىك ئېقىنغا قارشى تۇرۇپ بېرىۋاتقاندەك تىركىشىپ يۈرۈپ بورا بازىرىغا كەلدى. چوڭ ــ كىچىك تۇرمەللەنگەن بورىلار ئىككى قىرغاقتا قاتار تىكلەپ قويۇلغانىدى. ئوتتۇرىسىدىن ئادەملەر ئۇياق ــ بۇياقتا ئۆتۈشەتتى. بازارچىلاردىن بىرەرسى بورىغا سەپسالغۇدەك بولسا بورىچى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ بورىنى ئوبدانراق كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈنەتتى. ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ ئەرزان بېرىشنى ۋەدە قىلاتتى.

خەيرىنسا بورىچىلار ئارىسىدىن مەھەللىسىدىكى قوشنىسى بارات ئاكىنى ئىزدىدى. بارات ئاكا خەيرىنسانىڭ دادىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشى بولۇپ، ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ يەرگە بورا ئەكىلىپ ساتاتتى. مەھەللىدە پەقەت بارات ئاكىلا تۆمۈر ئاكىنىڭ ئائىلىسىگە قولىدىن كېلىشىچە قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، بارات ئاكا بۈگۈن يوق ئىدى. ھەر دائىم ئۇ بورا چۈشۈرىدىغان يەردە ھارۋىنىڭ چاقىغا باغلانغان بوز ئېشەك كورۇسلىتىپ سامان يەۋاتاتتى.

خەيرىنسا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئۇ مەكتەپكە بارىدىغان ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ بىرەرسىدىن بىر كوي قەرز ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىر كوي بولمىسا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەكتىپىگە قايتالمايتتى. پۇت - قوللىرىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ دىرىلداپ تىترىشىگە، ئاشقازىنىنىڭ ئاغرىشىغا ھەر نېمە قىلىپ چىداشلىق بېرەلەيتتى. چىداشلىق بەرمەيمۇ ئامالى يوق ئىدى. ئۇ بازاردىن خېلى تەستە ئۆتۈپ بېكەتكە كەلدى. ئۇ ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرۇشقانلار ئارىسىدىن بىرەر تونۇش چىرايىنى ئىزدەۋاتقاندا، ئارقا تەرىپىدىن كەلگەن بىر جۈپ قول ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تۇتۇۋالدى. ئاشۇ بىر جۈپ قولدىن ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە ئاللىقانداق بىر شادلىق ئېقىپ كىرگەندەك بولدى. خەيرىنسا كۆزىنى تۇتۇۋالغان قولنىڭ بارماقلىرىنى، بېلەكلىرىنى سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ قول ئىگىسىنى ئاسانلا تېپىۋالدى.

— باھار! . .

باھار خەيرىنسانىڭ كۆزىنى قويۇپ بېرىپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈۋەتتى.

— تاپالماس دېسەم تېپىۋالدىڭغۇ موللا تاپقاق.

— سېنىڭ قوللىرىڭ ماڭا تونۇش تۇرسا.

— داداڭ بىلەن كۆرۈشەلىدىڭمۇ؟

— ياق، دادام كەلمىدى.
خەيرىنىسا بىر چەتكە قاراپ ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش تولغانىدى.
— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئاداش، داداڭنىڭ بىرەر مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ.
— نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدىم. كۆڭلۈمگە ھەر خىل ئىشلار كېلىۋاتىدۇ.
— ياكى مەكتەپكە ئۆتكۈزىدىغان پۇلنىڭ جايىنى قىلالمىغاندۇ، قارا.
پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خەيرىنىسانىڭ يۈرىكى ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ پۇلنىڭ شۇ قەدەر رەھىمسىز ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇشۇ مىنۇتلاردا ھەر دائىمقىدىن بەكرەك ھېس قىلماقتا ئىدى.
— چىرايىڭ بەك ئوسال كۆرۈنىدىغۇ، ئاداش، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟
— ياق، — دېدى خەيرىنىسا لېۋىنى چىشلەپ، ئەمما ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا سىغمىغان ياش يامغۇردەك تامچىلاپ كەتتى.
— راست گەپ قىلە، ئاداش، مەندىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتامسەن، ساڭا زادى نېمە بولدى؟
— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — خەيرىنىسا پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.
— جۇر ئەمىسە، ياخشىراق ئاشخانىلاردىن بىرەرسىگە بېرىپ غىزالىنايلى.
— مەندە پۇل يوق، سەندىچۇ؟
— پۇلنىڭ ئىشىدىن ئەندىشە قىلما، ماۋۇ مۇراتجان مېھمان قىلىدۇ.
— مۇراتجان؟
خەيرىنىسا يانغا بۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىككى قەدەم نېرىسىدا

ئاق بوغما چاپان كىيگەن، قىزىل كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى چاپاننىڭ ياقىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان، چېچىنى سىپىسىلىق تاراپ ئوتتۇرىدىن ئىككى يانغا ئايرىۋالغان بىر يىگىت قاراپ تۇراتتى. خەيرىنىسا باھارغا يولۇققىنىنىڭ خۇشاللىقىدا يىگىتكە دىققەت قىلمىغانىدى. ئەمدى ئۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلغانلىقىدىن سەل خىجىل بولدى.

— مېھمان قىلارسىز، مۇراتجان؟ — باھار يىگىتكە يۈزلىنىپ سورىدى.

— چاتاق يوق، — دېدى مۇراتجان قىزلارنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ.

— مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — باھار يىگىتنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى، — دادامنىڭ شەھەردىكى تۇغقىنىنىڭ ئوغلى مۇراتجان بولىدۇ. شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. بۇرۇن ئىزدەشمەپتىكەنمىز. ئەمدى ئىزدىشىپ ئۆتىدىغان بولۇشتۇق، — ئاندىن خەيرىنىسانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ماۋۇ مېنىڭ يۇرتدىشىم خەيرىنىسا، ئىككىمىز باشلانغۇچتىن تارتىپ بىر سىنىپتا ئوقۇپ كېلىۋاتىمىز.

مۇراتجان خەيرىنىساغا قاراپ يېنىك باش لىڭشىتىپ قويدى.

— ساڭا گېپىم بار، بۇياققا كەلگىنە، — خەيرىنىسا باھارنى بىر چەتكە تارتىپ سورىدى، — سەندە راستىنلا پۇل يوقمۇ؟

— يوق.

— سەندە پۇل بولسا تاماق يەيلى، پۇل بولمىسا مەكتەپكە چىقىپ كېتەيلى، ئاداش، ماڭا مەكتەپكە چىققۇچە بىلەت ئېلىپ بەرسەڭلا بولىدۇ.

— مۇراتجان مېھمان قىلسىمۇ مەن مېھمان قىلغان بىلەن ئوخشاش. بىزمۇ ئاشخانىغا كىرىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىپ

تۇراتتۇق.

— مەن يات ئادەملەرنىڭ ئىلىپ بەرگەن تاماقلىرىنى يېمەيمەن.

— مۇراتجاننى يات ئادەم قاتارىدا كۆرسەڭ خاتالىشىسەن، — دېدى باھارنىڭ چىرايى ئازراق ئۆڭگەنىدى، — ئۇ دېگەن مېنىڭ بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم. ئىشقىلىپ قورساق تويسا بولمىدىمۇ؟ مەكتەپكە چىقساقمۇ بىزگە يەيدىغان تەييار تاماق يوق.

باھار توغرا ئېيتىدۇ. مەكتەپكە بارغان بىلەن ئۇلارغا كىم يېمەكلىك بېرەتتى. ئەتە ئەتىگەنگىچە ئاشپەزلەرمۇ دەم ئالىدۇ ئەمەسمۇ. ئەتىگەن ئىچكەن چاي بىلەن كېچىنى تاڭ ئاتقۇزغىلى بولاتتىمۇ. خەيرىنىسا ساندۇقنىڭ تېگىدە بىر-ەر نان ساقلاپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. «نان بولغان بولسا ھەرقانچە تاشتەك قېتىپ كەتسىمۇ قايناقسۇغا چىلاپ قورساقنىڭ غېمىنى قىلالايتتىم. ئەپسۇسكى...» شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقان خەيرىنىسانىڭ ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتتى. پۇتلىرىمۇ ھالسىزلىقتىن سىرقىراشقا باشلىدى.

— ئەخمەق بولما، ئاداش، — دېدى باھار خەيرىنىسانىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — راست گەپنى دېگەندە مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى. شۇنداق تۇرۇپ يەنە باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىساق، بۇ ئۆزىمىزنىڭ تەتۈر پېشانىلىكىمىز بولمامدۇ.

باھار ئاستا چامداپ پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقان مۇراتجاننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ دېدى.

— ئەمىسە ماقۇل.

— بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭلار، — يىگىت يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ قارشى تەرەپتىكى تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا مەكتەپ تەرەپكە قاتنايدىغان چوڭ ئاپتوبۇس

بىكەتكە كېلىپ توختىدى. ئەتىدىن بېرى ساقلاپ تاقىتى تاق بولغان يولۇچىلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىـــپ ئاپتوبۇسقا چىقىشتى ـ دە، ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. بېكەتتە ئەمدى خەيرىنىسا بىلەن باھارلا قالغانىدى.

— سەندە مەكتەپكە چىقىۋالغۇدەكمۇ پۇل يوقمىدى؟ — سورىدى خەيرىنىسا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— يوق.

— ئەمىسە ھېلى قانداق چىقىپ كېتەرمىز؟

— غەم قىلما، ئامالى بولۇپ قالار. ھېچ بولمىغاندا مۇراتجاندىن قەرز ئالىمىز.

— تـاكسـى ھـەيدەيدىغـان بىر ئـاغىنـەمگـە تېلېفـون بېرىۋەتتىم، — دېدى مۇراتجان قىزلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بەش مىنۇتقا قالماي ئالدىمىزغا ئۇنۇپ بولىدۇ. سىـلەردەك نازىنىنلار ئاپتوبۇسقا ئـولتـۇرۇپ قـايتسـاڭلار قـاملاشمـاس. تاماقتىن كېيىن تاكسىدا بىردەمدىلا مەكتىپىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويىمىز.

خەيرىنىسانىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. چۈنكى، قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا مەكتەپكە قانداق چىقىپ كېتىشمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سېلىپ تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

— ئاغىنىڭىز پۇلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەن بولسا كەلمەمدۇ تېخى، — دېدى باھار مۇراتجانغا نازلىق بېقىپ.

— قاراپ تۇرۇڭ، ھازىرلا كېلىپ بولمىسا مەن سىزگە قۇلىقىمنى كېسىپ بېرەي.

— سىزنىڭ قۇلىقىڭىزنى كېسىپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدى باھار كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، — ياكى ئۇنى ماشىنا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمىسا.

— مىنىڭ قۇلىقىمنى ئايروپىلان ئۇرسىمۇ ئۇچۇرغىلى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ خاسىيەتلىك قۇلاق ئوخشىمامدۇ.

باھار خەيرىنىساغا خۇددى سىرلىق بىر درامىدا رول ئىلىۋاتقان ئارتىستەك غەمسىز، بىپەرۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ قانچە ئىرەن قىلمىغانسىرى خەيرىنىسانىڭ كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەندىشە شۇنچە كۈچىيىپ باراتتى. شۇ ئارىدا ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان «شالى» ماركىلىق قىزىل ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ، سىرىق بۇرۇت بىر يىگىت كابىنكىدىن بىشىنى چىقاردى.

— خۇداغا شۈكرى، قۇلىقىمۇ كىسلمەيدىغان بولدى، — دىدى مۇراتجان شوپۇر يىگىت بىلەن كۆرۈشكەچ.

قىزلار يەنە قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بولۇپمۇ باھارنىڭ كۈلكىسى ئالاھىدە جاراڭلىق ئىدى.

— سىزنىڭ قۇلىقىڭىزنى كىم كىسىدىكەن؟ — دىدى شوپۇر يەرگە چۈشۈپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى جالاقىدە يىپىۋىتىپ.

— كىم كىسەتتى، باھارگۈل كىسىدۇ ـ دە.

— ئەندىشە قىلما، ئەخمەق. باھارگۈل سىزنىڭ قۇلىقىڭىزنى كىسىشكە ھەرگىز چىدىمايدۇ.

— يۈرۈڭلار، ئاۋۇ ئاشخانىغا كىرىپ قورساقنى توقلايلى، — دىدى مۇراتجان يىقىنلا يەردىكى ئۇنئالغۇدىن ناخشا ئاۋازى ياڭراۋاتقان ئاشخانىنى كۆرسىتىپ، — تامىقى يامان ئەمەس.

ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى يوغان ئاق سىرلىق تاختايغا ئالىقىنىنى كەڭ ئىچىپ خىرىدارلارنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىۋاتقان ئاق پوسمىلىق ئەرنىڭ سۈرىتى، سۈرەتنىڭ يىنىغا «قارلىق چوققا ئاشخانىسى» دىگەن خەت چۈشۈرۈلگەنىدى. ئىككى مەڭزى گۆشگىردىدەك سىمىز، پاكار بويلۇق، قاپقارا

بۇرۇتى مايلىنشاڭغۇ بىر يىگىت يوغان چېلەكتە يۇندا كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە، سىمونت يولغا شالاقشىتىپ تۆكتى.

ـــ قېنى مېھمانلار، ئاشخانىغا مەرھەمەت، ـــ دېدى يىگىت غارالڭ ـ غۇرۇلڭ ئاۋازدا.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىشتى. ئاشخانا ئىچى خېلىلا ئىسسىق ئىدى. ھەر خىل تائامنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ئاچ قورساقنىڭ تەقەززاسىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى. ئۇلار يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقا سەپكۈن يۈز، بىر تۇتام سېرىق چېچى ئاق پوسمىنىڭ سىرتىدا خۇددى ئۆچكىنىڭ ساقىلىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كۈتكۈچى قىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى.

ـــ مېھمانلار نېمە تاماق يەيدىكىن؟

ـــ نېمە تاماق يەيمىز، قىزلار؟ ـــ مۇراتجان باھارنىڭ چىرايىغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

ـــ ئىختىيار سىزدە، ـــ دېدى باھار، ـــ سىزنىڭ كۆڭلىگىز نېمە تارتسا شۇنى يەيلى.

ـــ نېمە يېمەكلەر شۇ بار، ـــ دېدى كۈتكۈچى قىز چاي قۇيغاچ، ـــ پولۇنى ھازىرلا ئاچتۇق.

ـــ پولۇ يەمدۇق؟

باھار بېشىنى ماقۇل مەنىسىدە يېنىك لىڭشىتتى.

ـــ ئەمىسە تۆت كىشىلىك پولۇ! ـــ دېدى مۇراتجان كۈتكۈچىگە بۇرۇلۇپ.

شۇ چاغدا شوپۇر يىگىتمۇ كىرىپ كەلدى.

ـــ پولۇ يەيدىغان بولدۇق، بوپتۇمۇ؟ ـــ سورىدى مۇراتجان.

ـــ نېمە يېسەك ئوخشاش، ـــ مەگىستىمگەندەك جاۋاب بەردى شوپۇر مۇراتجاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ـــ قوپ، سىرتقا چىقىپ بىرەر تالدىن تاماكا چېكىشىپ كىرەيلى.

ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئۇزاققا قالمايلا شىرەگە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان گۆشلۈك پولۇ كەلتۈرۈلدى. قىزلارنىڭ قورسىقى غولدۇرلاپ تۇرسىمۇ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ ئولتۇرۇشتى. يىگىتلەر كىرىپ دەۋەت قىلمىغۇچە تاماققا قول ئۇزىتىشقا بولمايتتى. بىردەم چىدىيالمىسا، يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك بولاتتى.

يىگىتلەرمۇ ئۇلارنى ئانچە ئۇزاق ساقلاتمىدى. قىزلار ئۆزلىرىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن يۇمشاق قەغەز بىلەن لېۋىنى سۈرتۈۋاتقاندا، ئۇلار بىردىن تاماكىنى توغرا چىشلىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ھەممە:

— قېنى تاماققا مەرھەمەت، — دېدى ئىككىسى تەڭلا.

تاماقتىن كېيىن مۇراتجان باھارنى چاقىرىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە شوپۇر يىگىت، بىر تەرىپىدە خەيرىنسا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئىسمىڭىز نىمە؟

— خەيرىنسا.

— ئۆيىڭىز نەدە؟

— باھار بىلەن بىر يەردىن. ئىككىمىزنىڭ ئۆيىمىزمۇ يېقىن. كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان.

سىرتتىكىلەر قايتىپ كىرىشتى. باھارنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھودۇقۇش ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ خەيرىنسانى شەرەتلەپ يەنە سىرتقا ماڭدى. ئەمدى سىرتقا چىقىش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەنگەن خەيرىنسا دوستىغا ئەگەشتى.

— نىمە گەپ؟ — سورىدى خەيرىنسا ئاشخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— مۇراتجان باشقا بىر گەپنى قىلىۋاتىدۇ، ئاداش.

— قانداق گەپنى؟

باھار خەيرىنسادىن ئەيمەنگەندەك يانغا قاراپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— «تاكسىغا ئولتۇرۇپ بىزنىڭكىگە بارايلى» دەيدۇ.

— نېمە؟ ئۇ يەرگە نېمىشقا بارىدىكەنمىز؟ بىزنى تاماقتىن كېيىنلا مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى بولغانىدىغۇ، — گاڭگىراپ قالغان خەيرىنسا باھارغا نۇرغۇن سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— ئۇ كېپىدىن يېنىۋالدى. «بىزنىڭ تەلىپىمىزنى رەت قىلساڭلار، يېگەن تاماقنىڭ پۇلىنى ئۆزۈڭلار تۆلەيسىلەر» دەيدۇ.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

باھار بېشىنى چۆشىنىكسىز ئىرغاڭشىتىپ قويدى.

— سەن ھېلى ئۇنى تونۇغىنىم دېمىگەنمىتىڭ؟

— راست گەپنى دېگەندە بىز تونۇغان ئەمەس.

— مەن بارمايمەن باھار، تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلە دېسە ئاشپەزلەرگە بىرنەچچە كۈن قاچا - قومۇچ يۇيۇشۇپ بەرسەم بېرىمەنكى، يات ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ھەرگىز ماڭمايمەن.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، ئۇلار يۈز كويدىن پۇل بېرىدىغان بولدى.

— يۈز كويدىن؟ نېمىشقا بېرىدىكەن؟

— شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ؟ قىزلارغا يىگىتلەر يۈز كوينى نېمىشقا بېرەتتى؟ . . . ناھايىتى بىردەم كاشىلا بولىمىز شۇ.

— ياق، — خەيرىنسانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — مەن ئۆلسەممۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاداش. بىز ھازىر ناھايىتى قىيىن شارائىتتا تۇرۇۋاتىمىز. بولۇپمۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭ چاتاق. مەكتەپكە تۆلەيدىغان پۇلنى تېخى ھەل قىلالمىدىڭ. ماڭمىساڭ ئەللىك كوي بەرمىسەڭ بولمايدۇ. مەن سەندە پۇل يوقلۇقىنى بىلىپ ئاشۇ قەرزنى سۈيلىمىدىم. ئەتىدىن داداڭغا بىر كۈن

ساقلىغان بولسائمۇ داداڭ كەلمىدى. ئېنىقكى، داداڭ پۇل تاپالمىغان گەپ. مۇشۇنداق چاغدا بىزمۇ ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئازراق پۇل تاپساق نېمە ئىشقا بولمىغۇدەك؟ ھازىر بىزگە يۈز كوي دېگەن ئاز پۇلمۇ؟ سېنىڭمۇ يۈز كويىنى ئېلىپ مېنىڭ ئەللىك كويۇمنى بەرسەڭ قالغىنىنى ئۆزۈڭ خەجلەپ، ئۆيۈڭدىكىلەرگە جاپانى ئازراق سالسەن ئەمەسمۇ.

خەيرىنىسا ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى، باھار ئۇنى ناھايىتى يامان يەردە قىستىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا يانالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئەمدى بىلدى.

— ماڭ ئاداش، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى، — باھار ئۇنى يەنە ئالدىراتتى.

— مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ئاداش.

— قورقما، ئۇنچىۋالا قورقۇش كەتمەيدۇ.

— سەن بۇرۇنمۇ قىلىپ باققانمۇ؟

— ئەمدى . . . يوقسۇزلۇق دېگەن يامانكەن، ئاداش، پۇل بولمىسا ياشىغىلى بولمىغاندىكىن، ئامالسىزلىقتىن. . .

خەيرىنىسانىڭ تېنىگە غايىبانە تىترەك ئولاشتى. يۈرىكى قورقۇنچ ئارىلاشقان بىر خىل ھاياجان ئىچىدە دۈپۈرلەپ كەتتى.

— كەچلىك مۇزاكىرىگە ئۈلگۈرەلمىسەك قانداق قىلغۇلۇق؟

— چوقۇم ئۈلگۈرىمىز. ئۇلار تاكسىدا مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى.

## ئون ئىككىنچى باب

قىزغۇچ قۇياش يىراق تاغنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋاتاتتى. «شالى» ماركىلىق قىزىل ماشىنا بازار ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بازاردىن يانغان ئېشەك ھارۋىلىرىنى، ماشىنا، تراكتورلارنى

تەلۋىلىك بىلەن يانداپ ئىلگىرىلەيتتى. شوپۇرغا يانمۇ يان ئولتۇرغان مۇراتجان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ باھارنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. باھارمۇ خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە باش لىڭشىتىپ رازىلىق بىلدۈرمەكتە ئىدى. خەيرىنسانى ھېلىدىن ـ ھېلىغا قورقۇنچ باساتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىش ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى ئويلىسا، ئۆزىنى كاچاتلىغۇسى، كۆزىنى يۇمۇپلا ماشىنىدىن سەكرىگۈسى كېلەتتى. ئەمما، سەكرەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەيرىنسا ئائىلىسىنى ئويلىدى. ئۆزى ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىسىنى يادىغا ئالدى. ئانىسىنىڭ بىر قېتىمقى نەسىھەتلىرىنى خىيالىغا كەلتۈردى. يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىشتىن سەل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. نۇرنىساخان ئاچا خەيرىنسانى ئەگەشتۈرۈپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئۆزىگە قاراشلىق يەرگە ئۆرۈك تېرىش ئۈچۈن باردى. ئېگىز قاشانىڭ ئۇستىدىكى ئۈچ تۈپ ئۆرۈك راسا پىشىپ كەتكەنىدى. ئۆرۈك تۈۋىدىكى قاشالىرىغا قىياق باغلاپ كەتكەن ئېرىقتا سۇزۇك سۇ شىلدىرلاپ ئاقاتتى. ئېڭىزلىقتا تىكىلگەن قوناق بىر غېرىچتەك ئۆسكەن بولۇپ، ئۆرۈك تۈۋىدىكى مايسا ھەم ئالا، ھەم سېرىق ئىدى. ۋاقتىدا تېرىلمىگەن ئۆرۈكلەرنىڭ بەزىسى قورۇلغان، بەزىسى چۈشكەن يېرىدىلا ئېزىلگەن، يەنە ئېلىپلا ئاغزىغا سالغۇدەك ئۆرۈكلەرمۇ ئۇچرايتتى.

كېلىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن خەيرىنسا مۇرىسىدىن ساڭگىلاپ ئالدىغا چۈشۈۋالغان توم ئىككى ئۆرۈم چېچىنى زەرب بىلەن سىلكىپ ئارقىسىغا ئاتاتتى. بىردەمدىلا خەيرىنسانىڭ پېشانىسىدىن تەر چىپىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. تەر ئۇنىڭ چىرايىنى پارقىرىتىۋەتكەنىدى. خەيرىنسا چىرايلىق پىشقان ئۆرۈكلەردىن بىرنەچچىنى يۇدى ـ دە، ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۈرۈك يەڭ، ئانا.

— ئۈزىڭىز يەۋېرىڭ، بالام، مېنىڭ قولۇم... نۇرنىساخان ئاچا ئۈرۈكنىڭ شىرىنىسىدە كەپشەرلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى قىزىغا كۆرسەتتى.

— ئاغزىڭىزغا سېلىپ قوياي ئەمىسە، — خەيرىنىسا سارغىيىپ پىشقان بىر دانە ئۈرۈكنى ئانىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى.

ئانا خېلى ئۇزاققىچە ئۈندىمىدى. ھەرقاچان قىممەتلىك ۋە يېقىملىق گەپلىرى ئۆكسۈمەيدىغان باغرى يۇمشاق ئانىنىڭ بۈگۈنكى جىمغۇرلۇقى خەيرىنىساغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى. ئەمما، ئانا شۇ تاپتا گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتاتتى. بىر چاغدا خەيرىنىسانىڭ ئىككى قەدەم نېرىسىدا ئۈرۈك تېرىۋاتقان ئانا كۆڭلىكىدىكىنى ئۇدۇللا ئېيتىۋەتتى.

— شەھەردە نى - نى ئەسكى ئادەملەر بار، بالام، بەزى ئىشلاردا بەك دىققەت قىلىڭ.

— سىز نېمە دېمەكچى، ئانا؟

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدە ھېچقاچان بايقالمىغان بىر خىل ئىپادە: ھېسداشلىققىمۇ، ئەيىبلەشكىمۇ، گۇمانغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن ھە دېگەندە قايسىسىغا تەۋەلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتىپ قالدى. خەيرىنىسا ھودۇقۇپ كەتتى.

— سىز بۇ يىل ئۇن بەش ياشقا كىرىپ قالدىڭىز، بالام، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى قوللىرى ئىشتىن توختىمىغان ئانا، — يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ بەزى ئىشلارنى ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي دېدىم.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا. مەن سىزنىڭ كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقىمەن.

ئانا ئارتۇقچە گەپ كوچىلىمىدى. ئەمما، بىرەر ئىشنى

دېمەكچى بولۇپ توختىتۋالغاندەكلا قىلاتتى. خەيرىنىسا خېلى ئۆزاقىچە ئانىسىنىڭ ئاشۇ گېپىنى ئويلاپ يۈردى. «ئانام زادى نېمە مەقسەتتە ھېلىقى گەپنى دېگەندۇ؟ بىرەرسى يالغاندىن گەپ چاققانمىدۇ يا. ياكى توختىروزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى سېزىپ قالغانمىدۇ؟ توختىروزى بىلەن بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغىنىمىز راست. لېكىن، يەرگە قاراپ قالغۇدەك بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالمىغىنىمىز ئۆزىمىزگە ئايان...»

ماشىنىنىڭ چىپپىدە توختىشى بىلەن تەڭ خەيرىنىسانىڭ خىيالىمۇ ئۈزۈلدى.

ــ كەلدۇق، ــ شوپۇر مۇراتجانغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشتى.

مۇراتجان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ يېشىل سىرلىق دەرۋازىسىنى ئاچتى. خەيرىنىسا باھارنىڭ پېشىدىن تارتىپ «ئۆيگە كىرمەيلى» دېمەكچىمۇ بولغانىدى. بىراق، باھار ماشىنىدىن چۈشۈپلا شىپىرلاپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

ــ قېنى، مەرھەمەت، ــ شوپۇر خەيرىنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ــ چاپسان ماڭ، ــ ھويلىغا كىرىپ بولغان باھارمۇ ئارقىسىغا قاراپ خەيرىنىسانى شەرەتلىدى. تارغىنا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياپراقلىرى سولاشقان ئالما دەرىخى تۇراتتى. ئالىلىقاچان قۇرۇپ كەتكەن كاۋىنىڭ پىلەكلىرى ساڭگىلاشقان، يەر يۈزىنى كاۋىنىڭ غازاڭلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. ئۆي ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم ئېتىلگەن. تاشقىرىقى ئۆيگە ئىككى دانە سىرلانمىغان كارىۋات قويۇلغانىدى. بىر كارىۋاتقا كىرلاشقان ئورۇن ـ كۆرپىلەر قالايمىقان دۆۋىلەنگەن، يەنە بىر كارىۋاتقا گىلەم سېلىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن گۇپۇلدەپ ئۇرۇلغان بەتبۇي پۇراق كۆڭۈلنى

ئايلاندۇراتتى. خەيرىنسا گىلەم سېلىنغان كارىۋاتتا باھارغا يېقىن سىغدىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. مۇراتجان ئورۇن- كۆرپىلەرنىڭ يېرىمىنى بوش كارىۋاتقا ئەكېلىپ گۆپپىدە تاشلىدى - دە، باھارنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

— ئەمىسە ئاۋۋال پۇلنى بېرىڭلار، — دېدى باھار مۇراتجاننىڭ چىرايىغا ئەيمىنىش بىلەن تىكىلىپ.

— قايسى پۇلنى؟

— يۈز كويدىن بېرىدىغان بولغانغۇ.

— بۇگۈن يېنىمىزدا پۇل يوقكەن، كېيىنكى قېتىمدا بېرەيلى.

— ياق، بىز بۇ يەرگە پۇلنى دەپ كەلگەن، پۇل بېرەلمىسەڭلار بىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇڭلار.

— قىزچاق، — دېدى مۇراتجان باھارنىڭ بويىنىنى قايرىپ، — ياخشىلىقچە ماقۇل دېمىسىڭىز مېنىڭ سىزگە كۈچۈم يېتىدۇ.

بۇ چاغدا شوپۇر كۆزلىرىنى ئاچ بۆرىدەك پارقىرىتىپ خەيرىنسانىڭ ئالدىغا كەلدى. خەيرىنسا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. شوپۇر خۇددى كەپتەر ئالغان بۈركۈتتەك قاماللاپ خەيرىنسانى كارىۋاتقا ئەكېلىپ يانقۇزدى. خەيرىنسا شوپۇرنىڭ قوللىرىدىن يۇلقۇناتتى، تىۋلايتتى، يالۋۇراتتى. ئەمما، شوپۇر ئۇنىڭ نالە - زارىغا قۇلاق سالماي ئېغىر گەۋدىسى بىلەن خەيرىنسانى بېسىۋالدى. خەيرىنسا نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ قالدى. شوپۇرنىڭ قاتتىق قوللىرى خەيرىنسانىڭ بەدەنلىرىنى توختىماي سىلايتتى. خەيرىنسا شوپۇرنىڭ قولىنى جان - جەھلى بىلەن قاتتىق چىشلىدى. شوپۇر ۋايجانلىغىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. خەيرىنسامۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىشىككە ئېتىلدى. ئەمما، ئىشىك ئاللىقاچان تاقىلىپ بولغانىدى. بۇ چاغدا باھارمۇ ئۆز تېنىگە ئىگىدارچىلىق

قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. شوپۇر خەيرىنساغا يەنە ئىتىلدى. خەيرىنسا ئۆي ئىچىدە ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا قاچاتتى. تەلۋىلىك بىلەن يىپىشقان شوپۇرنىڭ يۈزىگە خۇددى ياۋا مۇشۇكتەك چاڭ سالاتتى. چىشلەيتتى، تېپەتتى. . . ئاخىر شوپۇر ئۇنى بۇلۇڭغا قىستاپ كېلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە، بېلىدىن قۇچاقلاپ ئەكېلىپ كارىۋاتقا تاشلىدى. شوپۇرنىڭ ھەرىكىتىدىن بىر خىل ياۋۇزلۇق، رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ خەيرىنسانى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى سالغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا خەيرىنسا شوپۇرنىڭ ئالدىغا چەنلەپ بىرنى تېپىۋىدى، ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. شوپۇرنىڭ چىرايى ساماندەك تاتىرىپ، پېشانىسىدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ بوزىسىغا ئېسىلىپ مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خەيرىنساغا قايتا ئېتىلدى. ئەمدى ئۇ خەيرىنسانى تۇتۇشقا ئىنتىلمەي ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە مۇشت ئېتىشقا باشلىدى. نازۇك تەن بىرنەچچە مۇشت يېگەندىن كېيىن سەنتۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى پىرقىراپ كېتىۋاتاتتى. شوپۇر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خەيرىنسانىڭ چېچىدىن ئالدى ـ دە، تامغا ئىككىنى ئۇستۇردى. خەيرىنسا ئەمدى قاياققا سۆرىسە ماڭىدىغان، تاشلاپ قويسا ئۆلۈكتەك جىم ياتىدىغان ھالغا كەلگەنىدى. شوپۇر ئۇنى كارىۋاتقا ئەكېلىپ پوككىدە تاشلىدى.

* * *

— خەيرىنسا، خەيرىنسا كۆزۈڭنى ئاچقىنا.

خەيرىنسا ئىسسىق بىر قولنىڭ يېنىك مىدىرلىتىشىدىن ھوشىغا كەلدى. پۈتۈن بەدىنى خۇددى چېقىۋېتىلگەندەك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بولۇپمۇ بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىداشلىق بېرىش

قىيىن ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئاچتى. ئۇنىڭ بېشىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، قاپاقلىرى ئىششىغان باھار قاراپ ئولتۇراتتى.

— بۇ قەيەر؟ — دېدى خەيرىنسا ناتونۇش ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرىغا قاراپ، — بىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز؟

— بۇ...

باھار خەيرىنسانىڭ جاۋابىغا كۆز يېشى ئارقىلىق جاۋاب بەردى. خەيرىنسا دەرھال بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۆزىنى كاچاتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى. باھار خەيرىنسانىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق تىركەشتى. خەيرىنسانىڭ ھالىتى خۇددى ئەقلىدىن ئازغان سەۋدايىنىڭكىدەك قوپال ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئاخىر ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن خەيرىنسا باھارغا يۆلىنىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. باھارمۇ خەيرىنسانىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ يىغلايتتى. مۇشتەك ئىششىپ چىققان پېشانىسىگە، كۆكىرىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىگە سۆيەتتى.

— ھەممە گۇناھ مەندە، ھەممىنى قىلغان مەن، مەن سىنى نابۇت قىلدىم. ئەمدى بۇ يەردىن چىقىپ كېتەيلى، ئاداش، — دېدى باھار يىغىدىن توختاپ.

— قانداق چىقىپ كېتىمىز؟

— ئۇ چىل بۆرىلەر سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. مۇشۇ پۇرسەتتە بىر ئامالنى قىلايلى، كىيىملىرىڭنى چاپسان كىيگىن.

— ۋاي، ۋايجان، — خەيرىنسا ئۆرە بولالماي ئىڭرايتتى.

— چىدىغىن ئاداش، بىردەم چىداشلىق بەرسەڭلار قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز.

باھار خەيرىنسانى يۆلەشتۈرۈپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، ئىشىك سىرتتىن تاقىۋېتىلگەنىدى. باھار خەيرىنسانى يەنە شۇ لەنتى كارىۋاتقا ئەكىلىپ ياتقۇزدى. بۇ

چاغدا يولدىن بىر ماشىنىنىڭ گۈرۈلدەپ ئۆتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھاۋادانىڭ شادىسى يوقكەن، — دېدى باھار، — ئەينەكنى چاقسا قلا يامىشىپ چىقىپ كېتىمىز.

— مەن ئۇ يەردىن چىقالمايمەن.

— ئەمىسە مەن سىرتقا چىقىپ قۇلۇپنى چاقاي.

خەيرىنىسا «ماقۇل» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

باھار كارىۋات ئۈستىگە چىقىپ ھاۋادانىڭ ئەينىكىنى جاراڭلىتىپ چېقىپ تاشلىدى. ئاندىن ھاۋادانغا ياماشتى - دە، بېلىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى سىرتقا چىقىرىپ بولغاندا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە ئىلىنەلمىگەن پۇتلىرى پۇلاڭشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن خەيرىنىسا چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ باھارنىڭ پۇتىنى يۆلىدى. باھار مىڭ تەسلىكتە تېزىنى ھاۋادانىڭ گىرۋىكىگە تىرىۋالدى ۋە بىر سىلكىنىپلا ئۆينىڭ ئارقىسىغا باشچىلاپ چۈشۈپ كەتتى. قۇرۇق شاخ - شۇمبىلارنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى بىلەن تەڭ باھار ئىچىنىشلىق ئىڭراپ تاشلىدى.

خەيرىنىسا قۇلۇپنىڭ چېقىلىشىنى كۈتۈپ خېلى ئۇزاق ياتتى. ئەمما قۇلۇپ چېقىلمىدى. بىر چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ ھويلىدا ئەرلەرنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭلىرى پەيدا بولدى. خەيرىنىسا قورققىنىدىن بۇلۇڭغا تۈگۈلۈپلا قالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆي ئىچى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، تېخىمۇ دەھشەتلىك تۇس ئالدى. مۇراتجان بىلەن شوپۇر ئۆشنىسىگە خالتا ئېسىۋالغان، ئارغامچىنىڭ قېتىدەك ئېشىلىپ كەتكەن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن، ئالا - بۇلىماچ يەكتەك كىيگەن ئىككى تىلەمچىنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى. يۈزىدە چېچەك ئىزى بار، ئېگىز بويلۇق، قولىدا مۈڭگۈز ساپلىق ساپايى بار

www.uyghurkitap.com

تىلەمچىنى خەيرىنىسا تېخى تۈنۈگۈن بورا بازىرىدا كۆرگەنىدى، تۈنۈگۈن ھەممە ئادەمگە بىر ـ بىرلەپ قول ئۇزىتىپ بۆرگەن تىلەمچى ئۇدۇل قاراپ كەلگەندە قورققىنىدىن يۈرىكى پولاقشىپ كەتكەن خەيرىنىسا يانغا قاراپ تېز ـ تېز مېڭىپ كەتكەنىدى. ئەجەبا ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى قورقۇشى بۈگۈنكى مۇشۇ پاجىئەنىڭ بېشارىتىمىدۇ؟!

— ۋاھ، ئەجەب چىرايلىق تۇمۇچۇقكەنغۇ، — دېدى قەلەندەر خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئولتۇرغان خەيرىنسانىڭ زاڭقىنى يۆلەپ.

— بىز دېگەن مانا مۇشۇنداقلىرىنى تاپىمىز، — دېدى شوپۇر ماختانغان ھالدا مەيدىسىنى كېرىپ.

— يەنە بىرسى قېنى؟ — ئېگىز بويلۇق تىلەمچى يەنە بىر كارىۋاتقا يۈزلىنىپ سورىدى.

— ماۋۇ كارىۋاتتا بار ئىدىغۇ، — مۇرات يوتقاننى تەتۈر ئۆرۈۋەتتى.

تىلەمچىلەر ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار كارىۋاتنىڭ ئاستىغا، قازناق ئۆيگە قاراشماقتا ئىدى.

— يوق، نەگە كەتكەندۇ؟

— ئۇ قېچىپتۇ.

كىمدۇر بىرى چېقىلغان ھاۋادانغا قاراپ توۋلىدى.

— ياپىر، مۇشۇنچە ئېگىز يەردىن قانداق چىقالىغاندۇ؟

— ماشىنا سىرتتا چىقىپ قاراپ باق، — دېدى شوپۇر مۇراتقا، — بەلكىم يىراققا كېتەلمىگەندۇ.

— قويە! — ئېگىز بويلۇق قەلەندەر مۇراتقا قول شىلتىدى، — سىرتتا چىقىۋالغان ئادەم سېنى ساقلاپ تۇرامتى؟ بىرسى قاچسىمۇ يەنە بىرسى بار ئىكەنغۇ مانا.

— ئاۋۋال قورساقنى توقلايلى، — چىرايى قاپقارا كەلگەن قەلەندەر ئۆشنىسىدىكى خورجۇننى مۇراتقا ئۇزاتتى.

مۇرات بىلەن شوپۇر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيپەتەك بولۇشۇپ، بوش كارىۋاتتىكى ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى خەيرىنىسا ئولتۇرغان كارىۋاتقا تاشلاپ، بوش كارىۋاتقا داستىخان راسلىدى. داستىخانغا كاۋاپ، تۇخۇم، گۆشگىردە قاتارلىق يېمەكلىكلەر تىزىلغانىدى.

— قىزچاق، ناشتا قىلىۋالامسىز؟ — قازاناقتىن قىزىل چايدان كۆتۈرۈپ چىققان مۇرات ھەييارلىق بىـــلەن سوراپ قويدى.

خەيرىنىسا كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئىككى قەلەندەر ئۇشۇقىغا چۈشۈپ تۈرىدىغان يىرتىق يەكتەكلىرىنى، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنـــى، مۇرىسىدە گىلدىڭشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى تاشلاپ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىــدى. بازار ـ رەستىـــــلەردە، ماگىزىن ـ ئاشپۇزۇللاردا ياشانغان ئادەم سىياقىغا كىرىۋېلىپ تىلەپ يۈرگەن بۇ قەلەندەر ئەسلىي ياش نېمىلەر ئىدى.

ئۇلار راسا ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى. داستىخانـــنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىگىز بويلۇق قەلەندەر مۇرات بىلەن شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى.

— ئەمدى سىلەر ئىككىڭلار ھۇنەرگە مېڭىڭلار، بىز بىردەم پەيزى قىلايلى.

— ماقۇل.

ئۇلار خۇددى بۇيرۇق ئاڭلىغان ئەسكەردەك تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ھېلىقىلار سېلىپ تاشلىغان يەكتەك، تەلپەك، ساقال ـ بۇرۇتلارنى كىيىپ كىشىلەر گۇمان قىلمىــغۇدەك ياسانغاندىن كېيىن خالتا ـ خۇرجۇنلارنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئىگىز بويلۇق قەلەندەر قىرىق ياش ئەتراپىدىكى تەمبەل، يۈزىنى تۇكۇچ ئورىغاندەك قويۇق چېچەك ئىزى قاپلىغان ئادەم

ئىدى، يەنە بىر نىمۇ ياش جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. چىرايى قارا، كۆزلىرى كىچىك ئىدى. ئىگىز بويلۇق قەلەندەر خەيرىنسانىڭ ئالدىغا كېلىپ كىيىملىرىنى سالغىلى تۇردى.

شۇ چاغدا دەرۋازا قېقىلدى. قازناقتىكى قارا يۈز قەلەندەر يۈگۈرۈپ چىقتى.

— كىمدۇ ئۇ؟

— قاراپ باققىنا.

قارا يۈزلۈك قەلەندەر ئاستا مارىلاپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئىگىز بويلۇق تىلەمچىمۇ جىم بولۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتاتتى. كەلگەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت قارا چىراي تىلەمچىنىڭ قوپال گۆركىرىگىنىلا ئاڭلىناتتى.

— يوق دېدىمغۇ، بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم. مېنىڭ ئۆيۈمدە باشقا ئادەم نېمە ئىش قىلاتتى؟

— ئەمىسە قاراپ باقاي، — كەلگۈچىنىڭ پەسرەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نېمىگە قاراپ باقاتتىڭ؟ مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇشقا ھەققىڭ يوق. ئىگىز بويلۇق قەلەندەر ئالمان — تالمان كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا يۈگۈردى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىشىغا سىرتتىكى ئاۋازنى خەيرىنسا ئېنىق ئاڭلىدى.

— مۇشۇ يەردە بار، مەن بىلىمەن.

بۇ باھارنىڭ ئاۋازى ئىدى. باھار ئادەم باشلاپ كەلگەندەك قىلاتتى. خەيرىنسا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئېسىگە كېلىپ كارىۋاتتىن چۈشتى. ھويلىدا ئۇلار بىرسىنى پاق — پۇق ئۇرۇۋاتاتتى. تاياق يېگۈچى ۋايساشقا باشلىدى.

— ۋايجان، ۋاي، جېنىم ئاكا، مېنى ئۇرماڭ. . .

خەيرىنسانىڭ يۈرىكى ئېتىلىپ كەتكەندەك چىم قىلىپ قالدى. قاتتىق تاياق ئاستىدا تىلەمچىلەرگە يىلىنىۋاتقىنى توختىروزى ئىدى. خەيرىنسانى جىنىدىن ئەتىۋا كۆرىدىغان، بىرەر قېتىممۇ ھاياسىز چاقچاق قىلىپ باقمىغان بۇ ساپ نىيەت يىگىت ئەمدى خەيرىنسا تارتىپ تۈگىتەلمىگەن دەرد ـ ئەلەمنىڭ داۋامىنى تارتىۋاتاتتى. خەيرىنسا غايىۋى بىر كوچىنىڭ تۆرتكىسىدە ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئېگىز بويلۇق قەلەندەر توختىروزىنى ھويلىدا دومىلىتىپ يۈرۈپ دەسسەۋاتاتتى. قارا چىراي قەلەندەر باھارنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆي ئىچىگە سۆرىمەكتە ئىدى. بىر قولىدا ھويلىدىكى ئالما كۆچىتىنى چىڭ تۇتۇۋالغان باھار خەيرىنساغا قاراپ توۋلىدى.

ــ خەيرىنسا، قاچ! چاپسان قېچىپ كەت، ئاداش!...

ــ خەيرىنسا، ــ ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتقان توختىروزى خەيرىنسانى كۆرۈپلا قار ـ يامغۇردەك تىد ـ تىلاپ كەتتى، ــ مەن سىنى ئادەممىكىن دەپتىمەن...

خەيرىنسا ھېچ نەرسىگە قارىماي ئۇچۇق قالغان دەرۋازىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇ يۈگۈرەيتتى، قاياققا ماڭغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى بىلمەي يۈگۈرەيتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويماي قېچىۋەردى. كوچا بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخ، ئۆي ـ ئىمارەت، يولۇققان ئادەملەر... ھەممىسى ئۇنىڭغا يىرگىنىشلىك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ئاغزى قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ناتونۇش يول ئۇنى يۈرۈككاش دەرياسىنىڭ ساھىلىغا ئېلىپ باردى. دەريانىڭ قىرغىقىغا يىغىلىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ قۇياش نۇرىدا ۋىل ـ ۋىل جىلۋىلىنەتتى. خەيرىنسا ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. شۇنداقتىمۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ يۈگۈرەيتتى. يۈگۈرگەنسېرى بىرەرسى پېشىگە ئېسىلىۋالغاندەك

بەدىنى ئېغىرلىشىپ قەدەم باسقۇچىلىك ماجالى قالمىدى. ئۇ ھېچ نەرسىنى ئويلىمايتتى. نېمە قىلىشىنى، نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. ئاخىر ئۇ دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقتى. بەش ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى دامبونىڭ ئالدىدا خېلى چوڭقۇر سۇ يىغىلىپ ئاقاتتى. خەيرىنسا ئىككىلىنىپ تۇرمايلا دەرياغا موللاق ئاتتى. شالاقشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دەريا ساھىلىغا چېچىلغان سۇ كۆپۈكچىلىرى قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ قالدى.

[General Information]
书名=木板桥　维吾尔文
SS号=40300820